www.kitaphumar.com

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

## (10)

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2014 ـيىلى 11 ـئاي

مەنبە: شىنجاڭ يازغۇچىلار مۇنبىرى، باغداش مۇنبىرى، مىسرانىم مۇنبىرى قاتارلىقلار

www.kitaphumar.com

# مۇندەرىجە

1. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىزم..............................
..........................................نۇرمۇھەممەت توختى كۆسەنتېكىن 3
2. پورباژىن قەلئەسى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ئەھمىيىتى ............ئابلەت كامالوۋ 18
3. ياڭ زېڭشىننىڭ «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش» سىياستى توغرىسىدا.........
.....................................................نۇربىيە ئوسمان 25
4. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلانغان قەدىمكى فامىلە ۋە ئەن ـ تامغىلار.......
..............................................ئارسلان ئابدۇللا 37
5. شىنجاڭدىكى ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن
بولغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرى .........................ئەخمەتجان ھەسەن 51
6. خوتەن قوزغىلىڭى ھەققىدە ئەسلىمە ..............مۇھەممەد ياقۇپ بۇغرا 62
7. تۇندىكى پاجىئە .............................مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 82
8. كورېيەنىڭ شىنجاڭغا ئائىت تەتقىقاتلىرى............نەنشاڭ گېڭ (كورىيە) 93
9. تۈركلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدىنىيەتلىرىنىڭ پاكىستان مەدىنىيىتىگە كۆرسە ـ
تكەن تەسىرى.............................. سېماناقۇى(پاكىستان) 109
10. ئالتە شەھەرگە سەپەر.................... نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوف 119
11. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇنىڭغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە
..............................................قۇربان تۇران 127
12. مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئېچىنىشلىق پاجىئە ـ كىتاب كۆيدۈرۈش...........
..................................ئىمىن تاجى تۈرگۈن، تۇتىگۈل تۇرسۇن 144
13. ھۇن يېزىقى توغرىسىدىكى يېڭى يىپ ئۇچى ......مالىچېك، سوك يۆەنزۇ 161
14. پامىردىكى گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ ......................رەھمانقۇل 174
15. 1934 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەردىن ئەسلىمە..................
..........................................مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 203

# قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىزم

نۇرمۇھەممەت توختى كۆنەستېكىن

مۇھىم مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، بۇددىزمنىڭ قەدىمكى قوچۇ رايونىغا تارقىلىشى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بايان قىلىندۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى؛ بۇددىزم

## 1. بۇددىزمنىڭ قەدىمكى قوچۇ رايونىغا تارقىلىشى

«قوچۇ» (高昌) دېگەن نام غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇ دەۋردە ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدا ياشايدىغان كىشىلەر ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان، سىڭگىم ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاستانە بىلەن قاراغوجا ئارىلىقىغا جايلاشقان قەدىمكى شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى «قوچۇ» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى، بۇ جايدا ئىلگىرى «قوچۇ» دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز قەلئە بار ئىدى. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە قوچۇ ««火州، 哈喇霍州»» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە: «قوچۇ ـ ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. بەزىدە ئۇ يەرلەردىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شۇنام بىلەن ئاتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. قوچۇ ــ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ «ئىدىقۇت» تۇرىدىغان جاي دېمەكتۇر. گېرمانىيەلىك مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس گابائىن خانىم: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى‹ئىدىقۇت›دېگەن ئىككىنچى نامىنىمۇ قوللانغان. بۇ سۆز‹-idug gut›دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، ‹بەخت› دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي ‹ئىدىقۇت›دېگەن نامنىڭ باسمىل قەبىلىسىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان» دەپ يازىدۇ. ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن «تارىخنامە» ۋە «خەننامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىرلەردىلا، تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان قۇسلار قۇس خانلىقىنى قۇرغان. كېيىن تۇرپان ئويمانلىقىغا ھۇنلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كېيىن قۇس خانلىقى ئالدى قۇس ۋە ئارقا قۇستىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان بولۇپ، ئالدى قۇس

تۇرپان ئويمانلىقىغا، ئارقا قۇس تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق ئەتراپلىرىغا جايلاشقان. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «قوچۇ خانلىقى خەن دەۋرىدىكى ئالدى قۇس خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جاي ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت دورغاچى ۋە ۋۇجى چېرىكچى بەگلىرى مۇشۇ جايدا تۇرغان. جىن سۇلالىسى بۇ جايدا قوچۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلغان. جاڭ گۈي، لۈي گۇاڭ، جۈرچى مەنسۇن قاتارلىقلار خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋالغان مەزگىلدە، ھەممىسلا بۇ جايغا ۋالىي تەسىس قىلىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. 444- يىلى قۇملۇق (گوبى)نىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ـ جۈرجانلارنىڭ تەسىر كۈچى غەربكە سۈرۈلۈپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنوبى ۋە شىمالىغا يېتىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن كەن بوجۇ (阚伯周) قوچۇغا پادىشاھ بولغان،‹قوچۇ خانى›دەپ ئاتاش ئەنە شۇ چاغدىن باشلانغان. كېيىن قوچۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئۈچ قېتىم ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمما كۈ (جيا) جەمەتى (麴氏) قوچۇدا 140 يىل (500 ~ 640) ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ جەرياندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن تاكى سۈي-تاڭ سۇلالىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، قوچۇ ئۇلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. 640- يىلى كۈ جەمەتىنىڭ ھاكىمىيىتى غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ تاڭ ئوردىسىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، تاڭ تەيزۇڭ چوڭ سانغۇن خۇ جۈنجىنى قوچۇغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، كۈ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ،‹غەربىي ئايماق تۇتۇق مەھكىمىسى› (西州都督府) نى تەسىس قىلغان. ئۇنىڭ قارمىقىدا بەش ناھىيە ــ ئالدى قۇس، يارغۇل، پىچان، توقسۇن، لۈكچۈن ناھىيەلىرى تەسىس قىلىنغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.

قەدىمكى قوچۇ رايونىنى مەركەز قىلغان شەرقىي شىنجاڭ رايونى ـ بۇددىزم مەدەنىيىتى كەڭ ئومۇملاشقان ۋە تەسىرى ئۇزاق ساقلانغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بۇددىزم مەدەنىيىتى باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن بىللە گۈللەنگەن ۋە ئۆزئارا تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. قوچۇنى مەركەز قىلغان شەرقىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئېتنولوگىيەلىك تەرەققىياتىنى پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ، قۇش (گۇشى)- خۇجيە قەبىلىلىرىنىڭ ساك، چاڭ، توخرى، ھۇن قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، قەدىمكى تۇرپان- قۇمۇل ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىشى؛ ئىككىنچى باسقۇچ، بۇ قەبىلىلەرنىڭ تېلى ــ توققۇز ئوغۇز، جۇملىدىن قارلۇق، ياغما قەبىلىلىرى، قىسمەن سوغدى (كاڭ) قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرىدە كۆك تۈرك ھاكىمىيىتىنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى غۇلىتىشقا يېتەرلىك ئۇيغۇر توققۇز ئوغۇز خەلقلىرى بولۇپ شەكىللىنىشى؛ ئۈچىنچى باسقۇچ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئادىز، قارلۇق قاتارلىق ئۇيغۇر-ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بۇ رايونغا كۆپلەپ يۆتكىلىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ قوچۇ (ئىدىقۇت)، كۈسەن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى

قۇرۇپ، ئىلگىرى كۆچۈپ كەلگەن توققۇز ئوغۇز ۋە باشقا خەلقلەر بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇل سېلىشى.

بۇددىزمنىڭ قوچۇ رايونىغا قاچان تارقىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا ھازىرغىچە بىز بىلىدىغان ئەڭ بالدۇرقى تارىخىي مەنبە ــ «ئۈچ ئاغلىق نوم خاتىرىلىرى» بولۇپ، ئۇنىڭ 8 ـ جىلدىدا، ئالدىنقى چىن سۇلالىسى جەنيۈەنىنىڭ 18 ـ يىلى (مىلادىيە 382 ـ يىلى) ئالدى قۇس بەگلىكى خانى مىدى (弥弟) ئالدىنقى چىن سۇلالىسى پادىشاھى فۇجيەن (苻坚) بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى «مەھاپىرە جنا پارامىتا سۇترە» (大般若经، Maha prajnapar mita sutra) نى سوۋغا قىلغانلىقى، كومرا باھادىر (Kumra bahadra، 鸠摩罗跋提注) نىڭ بۇددىزم ئىلمى بويىچە دۆلەت ئۇستازى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن (ئىزاھ ئېلىنسۇن). ياپونىيەلىك خاتانى لياۋدىي ئەپەندىمۇ مۇشۇ خاتىرىگە ئاساسەن، «ئەينى دەۋردە ئالدى قۇستا ماھايانا مەزھىپى تارقالغان»دەپ خۇلاسە چىقارغان. لېكىن، بۇددىزم قوچۇ رايونىغا مىلادىيە 382 ـ يىلدىن بۇرۇن تارقالغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى ئاساس شۇكى، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تۇيۇقتىكى تاشكېمىرلەرنى كاربون 14 (C14) ئانالىزى ئارقىلىق ئۆلچەپ، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتتى. 20 ـ نومۇرلۇق تاشكېمىر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبە ئانالىزىدا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 240 ـ يىلى (240ـ80+120) قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، سەل بالدۇر بولۇپ قالغان. ئەگەر مىلادىيە 240 ـ يىلغا يەنە 120 يىللىق پەرقنى قوشساق، مىلادىيە 360 ـ يىلى بولۇپ چىقىدۇ. لىۋ خۇڭلياڭ مۇشۇ تەجرىبىگە ئاساسەن، بۇددىزمنىڭ قوچۇ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى «مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ، تاشكېمىرلەرنىڭ قېزىلىشى بەلكىم ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك بولۇشى مۇمكىن» دەپ ھۆكۈم چىقارغان. «ئۈچ ئاغلىق نوم خاتىرىلىرى» 2 ـ جىلدىدا: «شىمالىي لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇجۇي جىڭسىڭ (沮渠京声)‹قوچۇدا مايترىنىڭ تۇغۇلمىقى نومى› (观弥勤菩萨下生经) بىلەن «شەپقەتكار بۇدساتۋا» (观世音观经) نىڭ ھەرئىككىلىسىدىن بىر جىلددىن تەرجىمە قىلغانىدى» (ئىزاھ ئېلىنسۇن) دېيىلگەن. خاتانى لياۋدىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مەزگىلدە قوچۇدىن يېتىشىپ چىققان بۇددا ئۆلىمالىرىدىن فا شېڭ (法盛)، فا لاڭ (法朗)، شىڭ زۈن (僧遵)، فا شۈي، جى لىن قاتارلىق ئالىي راھىبلار ئۆتكەن. «مۆتىۋەر راھىبلار تەزكىرىسى» (高僧传)دە: ‹‹نوملار شەرھىيسى›(一切经音义) ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان خۇي لىن (释慧琳) قوچۇلۇق ئىدى» ((ئىزاھ ئېلىنسۇن)) دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئۈچ ئاغلىق نوملار خاتىرىسى»نىڭ 9 ـ جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن «ئەقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى سۇترا» (贤愚经)دا: «لياڭجۇ (خېشىدا)لۇق سىرامان تەنشۆ (昙学) ۋە ۋېي دې قاتارلىق سەككىز

راھىب ئۇدۇندا بۇددا دىنىنىڭ ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ يىغىلىشىغا قاتنىشىپ، ھەرقايسى مەزھەپتىكىلەرنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، مىلادىيە 445 ـ يىلى قوچۇغا كېلىپ ئۇدۇندا ئېرىشكەن ھاسىلاتلىرى ئاساسىدا‹ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى سۇترا›نى يېزىپ چىققان» (ئىزاھ ئېلىنسۇن) دېيىلگەن.

بۇ دەۋردىكى قوچۇ ھۆكۈمرانلىرى بۇددىزمنىڭ تەرەققىياتىغا زور ئىلھام بەرگەن. ھۇن نەسلىدىن بولغان جۇرجى ئەنجو (443 ~ 450) قوچۇغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بۇددىزم بىناكارلىقى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قوغان. ئۇ دەسلەپتە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان «قوچۇنىڭ جۇغراپىيەلىك نومى» (西州图经)دا «دىڭگۇكۇ» (丁谷窟) دەپ خاتىرىلەنگەن تۈيۇق تاشكېمىرلىرىنى بىنا قىلغان. قوچۇ قەسرىگە بىھارا سالدۇرۇپ، خاتىرە تېشى ئورناتقۇزغان ۋە «بۇددا ئېيتقان بۇدساتۋالىق سۇترىسى» (佛说菩萨经) نى كۆچۈرتكۈزگەن. ئىدىقۇت شەھرى خارابىسىدىن تېپىلغان «承平三年(公元445年)沮渠安周造寺功德碑» بىلەن تۈيۇقتىن تېپىلغان «岁在癸丑(公元449年)凉王大沮渠安周所供养经» نىڭ قول يازمىسى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ مەزگىلدە قوچۇلۇق ئالىي راھىب فا خۇي (法惠) كۇسەندە بۇددا ئىلمى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، قوچۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى كېڭەيتكەن.

قىسقىسى، كۇ (جيا) جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچۇ خانلىقى پادىشاھلىرى بۇددىزمنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇنى 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن قوچۇدىكى ھىنايانا ئالىي راھىبى خۇي سۇڭ (慧崇) نىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. گېرمانىيەلىك A. گرۇنۋېدېل 1902 ـ، 1903 ـ يىللىرى گېرمانىيە 1 ـ قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى باشلاپ كېلىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئىدىقۇت شەھرى ئەتراپىدىن سانسكرىت تىلىدىكى 11 قىسىملىق «ئارىلاش ئاگەمە سۇترا» (杂阿念经) سىنى تاپقان. بۇ، قوچۇدا ھىنايانا مەزھىپىنىڭمۇ تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇددىزم كۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچۇ خانلىقى دەۋر سۈرگەن 140 يىلدا ئىزچىل تۈردە قوچۇ خان جەمەتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن. 1911 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان «كۇبىنىنىڭ ساڭرام سالغانلىقى توغرىسىدىكى ئابىدە» (麹斌造寺碑) نىڭ ئۆزىلا بۇددىزمنىڭ قوچۇ خان جەمەتىدىكى مۇھىم ئورنىنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ خاتىرە تېشىنىڭ ئورنىتىلىشى، كۇبىنىنىڭ ساڭرام سالدۇرغانلىق تۆھپىسىنىڭ خاتىرىلىنىشى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ بۇددىزمغا بولغان ئىخلاسىنىڭ ئىنكاسىدۇر. شۇڭا، بۇ خاتىر تېشى بىزنىڭ بۇددىزمنىڭ قوچۇ پادىشاھلىق قەسرىدىكى ئورنىنى ئىگىلىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئىبادەتخانا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بۇددىزمنىڭ قوچۇ خانلىقى

www.kitaphumar.com

جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئومۇملاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قوچۇ خانلىقىدا جەمئىي 40 ئورۇندا بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىنغان بۇ، ئەينى دەۋردىكى قوچۇدا بۇددىزمنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدە قوچۇدا ھىنايانا مەزھىپى گۈللەنگەن. ھىنايانا ئالىي راھىبى خوي سىڭدىن باشقا يەنە كۇبايار (چۇبويا)، (麴伯雅) سوي سۇلالىسى دايېنىڭ 5- يىلى (مىلادىيە 609- يىلى) تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇددا دىنى بويىچە خانلىق ئۇستازى خوي چىننى تەكلىپ قىلىپ «ئالتۇن يارۇق» (金光明经 ) نى كۆچۈرگۈزگەن. 618- يىلى چۈر ۋېنتاي (麴文泰) ئاتىسىنىڭ ئورنىغا خان بولغان. قوچۇنىڭ بۇددىزم تارىخىدا، جۇ رۋېنتاينىڭ بۇددىزمغا بولغان پوزىتسىيەسى كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلب قىلىدۇ. مەشھۇر ئاچارى شۈەنزاڭ قوچۇغا كەلگەندە، جۈر ۋېنتاي ئۆۋىرغول بېگىنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلار شۈەنزاڭنى قوچۇ شەھىرىگە ئېلىپ كىرگەندە، خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالىدۇ. جۈر ۋېنتاي شۈەنزاڭنى ئىززەت-ئېكرام بىلەن كۈتىۋالىدۇ. ئۇنى ئەنجۇ ۋاقتىدا ياسالغان خانلىق قەسىر بىھارىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. چۈر ۋېنتاي شۈەنزاڭنى دۆلەت ئۇستازى ئورنىدا ھۆرمەتلەپ ماڭغۇزماي تۇتۇپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلغاچقا، خان بىلەن قېرىشىپ قالىدۇ، كېيىن ئۇ ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقتىن، خان ئۇنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چۈر ۋېنتاي شۈەنزڭغا ھەمرا بولىدىغان ئادەم ۋە ئات-ئۇلاغلارنى بەرگەندىن سىرت،يەنە نۇرغۇن ئوزۇق-تۈلۈك ۋە پۇل-پىچەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۈەنزاڭنىڭ غەربكە نوم ئەكىلىش سەپىرىدە باشقا ئەللەرگىمۇ بېرىشى ئۈچۈن، تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرىدۇ. چۈنكى، چۈر ۋېنتاي خان جەمەتىنىڭ غەربىي يۇتتىكى بەزى خان جەمەتلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى، غەربىي تۈرك يابغۇسى بىلەن قۇدا-باجا ئىدى.

كۆ جەمەتى قۇرغان قوچۇ خانلىقى دەۋرىدە، قوچۇ شەھىرى تازا گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تۈگۈنىدىكى مەشھۇر بۇددىستلار شەھىرىگە ئايلانغان، شەھەر ئىچىدە ھەيۋەتلىك بۇددىزم ئىمارەتلىرى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى شىجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، بۇ شەھەر شىجۇ ئايمىقىنىڭ مەركىزى بولغان. بۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن بەش كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر ۋە ئوردىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئوردا شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، ئىچكى شەھەر ئوردىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان. تاشقى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدا كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئىبادەتخانا ۋە سودا-سانائەت رايونى بار ئىدى. شەھەر ئىستىھكامىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە بىر بۇددا سۇتۇبا (مۇنار)سى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلەتتى.

www.kitaphumar.com

شەھەر ئىچىدە بۇددا ساگرامى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلەتتى. ساگرامنىڭ دەرۋازىسى، تىلاۋەت مەيدانى بار ئىدى، ساگرامدىكى سۇتۇبا، بۇتخانىلاردا رەڭدار قىلىپ نەپىس سىزىلغان رەسىملەر، رەڭلىك ھەيكەللەر بار ئىدى. بۇ ساگرام ئەينى دەۋردە ئالتۇن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانا ئىدى.

## 2. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددىزىم

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە ياشىغان زېمىنى بۈگۈنكى سېلىنگا دەرياسى بىلەن ئورخۇن دەرياسى بويلىرى، يەنە بىر تارمىقى ئىۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل) نىڭ غەرب تەرىپىدە، ئاگىنىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شىمالىي قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، خېشى كارىدورىدىكى گەنجۇ، لياڭجۇ دېگەن جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن. ئالدىنقىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا، كېيىنكىسى يەنە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن.

تۈرك خانلىقى (552 ~ 744 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، ئۇيغۇرلار تۈركلەرگە قارام بولغان. شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقان ۋاقتى توغرىسىدا توختالغاندا، تۈركلەرنىڭ بۇددىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي جەريانغا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. تۈركلەر تاسپار قاغان دەۋرى (مىلادىيە 572 ~581 ـ يىللار) دىلا بۇددىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىغان. بۇ ھەقتە ئېنىقمىز تارىخىي ماتېرىياللىرىدا مەلۇمات بار. مەسىلەن، «سۈينامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە: «شىمالىي چى پادىشاھلىقىدىن خۇيلىن (慧琳) ئىسىملىك بىر راھىب تۈركلەر رايونىغا بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ تاسپار قاغانغا: ‹شىمالىي چى بەگلىكىنىڭ كۈچلۈك ۋە باياشات بولۇشى بۇددا قانۇنىنىڭ بولغانلىقىدىن› دېگەن. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭغا بۇددىزمنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە قىسمىتى ھەققىدە ۋەزخانلىق قىلغان. نەتىجىدە تاسپار قاغان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەمدە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرۇپ، شىمالىي چى بەگلىكىگە ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەلچى ‹بۇدساتۋا سۇترا›، ‹نىرۋانە سۇترا›، ‹ۋەتەمسەكە سۇترا› قاتارلىق بۇددا نوملىرى ۋە ‹ئون تۈرلۈك ئەمرىمەرۇپ› (十诵律، sarvastivadavinaya) نى ئېلىپ قايتقان. تاسپار قاغان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەرز تۇتۇپ، بۇددا مۇنارىنى ئايلىنىدىغان بولغان. تاسپار قاغان ديانەت يولىدا ماڭغاچقا، ئىچكىرى جايلارغا ئاداۋەت قىلمايدىغان بولدى» (ئىزاھ ئېلىنسۇن) دېيىلگەن. شۇ قېتىم تاسپار قاغان خۇيلىن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، خۇيلىن: «تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى نەزەردە تۇتۇپ،

ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقانىدى» دېگەن. ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس لىيۇ زشياۋ ئەپەندى خۇي لىن توغرىسىدا توختىلىپ: «خۇي لىن (736 ~803- يىللار) قەشقەرلىك ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ بۇددا دىنى ۋە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى توغرىسىدىكى ئىلمى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى، ئۇ يازغان ‹بۇددا ئىبارىلەرنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى› ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز بويىچە بۇددا دىنى ۋە قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەتتا چاۋشيەن ۋە ياپونىيەلەرگىمۇ تارقالغان»② دېگەنىدى.

«شىمالىي چى بەگلىكى تارىخى. قۇغۇرسۇ جياڭجۈننىڭ تەرجىمىھالى» (12- جىلد) دىمۇ: «دەي بەگلىكىدىكى لىيۇ شىچىڭ ئەينى چاغدا يات قوۋملارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. شۇڭا، پادىشاھ ئۇنىڭغا‹نىرۋانە سۇترا›نى تەرجىمە قىلىپ، تۈركلەرگە ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرىدى» (ئىزاھ ئېلىنىسۇن) دېيىلگەن. دېمەك، بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمى تۈركلەر ئارىسىغا تارقىلىپلا قالماستىن، يەنە «نىرۋانە سۇترا» مۇ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. كېيىن يەنە قەندىھار بەگلىكىنىڭ راھىبى جىنەن گۇپتا (527 ~ 604- يىللار) شىمالىي جۇ بەگلىكىدىن يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ، تۈرك خانلىقىغا كەلگەندە، تاسپار قاغاننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۈرك خانلىقىدا 10 نەچچە يىل تۇرۇپ قېلىپ، بۇددىزم تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ مەزگىلدە يەنە شىمالىي چى بەگلىكىدىن باۋيۈن، داسىۋي، سىڭ تيەن قاتارلىق 11 نەپەر راھىب مىلادىيە 575- يىلى ھىندىستانغا بېرىپ سانسكرىتچە نوم-بىتىكلەردىن 260 قىسمىنى ئېلىپ تۈرك خانلىقىغا يېتىپ كەلگەن. ئۇلار تۈرك خانلىقىغا كەلگەندىن كېيىن، شىمالىي جۇ بەگلىكىنىڭ شىمالىي چى بەگلىكىنى يوقاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۈرك خانلىقىدا ۋاقتىنچە تۇرۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇلار جىنەن گۇپتا بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن نوملارنى ئۆز تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىققان. كېيىن سۈي بەگلىكى (581~ 618- يىللار) نىڭ شىمالىي جۇ بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلغانلىقىدىن ھەمدە بۇددىزمنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مىلادىيە 581- يىلى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقان. يۇقىرىقى مەلۇماتلارنى تۈرك خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مەڭگۈ تاشلار ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. 1956- يىلى موڭغۇلىيەنىڭ بۈگۈت (Bugut) دېگەن يېرىدىكى تۈركلەر دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قەبرىنىڭ يېنىدىن بىر مەڭگۈ تاش تېپىلغانىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى كلياشتورنىي قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئۈچ تەرىپىگە سوغدى يېزىقىنىڭ يازما شەكلىدە خەت يېزىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ مىلادىيە 580- يىلى تىكلەنگەنلىكىنى، بۇ مەڭگۈ تاشتا تاسپار قاغاننىڭ «ئۆز رازىلىقى بىلەن يېڭىدىن ناھايىتى چوڭ بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى ياساتقان» لىقىنى ئېنىقلىدى (قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلسۇن). دېمەك، بۇ مەڭگۈ تاشقا

پۈتۈلگەن ئىشلار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن خەنزۇچە تارىخي ماتېرىياللاردا يېزىلغان تاسپار قاغاننىڭ ئىش- ئىزلىرى بىلەن بىردەك. مەڭگۈ تاشنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە براخما يېزىقىدا سانسكرىتچە خەت يېزىلغان، بەزى ئالىملار بۇنى جىنەن گۇپتا (Jnangupta) نىڭ قول يازمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار: «‹بۇگۇت مەڭگۈ تېشى› نى جىنەن گۇپتا ماھارەت بىلەن ئويۇپ يازغان»① دېيدۇ. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردا ساڭرامالارنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب خۈي چاۋ يازغان «بەش ئەنەتكەك ئېلىگە سەپەر خاتىرىسى»دە: «ئۇلار (تۈركلەر) «ئۈچ گۆھەر» (三宝) گە ئېتىقاد قىلىدىكەن. خان، خانىش، شاھزادە، ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز نامىدا ئىبادەتخانا ياسىتىپ، راھىبلارنى تويلاپ، بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلىدىكەن، بۇ يەرنىڭ خانى ئۆز راھىبلىرىغا ھەر يىلى ئىككى قېتىم خالىس نەزىر بېرىدىكەن. ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى ئىبادەتخانىغا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىدىكەن» (مەنبە ئېنىق بولسۇن) دەپ يازغان. يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، 6- ئەسىردىن 8- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇددىزم تۈركلەر ئارىسىغا تارقالغان.

ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ، ئۇيغۇر تىلى تۈرك تىلىغا يېقىن كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قوللانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاشلاردىن «مويۇنچۇر قاغان ئابىدىسى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان ئابىدىسى»، «تېرخىن ئابىدىسى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۈرك يېزىقىدا ئويۇلغان. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىل تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، مىلادىيە 744- يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن ئۇيغۇر سەركەردىسى كۇربالا تۈرك خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ مۇستەقىل خانلىق قۇرغان. ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئوردۇبالىق (قارا بالغاسۇن)نى پايتەخت قىلغان بۇ ھاكىمىيەت، تارىختا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744~ 840- يىللار) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئىدېئولوگىيە جەھەتتە تۈركلەر بۇددىزمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىلىم ساھەسىدىكى كۆپ سانلىق ئالىملار ئۇيغۇرلار بۇددىزم بىلەن ئاشۇ كۆك تۈركلەر دەۋرىدىلا ئۇچراشقان دەپ قارايدۇ (مەسىلەن، قايسى ئالىم شۇنداق قارايدۇ؟). «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنى ئەڭ دەسلەپ بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئاقساقالنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا ئۇيغۇشتۇرغان كىشى سۆكۈن ئېركىن (سۆكۈن تېكىن) ئىدى. سۆكۈن ئېركىن ۋاپات بولغاندىن، كېيىن ئوغلى بوسات تېكىن (菩萨俟斤) ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە ئاقساقال بولغان. بوساتنىڭ كۆك تۈركلەرگە قارشى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭغا «ۋەتەنگە خىزمەت قىلغان قەھرىمان» دېگەن

مەنىدىكى «ئالىپ ئىلتەبىر» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن (قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلسۇن). ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى بوساتنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ ئىسىمنىڭ سانسكرىتچە «Budhisattva» دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكى مەلۇم (قايسى مەنبەدىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلسۇن). بۇددىزم ئەقىدىسىدە ماخايانا بۇددىزمى بۇتساتۋا روھىنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئۇ بارلىق جانلىقلارنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇشنى ئىستەيدىغان تولۇق ئويغانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇتساتۋا ھېسابلايدۇ. شۇڭا، ئارخاتلىقتىن يۇقىرى بولغان بۇددالىق دەرىجىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە بۇ دەرىجىگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن بوتساتۋا مۇقامىغا ئېرىشىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇ مەزگىلدە يەنە گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئارىلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قەبىلىسى بولغان قىبئار (契芯) لارنىڭ بىر ئاقساقاللىنىڭ ئىسمىمۇ شەمەن (沙门) بولۇپ، ئۇ خىلەن ئايمىقى (贺兰州) نىڭ تۇتۇق (都督) لۇقىغا تەيىنلەنگەن. «沙门» سانسكرىتچە «Srmana» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇددا ئىستىقامىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان راھىبلارنى كۆرسىتىدۇ. گېرمانىيەلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ ئا. ۋ. گابائىن خانىم بىلەن تۈركىيەلىك پروفېسسور، دوكتور ئۆزقان ئىزگى يۇقىرىقى پاكىتقا ئاساسەن، «630 ـ يىللىرىلا بۇددىزم ياىلاقتىكى ئۇيغۇلار ئارىسىغا ئاز ـ تولا تارقالغان»③ دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، خان ئوردىسىدىكىلەر مانى دىنىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن ئىدى. 762 ـ يىلى مانى دىنى خانلىقنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام خەلقنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. چۈنكى «8 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭدىكى بېشبالىق، قوچۇ، كۈسەن ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىقكۆل رايونىغىچە يېتىپ بارغانىدى. بېشبالىق بىلەن كۈسەن ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشىدىكى مۇھىم ھەربىي بازىسى بولۇپ، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئۇيغۇر قوشۇنى تۇراتتى. تىبەتلەرنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىگە قارشى كۈرەش جەريانىدا، قوچۇمۇ تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى دىنىي ھەم سىياسىي مەركىزىگە ئايلانغانىدى».

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا: «مىلادىيە 478 ـ يىلى قاڭقىل (تېلى) قەبىلىسىنىڭ 100 مىڭ تۈتۈن (ئۆيلۈك)دىن ئارتۇق ئادىمى كوللېكتىپ ھالدا چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن غەربكە كۆچۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ، جۇرجان قۇلدارلىرىنىڭ ئېزىشىدىن قۇتۇلدى»② دېيىلگەن. ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئالىملار ۋە ئارخېئولوگلار ئۆز ئەسەرلىرىدە، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە غەربكە قاراپ زور كۆلەمدە

www.kitaphumar.com

كۆچۈشتىن ئىلگىرى، تۇرپان رايونىدا توخرىلار، قۇسلار، تۈركەشلەر، تېلىلار ۋە يەنە كۆپلىگەن خەنزۇلار ھەم سوغدىلارنىڭمۇ ياشىغانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ③. دېمەك، تۇرپان، بېشبالىق، كۇسەن بوستانلىقلىرىدا 8 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىلا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغان. «بولۇپمۇ غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركۈملەپ كۆچۈپ كېلىشى، بۇ يەرلەرنىڭ تۈركلىشىشى (ئۇيغۇرلىشىشى) نى جەريانىنى تېزلەتكەن»④. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ يەردىن (قەيەردىن؟) «توخرى تىلى A» بىلەن پۈتۈلگەن بىر خىل ۋەسىقە بىلەن بىللە يەنە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى تۈرك تىلىدا پۈتۈلگەن ۋەسىقىلەر تېپىلدى. يۋي تيەنخېڭ: «بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن تۈركچە-ئۇيغۇرچە نوملاردۇر»دەپ يەكۈن چىقارغان.

840 ـ يىللار ئەتراپىدا، تەبىئىي ئاپەت، قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبىدىن بىر ئەسىرگە يېقىن سەلتەنەت سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلار بىرنەچچە يۆنىلىش بويىچە غەربكە قاراپ كۆچتى. ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى خېشى رايونىغا كۆچتى، بىر تارمىقى غەربىي يۇرتقا كۆچتى، يەنە بىر تارمىقى قوچۇ، بېشبالىق ۋە كۇسەنگە كۆچۈپ، ئۇ يەرلەردە تۆت ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى (848 ~1283 ـ يىللار)نى قۇردى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چېگراسى ناھايىتى كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرق تەرىپى خېشى رايونىغا، غەرب تەرىپى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋرائۇننەھر ھەم ئىسسىقكۆلگە، جەنۇب تەرىپى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي باغرىغا، شىمالى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلى-مىڭلاق يايلاقلىرىغا تۇتىشاتتى. بۇ رايونلاردا مىلادىيەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ بۇددا دىنى تارقالغان ۋە راۋاجلانغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن، پىشامشان (كروران)، ئاگنى (قاراشەھەر) قاتارلىق بەگلىكلەر غەربىي يۇت بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن ئىدى. بۇ بەگلىكلەردە نۇرغۇنلىغان ھەيۋەتلىك بۇددا ساڭرامىلىرى ۋە زور مىقداردا راھىبلار بار ئىدى.

قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن دەسلەپتە يەنىلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ھۆكۈمران قاتلىمىدىكىلەر ئۇنى دۆلەت دىنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىكى قوچۇنى مەركەز قىلغان بېشبالىق، كۇسەن، ئاگنى، ئاقسۇ، پىشامشان (كروران، چەرچەن) قاتارلىق رايونلاردىكى كەڭ ئاmma ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇددا دىنى بىلەن قىسمەن دائىرىدىكى زوروئاستېر (ئاتەشپەرەسلىك)، نېستورىيان، تەرىقەت قاتارلىق دىنلارنى چەتكە قاقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانى دىنىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرى ۋە مۇراسىم

قائىدىلىرى بۇددا دىنىنىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەچكە، قوچۇ ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. شۇڭا، بۇددا دىنى بۇ مەزگىلدىمۇ ئەركىن تەرەققىي قىلدى. ئەينى دەۋردە مانى دىنى ئۇيغۇر يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ دىنى بولغان بولسا، بۇددىزم يەنىلا قوچۇدىكى كەڭ ئاۋام خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بولۇپ تۇرىۋەردى.

غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا ئۆز ئېتىقادىنى مانى دىنىدىن بۇددىزم ئېتىقادىغا ئۆزگەرتكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەينى دەۋردىكى ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ تەسىرى ھەم ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ جىددىي سىياسىي ئېھتىياجىدىن تەھلىل قىلساق، ئاندىن مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز:

1) ئوبيېكتىپ مۇھىتتىن ئالغاندا، بۇددىزم ئىدىيەسى ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان، قوچۇ، كۇسەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە نىسبەتەن يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىدىيەنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوچۇ، كۇسەنلەردە ئۇزاق تارىخقا ئىگە پارلاق بۇددىزم مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

2) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە، ئۇلار قۇدرەتلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا (بىزگە مەلۇمكى، ئۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتكەنىدى)، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقۇدەك سىياسىي كۈچ يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قورallıق كۈچىگە تايىنىپ، ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرىمۇ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتە مەنىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. 762 ـ يىلى دىنىي ئىسلاھات ئېھتىياجىدىن، مانى دىنىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتقان شامان دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئارقىلىق، ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە ئىرادىسىنى بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تامىقى تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ رايوندا سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بىر مۇنچە دۈشمەن كۈچلەر مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، خۇددى «ئەجدادلار مىلودىيەسى ـ ئەۋلادلار كۈيىدە تەكرارلىنىدۇ» دېگەندەك، بۇ دەۋردىمۇ مەنىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا ئايلانغان. بۇددىزم بۇ يەردە كەڭ ھەم چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە بولۇپ، بۇددىزم كۈچلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى.

www.kitaphumar.com

ئىلگىرى مانى دىنى ماگارلىرى (روھانىلار) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا قاتناشقان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئورنىنى بۇددا راھىبلىرى ئىگىلىدى. مەسىلەن، شىمالىي سۇڭ چيەندې سەلتەنەتىنىڭ 3- يىلى (مىلادىيە 965- يىلى) 11- ئايدا قوچۇ ئۇيغۇر قاغانى سۇڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتكەن راھىب فايان (法渊) باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى پۈتۈنلەي دىنىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسىغا تەقدىم قىلغان سوۋغاتلىرى ساكيامۇنىنىڭ چىشى (佛牙)، ئەينەكتىن ياسالغان ئەسۋابلار ۋە كەھرىۋادىن ياسالغان چىراقدان (پانۇس) قاتارلىق ئىبادەتخانىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر ئىدى. سۇڭ تەيزۇڭنىڭ يۇڭشى تۇنجى يىلى (مىلادىيە 984- يىلى)، قوچۇ ئۇيغۇر قاغانى بۇددا، مانى راھىبلىرىنى براخمان راھىب يۇمىش ۋە پېرسىيەلىك زوروئاستېر دىنى راھىبى ئارىيان بىلەن بىللە سۇڭ سۇلالىسىغا سودا قىلىشقا ئەۋەتكەن②. مىلادىيە 101- يىلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى لياۋ سۇلالىسىغا بىر براخمان (بۇددىست) تېۋىپنى تونۇشتۇرغان③. سۇڭ جېنزۇڭنىڭ جىڭدى 4- يىلى (مىلادىيە 1007- يىلى) قاغان ياغلاقار راھىب دې داچىننى سۇڭ سۇلالىسىغا ئارغىماق تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئاستانىدە ئىبادەتخانا قۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خۇڭ خاۋ ئۆزىنىڭ «دەشت چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئائىللەرگىچە ئومۇملاشقان، ئۇلار ياسىغان بۇت ھەيكەللىرىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق، ھەر قېتىملىق پەرىز بايراملىرىدا ئۇلار قوي سويۇپ ياكى ئېچىتىلغان مەيزاپلار بىلەن بۇت ھەيكەللىرىنىڭ يۈزىنى قىپقىزىل بويايدۇ. ئۇلار بۇدداغا تاۋاپ قىلغاندا، مەدھىيە ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇدداغا بولغان ئېھتىرامىنى بىلدۈرىدۇ. راھىبلىرى نوم تەپسىر قىلغاندا، ئۇچىسىغا كاسايا ئارتىپ، ئەنەتكەك تىلىدا دۇرۇت ئوقۇيدۇ»② دەپ يازغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى بۇ خانلىقتا تەدرىجىي ھالدا دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ زېمىندا ئەسلىي راۋاجلىنىش باسقۇچىدا تۇرغان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى بۇ دەۋرگە كەلگەندە، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەقۋادارلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. ئىدىقۇتلار بۇددا راھىبلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، راھىبلارنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرىغا كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزگەن، ئىبادەتخانىلارغا خېلى كۆپ ۋەخپە يەر، ئۈزۈمزارلىق ۋە چارۋىلارنى بۆلۈپ بەرگەن، راھىبلارنىڭ بۇ يەرلەردىن خانلىققا باج تاپشۇرۇشنى كەچۈرۈم قىلغان. بۇ روھانىيلار تەبىقىسى تەدرىجىي ھالدا فېئودال يانچىلارغا ياكى قورۇق ئىگىلىرىگە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر، ئۈزۈمزارلىقلارنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇلار ھەتتا يانچىلارنى ۋە ئۆي قۇللىرىنى ئىشلىتەتتى. ئادەتتە

www.kitaphumar.com

ئالىي ھۆكۈمرانلارنىڭ يېنىدا بۇددا راھىبلىرىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن چىققان دىنىي ئۇستازلار بولاتتى. ئۇلار ئىدىقۇتلارنى بالا ۋاقتىدىن باشلاپ تەربىيەلەپ، ئىدىقۇت تەخت ۋارىسلىرىنىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بېرەتتى. راھىبلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئىدىقۇتنىڭ يېنىدا بىللە يۈرەتتى، ئىدىقۇت چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ، ئۇلار شۇ سورۇندا بولاتتى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەزى ئەقىدىلەرنىمۇ ساقلاپ قالغان، كېيىن بۇ ئادەتلەر بۇددىزم ئەقىدىسىگە سىڭىشكەن. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ھەر يىلى 3- ئاينىڭ 9- كۈنى روزا تۇتۇش كۈنى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر يىلدا ئىككى قېتىم (ئەتىياز ۋە كۈزدە) يەر ئىلاھىغا ئاتاپ قۇربانلىق بېرەتتى ۋە قىشتا كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەندە، ئۇنى خاتىرىلەيتتى. ئاھالىلەر باھاردا توپلىشىپ خۇشاللىق بىلەن سەيلە- ساياھەت قىلىپ بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا باراتتى. ئاتلىقلار ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ ئوقيا ئاتاتتى، بۇنى ئۇلار «بەختسىزلىكنى قوغلىۋېتىش» دەپ ئاتىشاتتى②.981- يىلى سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندېمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەندە: «ئۇ يەردە 50 تىن ئارتۇق بۇتخانا بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قويۇلغان يازمىلار (نوملار) بار ئىكەن. بۇتخانىلار ئىچىدە‹دازاڭجىڭ (چوڭ ئاغلىق نوم)›(大藏经)، ‹تاڭيۈن› (唐韵)، ‹يۈپيەن› (玉篇) ۋە ‹جىڭيىن›(经音)غا ئوخشاش كىتابلار تېپىلىدۇ. ئۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلار كۆپىنچە باش باھاردا ساياھەتكە چىقىدىكەن»③ دەپ يازغانىدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان كۇچا رايونىدىمۇ بۇ مەزگىلدە بۇددىزم راسا گۈللەنگەن. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ مەزگىلدە كۇچادىكى بۇددىزم تەرەپدارلىرى بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددىزمى بىلەن قويۇق ئالاقە ئورناتقان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، شەرق بىلەن غەربنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. سۇڭ سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدە: «مىلادىيە 976- يىلى (تەيپىڭ شىڭگو سەلتەنتىنىڭ تۇنجى يىلى) شىجۇدىكى كۈسەن بەگلىكى سۇڭ سۇلالىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئىچىدە بۇددا ۋە مانى راھىبلىرى بار ئىدى» (قايسى كىتابتا شۇنداق دېيىلگەن؟ ئېنىق بولسۇن) دەپ يېزىلغان. «داجۇڭ شياڭفۇنىڭ 6- يىلى (مىلادىيە 1003- يىلى) كۈسەنلىك راھىب يىشيۇ (义修) چەكمە نوم (نوم چەكمە)، پىپالا دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى (菩提印叶)، تەسۋى (پاساكەمالا)، شارىپۇترا (قۇمرا، يەنى جەسەت كۆلى قۇتىسى)، كەمەر قاتارلىق بويۇملارنى سوغا قىلدى» دېيىلگەن (قايسى كىتابتا شۇنداق دېيىلگەن؟ ئېنىق بولسۇن). «سۇڭنامە»دە: «شاۋشېڭنىڭ 3- يىلى (مىلادىيە 1094- يىلى) كۈسەنلىك باش سەردار ئازغۇن سالى قاتارلىق ئۈچ كىشى قاشتېشىدىن ياسالغان بۇتنى تەقدىم قىلدى[. «چيەنشىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادىيە 1010- يىلى) كۈسەن ئەلچىسى راھىب

www.kitaphumar.com

جيۋەن بۇددانىڭ جەسەت كۈلى قۇتىسى بىلەن چەكمە نومدىن بىرنى سوۋغا قىلدى»②. «تيەنشىڭنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1021 ـ يىلى) كوسەن ئەلچىلىرى كېلىپ بۇددا كالامىدىن بىرنى تەقدىم قىلدى»③ دەپ خاتىرىلەنگەن.

بۇ مەلۇماتلاردىن، 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە كۇسەندە بۇددىزمنىڭ يەنىلا راۋاجلىنىش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. گەرچە بۇ مەزگىلدە كۇسەنىنىڭ غەربىدىكى قاراخانىيلار تەۋەسىدە ئىسلام دىنى ئومۇملىشىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما خوتەن بىلەن بولغان ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش قاراخانىيلار سۇلالىسىنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويغان. كۇسەنگە نىسبەتەن قاراخانىيلار سۇلالىسى بىر تەھدىت بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەزگىلدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى يەنىلا كۈچلۈك دېيىشكە بولاتتى. شۇڭا، ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ھەرىكەتلىرىگە ئۈگۈشلۈق ھالدا تاقابىل تۇرۇپ، بۇددىزمنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك راۋاجلىنىش ھالىتىنى ساقلاپ قالغان.

بۇددا دىنىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئاساسلىق دىني ئېتىقاد بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر راھىبلىرى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ تارقاتقۇچىلىرى ۋە ۋەكىللىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى يالغۇز تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان بولۇپ، ئۇلار يەنە تاڭغۇت خانلىقى تەۋەسىدىمۇ يۇكسەك ئابرويغا ئىگە ئىدى. تاڭغۇت ھۆكۈمرانلىرى گەرچە بۇددا دىنىغا ئىخلاسمەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇددىزمغا ئائىت بىلىملەر، شۇنداقلا بۇددا دىنىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قۇرۇلۇشلار، سەنئەت (تاشكېمىر رەسىملىرى، مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى) قاتارلىق تەرەپلەردە ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا كۆپ ئاجىز ئىدى. شۇڭا، ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ئۆزلىرى دۈشمەنلىشىۋاتقان قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ تاڭغۇت خانلىقىدىكى مۇھىم پائالىيەتلىرى بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش ئىدى. مەسىلەن، يۈەنخاۋ تاڭغۇت خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پايتەخت شىڭچىڭفۇدا تاڭغۇت خانلىقى بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان، ئاساسلىق ئىمارەتنىڭ ئېگىزلىكى بىرقانچە جاڭ كېلىدىغان گاۋتەيسى (ئېگىز بۇتخانا) ناملىق بىر بۇتخانا سالدۇرۇپ، شەخسەن ئۆز نامىدىن نۇرغۇن ئۇيغۇر راھىبلىرىنى بۇ يەرگە كېلىپ دىنى پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. تارىخنامىلەردە: «بۇ جايدا كۆپلىگەن ئۇيغۇر راھىبلىرى بار، ئۇلار نوملارنى يېشىپ، تاڭغۇت يېزىقىغا تەرجىمە قىلدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

تاڭغۇت خانلىقىنىڭ خانى يىزۈڭ (مىلادىيە 108~ 1067 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە ئۇنىڭ ئانىسى مۇ ساڭشى بۇددا دىنىغا ئىنتايىن ئىخلاسمەن ئىدى. يىزۈڭ خان پايتەخت

شىڭچىڭفۇدا چېڭتيەن ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرغان بولۇپ، ئانا ـ بالا ئىككىسى دائىم كېلىپ بۇ ئىبادەتخانىدا ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ نوم مۇتالىئەلىرىنى ئاڭلايتتى. تارىخنامىلەردە بۇ ھەقتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «لەشكەر ۋە پۇقرالاردىن نەچچە 10 مىڭ كىشىنى يىغىپ، شىڭچىڭفۇنىڭ غەربىدە كاتتا ئىبادەتخانا سالدۇرۇپ، نوملارنى ساقلاپ، ئۇنىڭغا‹چېڭتيەن›دەپ نام بەردى. ئۇيغۇر راھىبلىرى مۇنبەردە ئولتۇرۇپ نوم مۇتالىئە قىلدى، مۇ ساڭشى ۋە لياڭزو ۋاقىت تاپسىلا كېلىپ ئاڭلايتتى». ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ داڭقى تاڭغۇت خانلىقىدىن ھالقىپ، لياۋ سۇلالىسىغىمۇ تارقالغان. مىلادىيە 1067 ـ يىلى تاڭغۇت خانلىقىنىڭ لياۋ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن، نۇقۇل دىنىي تۈس ئالغان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى لياۋ سۇلالىسىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بىر بۇت ھەيكىلىنى ۋە بۇددا دىنىي كىتابلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغاندىن باشقا، يەنە لياۋ سۇلالىسىغا بىر ئۇيغۇر راھىبنى تونۇشتۇرغان. بۇ، ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ لياۋ سۇلالىسىدىمۇ ناھايىتى يۇكسەك ئابرۇي قازانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ

مەنبە : شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتققاتى

www.kitaphumar.com

# پورباژىن قەلئەسى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ئەھمىيتى

**ئابلەت كامالوۋ**

**(قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق دوكتۇرى)**

روسىيە تۇۋا رىسپوبلىكىسى تەۋەلىگىدىكى پورباژىن قەلئەسىنى تەتقىق قىلىش ۋە قايتا قۇرۇش تۈرى، قازاقىستان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ يۈكسەك قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئەلبەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمى يادىكارلىقلارنى تەتقىقات تېمىسى قىلغان ھەرقانداق تۈر ئالقىشلىنىشقا ئەرزىيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رېسپوبلىكىمىزدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ تۇۋادىكى قەدىمى ئۇيغۇر مەدىنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈرىنى رئاللىقا ئايلاندۇرۇش بىلەنلا قالماي، بۇ تۈرگە ئاكتىپ قاتنىشىش ئىستەكلىرىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىشكە بولىدۇ. ناھايىتى مۇھىم ۋە قىزىقارلىق بولغان بۇ تەتقىقات تۈرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىنغاندا، بىرقانچە خۇنۇك بولغان مەسىلىلەر مۇشۇ تارىخى يادىكارلىقلارنىڭ ئۆزىدە ساقلانغانلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولغىنى سەۋەپلىك،بۇ ھەقتە بىرقانچە ئېغىز سۆز قىلىشنى توغرا تاپتىم.

ئالدى بىلەن مەسىلىنى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان ئۇيغۇر قەلئەسىنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخى جەريانىدىن باشلىماقچىمىز، پورپاژىن خارابىسى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپلا رۇس جۇغراپىيەشۇناسلىرىغا تونۇشلۇق بولغان:بۇ توغۇرلۇق توبولسكىيلىق ئاقسۆڭەك ئوغلى سېمون.رېمېزوف تەرىپىدىن1701 ـ يىلى تۈزۈلگەن سىبىرىيەنىڭ خەرىتە ـ ئىسخىمىلىق كىتاپچىسىدا بىرىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنغان(1882 ـ يىلى سانكىت ـ پېتېربۇرگدا نەشر قىلىنغان)، س.رېمېزوف بۇ كىتاپچىسىدا ئۇشبۇ خارابىلىكىنىڭ تېرىكۆلدىكى بىر ئارالغا جايلاشقىنىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، كىم تەرىپىدىن قاچان قۇرۇلغان قەلئە ئىكەنلىكىنى بېكىتىشكە مۈمكىنىيىتى ۋە تىرىشىشى بولمىغان.كېيىن، يەنى 1891 ـ يىلى بۇ قەلئە رۇس مىللەتشۇناسى، ئارخىئولوگى د.ئا.كلېمېنس تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن،ۋە بۇنى ئۆز تەتقىقات پىلانى ئىچىگە كىرگۈزگەن، ھەمدە ئۇ ئىلگىرى سۈرگەن موڭغۇلىيە ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى شەھەر خارابىسى قارابالغاسۇن بىلەن ئوخشاشلىقى تۇنجى قېتىم تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇ "پورباژىننىڭ قۇرغۇچىلىرى موڭغۇللار ئەمەس، جوڭگولۇقلارمۇ ئەمەس، كىدان ياكى

جۇرجىتلارنىڭ بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس،ئەڭ ئىشەنچلىكى قەدىمى قاراقۇرۇم قەۋملىرىنىڭ قېرىنداشلىرى قۇرغان بولۇشى مۇمكىن" دەپ يازغان ئىدى .شۇنىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە پورباژىن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان،لېكىن بەزىدە بۇ خارابە توغۇرلۇق،ئارخىئولوگلار د.كلېمېنسىنىڭ ئىزىدىن بېسىپ، ئۇشبۇ خارابە ئۇيغۇر قاغانلىغى(744-840يىللىرى)غا مۇناسىۋەتلىك دىگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (مەسىلەن، گ.سوسنوۋىسكي،ل.پوتاپوۋلار).قەلئەنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئىكەنلىگى توغۇرلۇق بۇ ھۆكۈم، قەلئەنىڭ يەرشەكلى تۈزۈلىشى (توپوگرافىيەلىك)، ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختى ئىكەنلىگى ئىسپاتلانغان ئوردىبالىغ، يەنى ئورخۇن دەريا بويىدىكى قارابالغاسۇن بىلەن ئوخشاش دىگەن ئاساستا چىقىرىلغان ئىدى.

قەلئە توغۇرلۇق تېخىمۇ تەپسىلى تەتقىقات، سابىق سوۋېت ئارخىئولوگى س.ئى. ۋاينىشتېين تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئۇ"قەدىمى پورباژىن"دىگەن تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلغان ئىدى. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كىرەككى، قەلئە توغۇرلۇق مەخسۇس ئارخىئولوگىيەلىك تەتقىقات، "تۇۋالارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى"(1969)،ۋە "قەدىمقى تۇۋالار "دىگەن كىتاپلارنىڭ ئاپتورى بولغان ل.ر.كىزلاسوفنىڭ ھىچقانداق كىتاۋىدا تىلغا ئېلىنمايدۇ. پەقەت بۇرۇنراق ئېلان قىلىنغان "ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۇۋا شەھەرلىرى"ماقالىسىدا "يەنە بىرى، تۇۋانىڭ شەرقى-جەنۇبى چەتلىرىدىكى تېرىكۆلگە جايلاشقان تۆتچاسا، توپا سوقما سېپىللىك شەھەرچە، (ئىبادەتخانا ئىكەنلىگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ)"دەپ تىلغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، س.ئى.ۋاينىشتېين بۇ قەلئە توغۇرلۇق تۇنجى قېتىم چۈشەنچە بېرىدۇ(1952-يىلى)، ۋە كلېمېنسىنىڭ ئىزىدىن، بۇ قەدىمى قەلئە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك دەپ شەرھلەيدۇ. بۇ ماقالىسى "تۇۋا ھەقىقىتى"گېزىتىدا ئېلان قىلىنىدۇ(1953.09.25).ئۇ1959-يىلى پورباژىن قەلئەسىنى قېزىشقا باشلايدۇ، كېيىن AH CCCP مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۇۋا ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرىلىدۇ،قەلئەنىڭ قۇرۇلغان يىل دەۋرى ۋە تەۋەلىكى، خارابىدە تېپىلغان بىزەك ساپال-فارفور خىشلارغا ئوخشاش ماتىرىياللار ئاساسىدا ئېنىقلىنىدۇ."ئايانكى، بۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇلۇشلارنىڭ تام-ئۆگزىلىرىنى بىزەشتە ئىشلىتىلىدىغان فارفور ساپاللار، شەرقتىكى يادىكارلىقلارنىڭ يىل-دەۋرىنى ۋە تەۋەلىك مەسىلىسىنى بىز ئارزۇ قىلغان مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئەتراپتىن تېپىلغان فارفور ساپال بىزەك خىش پارچىلىرى، كىسېلېۋ ئوردىبالىغدىن بايقىغان تېپىلمىلارغا ئوخشاش"دەپ يازىدۇ س.ئى.ۋاينىشتېين.

س.ئى.ۋاينىشتېين يەنە كونكرت قىلىپ مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ،"پورباژىندىكى مۇرەككەپ قۇرۇلۇشلۇق ئوردا،ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تۈرك قەبىلىسى چىكلارغا يۈرۈش قىلغاندا

ھازىرقى تۇۋا تېررىتورىيەسىگە كىرگەن ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇر(مويۇنچۇر)نىڭ بۇيرۇقى بىلەن سېلىنغان، بۇ يۈرۈشنىڭ 750-يىلى يۈز بەرگەنلىكى توغرۇلۇق مويۇنچۇرغا ئاتالغان مەڭگۈتاشقا پۈتۈلگەن".

س.ئى.ۋاينىشتېيىننىڭ يېزىشىچە،پورباژىن قەلئەسى خارابە قالدۇقلىرى تۆت ئەتراپىقا تۈز، تۆتچاسا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ سېلىنغان ۋە كېيىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن سېپىل تېمىنىڭ خارابىسى ئىكەن، سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 10مېتىرغا يېتىدىكەن، سېپىل تامنىڭ شەرقى تەرىپى ئوتتۇرىسىغا مۇنارلار بىلەن مۇستەھكەملەنگەن دەرۋازا-قوۋۇق خارابىسى تېپىلغان،1959-يىلى ۋە 1963-يىلى ئارخېئولوگلار قەلئە ئىچىدىن يەنە ئولتۇراق ئۆي ۋە ئوردا-ئىش بېجىرىش ئىمارەتلىرىنىڭ خارابە ئىزىنى بايقىغان، چىنە-ساپال ۋە تاشتىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى پارچىلىرىنى، تۆمۈر مىق ۋە باشقا بۇيۇملارنى بايقىغان.قەلئەنىڭ مەركىزى قىسمىدا يەنە ئىككى دۆۋە تۇپا تۆپىلىك بايقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۈستىدە ئۆز ۋاقتىدا ئىككى ئىمارەت بولغان، پورباژىن قەلئە خارابىسى توغرۇلۇق بۇ مەلۇماتلار ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتلىرىغا قاتناشقۇچىلارغا ۋە ئارختېكتورلۇق تارىخشۇناسلىرىغا ئىنتايىن مۇھىم ئوبرازلىق خام ماتېرىيال (ئوبيېكت، نىشان) بولىدۇ. پورباژىن قەلئەسىنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىلىش مەقسىدىمۇ پۈتۈنلەي ئوچۇق بولىدۇ، باشلىنىشىدا بۇ قەلئە ئىبادەتخانا بولۇشى مۈمكىن دىگەن پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى، لېكىن ئۇزاققا بارماي ئالىملار بۇ قىياسنى ئىنكار قىلدى، قەلئەنىڭ قۇرۇلغان يىل دەۋر تەۋەلىكى مەسىلىسى ھەل قىلىنغان مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشىدىكى پۈتۈكلەرنى تەتقىق قىلساق، شۇنداق دەپ ئېيتىشكە بولىدۇكى، بۇ قەلئە ئۇيغۇر قاغانىنىڭ يازلىق ئوردىسى ئۈچۈن سېلىنغان، مويۇنچۇر ئۆزىنىڭ چىكلارغا قارشى يۈرۈشى توغرۇلۇق مۇنداق دىگەن: "ئاندىن، يولۋاس يىلى(750-يىل)مەن چىكلارغا قارشى يۈرۈشكە ئاتلاندىم، 2-ئېيىنىڭ14-كۈنى،كېم دەرياسىغا يېقىن جايدا ئۇلارنى بىتچىت قىلدىم،مۇشۇ يىلدا مەن (دەريا)ئۈستىگە قاسار قوردان سېلىشقا بۇيرۇق قىلدىم،[مېنىڭ پەرمانىمنى ۋە يارلىقىمنى يېرتىغان...]".بۇ يۈلۈنۈشنى ئېنىقلاشتا س.كلياشتورنىي ،"بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قاسار قوردان(تېسىنىسكىي مەڭگۈ تېشىدا قاسار قورۇگ دەپ ئېلىنغان) نىڭ ئەلئەتمىش بىلگە قاغانىنىڭ لاگىرى ئىكەنلىگىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ قاسار قوردان\قاسار قورۇگنى پورباژىن قەلئەسى دەپ بېكىتىپ، مۇنداق كۆرسىتىدۇ:"تۇۋادا ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتكەن بۇ جاي ئىسمى قوردان سۆزى خوتان ئىسمىنىڭ تۈركچە ئاتىلىشى، تارىمدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن بۇرۇنلىقىنى ئىسپاتلايدۇ"دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنى شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، سېر ج،كلوسون ۋە سېر گ.بەيلىلەر تەرىپىدىن بېكىتىلگەن كوردان نامىنىڭ "خوتەن"بىلەن چۈشەندۈرۈلۈشى مەسىلىسى ھەممە ئالىملار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئەمەس.

تۈۋالاردا پورباژىن خارابىسى توغۇرلۇق نۇرغۇن رىۋايەتلەر ساقلانغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى: بۇ قەلئە قۇلىقىنىڭ چوڭلىقىدىن ئەلچىگەن-قۇلاق-خان دەپ ئاتالغان خان بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى بۇ ئىشەك قۇلاق خان دىگەنلىك، خان قۇلىقىنى يوشۇرۇن تۇتقان ۋە كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆلتىرىۋەتكەن، پەقەت مەلۇم بىر ساتراچلا بۇنى بىلىپ قالغان ۋە باشقا كىشىلەرگە ئاشكارىلىۋەتكەن. باشقا بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە،قەلئە مەلۇم بىر خان تەرىپىدىن يېنىسەي جىلغىسىغا سېلىنغان، ئۇ يەردە بۇرۇن كۆل يوق ئىدى، قۇدۇقتىن تېشىپ چىققان سۇدىن كۆل ھاسىل بولدى، قەلئەنىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىدىن قاچقان خان، جىلغىغا قاراپ موڭغۇلچە"تېرې نور، بولچى!"(ئۇ كۆلگە ئايلىنىپ كەتتى!)دەپ ھەيران-ئالاقزادىلىك بىلەن ۋاقىرايدۇ.

ھازىر تەتقىقاتچىلار"بۇ قەلئە بىر ئوردا بولۇپ، ئۇيغۇر قاغانى جوڭگو مەلىكىسى ئۈچۈن سالدۇرغان"دىگەن رىۋايەتنى بەكرەك ياقلايدۇ. ئۇيغۇر قاغانى ئەلئەتمىش قاغان، تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئانلۇشان توپىلىڭى(755-762-يىللىرى)نى باستۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ھەقىقەتەنمۇ بىر تاڭ مەلىكىسى نىڭگو قاغاننىڭ ئەمرىگە ئەۋەتىلگەن، مەنبەلەردىن بىلىشكە بولىدۇكى، مەلىكە نىڭگو 758-يىلى سىنتەبىردە ئۇيغۇرلار تەرىپىگە ئەۋەتىلگەن، لېكىن759-يىلى مايدا، ئۇيغۇرلار قاغانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ،نىڭگونى مىيىت بىلەن بىللە قۇربانلىق قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما تاڭ تەرەپنىڭ قاتتىق ئېتىرازلىغىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن مەلىكە نىڭگونى ھايات قالدۇرىدۇ، قاغان ۋاپاتىدىن كېيىن مەلىكە نىڭگو 759-يىلى ئاۋغۇست-سىنتەبىر ئايلىرىدا جوڭگوغا قايتىدۇ. ئۇيغۇرلار تەرەپكە تاڭ ئىمپىراتورلىغى جەمەتىنىڭ ۋەكىلى ھىساۋىدا باشقا بىر مەلىكە، مەلۇم بىر شاھزادىنىڭ قىزى ــــكىچىك نىڭگو مەلىكە ئەۋەتىلىدۇ، كىچىك نىڭگو مەلىكە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قالىدۇ ۋە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ مويۇنچۇر قاغان ۋە بوگۇ قاغاننىڭ ئەمرىدە بولىدۇ (759-779-يىللىرى)، 779-يىلىدىكى ئوردا سىياسى ئۆزگىرىشىدە كىچىك نىڭگونىڭ بوگۇ قاغاندىن بولغان ئىككى ئوغلى ئۆلتىرىلىدۇ، ئۆزىمۇ پايتەخت سىرتىغا قېچىپ كېتىدۇ.ئەگەر پورباژىن قەلئەسى 750-751-يىللىرى قۇرۇلغان دىگەن قىياس ئىشەنچلىك بولسا، بۇ قەلئە قۇرۇلۇپ ئۇزاق يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى758-يىلى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەلگەن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئالاھىزەل 1يىل تۇرغان جوڭگو مەلىكىسىگە ئاتاپ سېلىنغان بولمايدۇ.

ئەلبەتتە ئۇيغۇرلاردا مەخسۇس مەلىكىلەرگە ئاتاپ سېلىنغان ئوردا ۋە شەھەرلەرنىڭ بولغانلىغى جوڭگو مەنبەلىرىدە قەيت قىلىنغان، مەسىلەن مەلىكە شەھىرى--گوڭجۇچېڭ(ئۇيغۇرچە قۇنچۇيبالىغ)، لېكىن ئۇلار ئۇيغۇر پايتەختىدىن خېلى يىراق جەنۇپ تەرەپكە ئورۇنلارشقان، شۇڭلاشقا پورباژىن قەلئەسىنىڭ جوڭگو مەلىكىسىگە ئاتاپ سېلىنغىنى توغۇرلۇق رىۋايەت پۈت

www.kitaphumar.com

تىرەپ تۇرالمايدۇ. لېكىن يەنە كېلىپ، بۇ قەلئەنىڭ قۇرۇلۇشىغا جوڭگولۇق ئۇستىلارنىڭ ئەكىلىنىپ قاتناشتۇرۇلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئالىملار تۇۋا تېررىتورىيەسى دائىرىسىدە پورباژىندىن باشقا يەنە نۇرغۇن قەلئە خارابىلىرىنى بايقىغان ۋە تەتقىق قىلغان، ل.ر.كىزلاسوف 1969-يىلى15ئۇيغۇر قەلئەسى ۋە ئىگىزلىكتىكى بىر كۆزىتىش پونكىتى توغۇرلۇق يازغان، پۈتۈن بۇ قەلئەلەر سېپىل تاملىرى رومبا شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، لاي ياكى پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، سېپىل سىرتى سۇ-ئۆستەڭلەر بىلەن قورشالغان، بۇ قەلئەلەرنىڭ ئىچكى كۆلىمى 0.6 گېكتاردىن 5 گېكتارغىچە دائىرىدە بولغان، بۇ 15قەلئەنىڭ ھەممىسى خەمچىك دەريا جىلغىلىرىغا زەنجىرسىمان ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغانلىرى بارلىك دەريا بويىغا جايلاشقان ئىلدىك-كىجىك (12.5گېكتار) ۋە چادان دەريا بويىغا جايلاشقان باجىن-ئالاك (18.2گېكتار) ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شوگونارغا جايلاشقان 5 قەلئە (شوگونار قەلئەلىرى) ل.ر.كىزلاسوف تەرىپىدىن ناھايىتى تەپسىلى تەتقىق قىلىنغان، قەلئەلەرنىڭ جايلىشىش ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن بۇ قەلئەلەر دەسلىۋىدە مۇداپىيەلىنىش ئىستىكامى تەرىقىسىدە سېلىنغان، كېيىن يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ قەلئەلەر دېھقانچىلىق ۋە قول-ھۈنەرۋەنچىلىك مەركەزلىرى بولۇپ قالغان. تۇۋادىكى بۇ زەنجىرسىمان مۇداپىيە قەلئەلىرى شىمالدىكى دۈشمەنلەردىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ 9-ئەسىرنىڭ باشلىنىشىدىكى يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىدىن مۇداپىيەلىنىش ئۈچۈن قۇرۇلغان، ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن قىرغىزلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇشلار بولغان، ۋە840-يىلىدىكى قىرغىزلار ھۇجۇمىدىن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ يايلاقتىكى سەلتەنەتلىك ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا خاتىمە بېرىلگەن.

تۇۋادىكى ئۇيغۇر قەلئەلىرى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى،ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى شەھەرقۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئوتتۇرا ئاسىيا-تارىم-ئىران ئەنئەنىلىرىنىڭ يۈكسەك تەسىرىدىن راۋاجلانغان، سوغدىلارنىڭ تۈرك-ئۇيغۇر ئىژتىمايى ھاياتىغا كۆرسەتكەن رولىنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر مەڭگۈتاشلىرىغىمۇ سوغدىلار ۋە جوڭگولۇقلارنىڭ بايبالىغ شەھىرىنى قۇرۇشقا قاتناشقانلىقى توغۇرسىدىكى مەلۇمات ئالاھىدە پۈتۈلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەر-قۇرۇلۇش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىنى پورباژىن قەلئەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن ۋە خارابىلىكتىن ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

پورباژىننىڭ ئەھمىيىتى نىمە ئۈچۈن تارىخى مۆقەگە كىرگۈزۈلىدۇ؟ يۇقۇرىدىكى بايانلاردىن كۆرىۋالايمىزكى پورباژىن قەلئەسى ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى تۇۋا تېررىتورىيەسىدىكى بىردىنبىر يادىكارلىق ئەمەس، بۇيەردە يەنە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان

www.kitaphumar.com

كۆپ مىقداردىكى قەلئە-شەھەرچىلەر باقالدى، پورباژىنىنىڭ باشقا قەلئەلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يېرى،1-بۇ قەلئە ھازىرچە ئۇيغۇر ئىمپىرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى تۇرغۇزۇلغان ۋە تېررىتورىيەسى كېڭەيگەن ۋاقىتتىكى جەنۇبى سىبىرىيەگە قۇرۇلغان بىردىنبىر قەلئە،بۇنىڭدىن باشقا ئوخشاش تۈردىكى قەلئەلەر 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك. 2-بۇ قەلئە دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مۇداپىيە-ئىستىھكام خاراكتېرلىق قۇرۇلۇش ئەمەس.

ئەلئەتمىش قاغان ۋە بايانچۇر(مويۇنچۇر)قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان(747-759-يىللىرى) دەۋردە ئۇيغۇرلار بىپايان ئىچكى ئاسىيا قۇرۇقلىغىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئاساس سالغان بىرقاتار ئىستىلا يۈرۈشلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يۈرۈشلىرى توغۇرلۇق ئىككى مەڭگۈتاش، يەنى ئەلئەتمىش قاغان ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان مەڭگۈتاش(تېرخىنىسكىي مەڭگۈ تېشى، ئالاھىزەل753-يىلى) ۋە "سېلېنگا مەڭگۈ تېشى"نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى(759-760-يىللىرى)غا پۈتۈلگەن، بۇ مەڭگۈتاشلار ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى توغۇرلۇقلا ئۇچۇر مەنبەسى بولۇپ قالماستىن، مەڭگۈتاشنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر ماددى مەدىنىيىتىنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە قىممەتلىك. بۇ ئۇيغۇر مەدىنى يادىكارلىقلىرىنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتى، پورباژىن ئۇيغۇر قەلئەسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىغا يېقىنلىشىدۇ.

پورباژىن تەتقىقات تۈرى، روسىيە ۋە تۇۋا دائىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر قەدىمى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى يۈكسەك قىزىقىشىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىل قىزىقىش پەقەت ئىلىم ساھەسىدىكى قىزىقىشلار ئەمەس، ئەملىيەتتە ئۇيغۇر دەۋرى تۇۋا تارىخىدا ئۆزىنىڭ ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ھازىرغىچە تۇۋالار ئارىسىدا ئۇيغۇرلارغا تەۋە ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇۋا تېررىتورىيەسىدە قېپقالغانلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرى دەپ قارالغان تەۋەلىكلىرى بار (ئوندار--ئۇيغۇر). 1889-يىلى ئاتاغلىق تۈركولوگ،مىللەتشۇناس ن.ف.كاتانوف "ئۇيغۇرلار بۇرۇن بوم-كېمچۇك ۋە ئۇلۇ-كېم دەريالىرى بويلاپ ياشىغان"دىگەن تۇۋا رىۋايەتلىرىنى خاتىرىلىگەن ۋە ئۇلارنى خەمچىك دەريا بويلىرىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر نەسلىلىك تۇۋالار دەپ يازغان. شۈبھىسىزكى، جەنۇبى سىبىرىيەدە قېپقالغان قەدىمقى ئۇيغۇرلار ھازىرقى زامان تۇۋا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە قاتناشقان،بۇ جەھەتتە پورباژىن بۈيۈك ئۇيغۇر ئىمپىراتورلىغىغا مۇناسىۋەتلىك ۋە شۇ ئىمپىراتورلۇق تېررىتورىيەسىنىڭ شىمالى قىرلىرىدا ياشىغان تۇۋالارنىڭ تارىخى ئۆتمۈشىنىڭ يارقىن بەتلىرى ھىساپلىنىدۇ.

تۇۋالار بىلەن قەدىمى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېتنىك مۇناسىۋەت، قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان مىللەتلىرى مۇناسىۋەتلىرى مەسىلىسى بىلەن باغلىنىشلىق. قەدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيادا

مەۋجۇت بولغان ئوغۇزلار، قىپچاقلار،قارلۇقلار ۋە قەدىمى ئۇيغۇرلار بىرلا ئەمەس ھەرخىل ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان. مەسىلەن، ئوغۇزلار، بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامان تۈركلىرى، تۈركمەنلىرى ۋە ئازەربەيجانلىرىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئاساس بولغان بولسا، يەنە بىرتەرەپتىن باشقا ھازىرقى زامان ئېتنوسلىرى تەركىۋىدىمۇ ئوغۇز ئېلېمېنتلىرى بايقالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزبەكلەر. بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشىغان شەكىلدە قەدىمقى ئۇيغۇرلار "قالدۇقلىرى" نىمۇ ھازىرقى زامان ئېتنوسلىرى ئىچىدىن تاپقىلى بولىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇرلار ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرۈشتە ئاساس بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، تۇۋالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن باشقا تۈركىي مىللەتلەردىمۇ "ئۇيغۇر"يىلتىزلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

خۇلاسىلىگەندە شۇنى ئۈمىت قىلىمەنكى، روسىيە ئالىملىرى قانات يايدۇرىۋاتقان، "ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى-مەدىنىيىتىنىڭ بۈيۈك يادىكارلىقى"(س.ئى.ۋاينشتېين سۆزى)پورباژىن تەتقىقاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر دەۋرىگە ئائىت نۇرغۇن مەسىلەرنى يېشىپ يورۇقلۇققا چىقارغۇسى.

## ئاپتور پايدىلانغان مەنبەلەر:

Л. Р. Кызласов. ئوتتۇرا ئەسىر تۇۋا تارىخى. Издательство Московского Университета. М., 1969

Л.Р.Кызласов. قەدىمقى تۇۋا. Московского Университета. 1979

Л.Р. Кызласов. Средневековые города Тувы. _ Советская археология. 1959. №3.

С.И. Вайнштейн. Древний Пор_Бажын. _ Советская этнография. №6. 1964. С. 103_114.

www.kitaphumar.com

# ياڭ زېڭشىننىڭ «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش» سىياسىتى توغرىسىدا

نۇربىيە ئوسمان

( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى 2009-يىللىق ماگىستىرانتى)

[摘 要] 杨增新统治新疆的 17 年，为了保持和巩固自己的专制政权，他推行闭关自守和愚民政策，所以在他主政时期，新疆的教育不仅没有发展，而且日益倒退。本文主要论述杨增新推行的愚民政策对新疆教育事业发展产生影响的一些表现

[关键词] 杨增信；新疆；闭关自守和愚民政策；教育

ياڭ زېڭشىننىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، شىنجاڭدا 1912-يىلدىن 1928-يىلغىچە مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. ئەينى ۋاقىتتا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا گېلاۋخۇي①(哥老会)لارنىڭ ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت يۈەن داخۇانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. يۈەن داخۇا گەرچە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تېلېگراممىسىغا بويسۇنۇپ شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن ئۇ شىنجاڭدىكى گېلاۋخۇيچىلارنىڭ ئۆزىگە قەست قىلىشىدىن قورقۇپ، تېزدىن يۇرتىغا كېتىۋېلىشقا ئالدىرىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەسلىدىكى قەشقەر مۇپەتتىشى يۈەن خۇڭيۈنى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا كۆرسەتتى. نەتىجىدە، يۈەن خۇڭيۈ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇ ئامالسىز مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ياڭ زېڭشىننى «تۇتۇق، قوشۇمچە پەرمانبەردار»لىققا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما يوللىدى. يۈەن شىكەي يۈەن داخۇانىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى (1912) 5-ئاينىڭ 18-كۈنى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تارىخى ياڭ زېڭشىننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىگە كىرىشكە باشلىدى.

www.kitaphumar.com

ياڭ زېڭشىن (1864ـ1928)، تەخەللۇسى دىڭ چېن، يۈننەن مېڭزى ناھىيەسىنىڭ موبېي كەنتىدىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3ـيىلى (1864) 3ـئاينىڭ 6ـكۈنى تۇغۇلغان، مىنگونىڭ 17ـيىلى (1928) 7ـئاينىڭ 7ـكۈنى 64 يېشىدا ئۆلگەن. ياڭ زېڭشىن بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا «تۆت كىتاب، بەش دەستۇر» نى ئوقۇپ، گۇاڭشۈنىڭ 14ـيىلى (1888) ئەمەلدارلىققا ئىمتىھان بەرگەن، 1889ـيىلى تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن. گەنسۇدا ئامبال، ئايماقدار، مۇپەتتىش، مائارىپ ياساۋۇلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1907ـيىلى شىنجاڭ ۋاسسالبېگى ۋاڭ شۈنەننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى ليەن كۈيزۇ تەرىپىدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ۋالىي نائىبى سۈپىتىدە قالدۇرۇلغان، قورۇقلۇق ئارمىيە شۆتاڭىدا نازارەتچى ئامبال، ۋالىي، تەربىيەلەش ئورنىدا كېڭەش ئەمەلدارى بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي پايتەختكە چاقىرىلىپ، سىشى تەيخۇ بىلەن گۇاڭشۈ(1871ـ1908) نىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن②. ئۇ پايتەختتىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنى 1907ـيىلى 7ـئايدا ئاقسۇ مۇپەتتىشى بولغان. 1911ـيىلى 4ـئايدا بارىكۆل ـ ئۈرۈمچى باسقاقبېگى، قوشۇمچە تەپتىش ئەمەلدارى بولۇپ يۆتكەلگەن. 1912ـيىلى 3ـئايدا شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، تۇتۇق بولغان. 7ـئايدا ئىلى ئىنقىلاب پارتىيەسىدىكىلەر بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، 1913ـيىلى تۇرپان، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى قوشۇنىنى پارچىلىغان. ئوچۇق تېلېگراممىا ئېلان قىلىپ، يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىنى قوللىغان. 1918ـيىلى كۈچادىكى مەمەت ئېلىخان توپىلىڭىنى باستۇرغان③. 1928ـيىلى 7ـئاينىڭ 7ـكۈنى ھەربىي ۋازارەتنىڭ نازىرى پەن ياۋنەن قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ بۇ تۇتۇقبېگى سېپى ئۆزىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قالدۇق ئەمەلدارى بولۇپ، فېئودال بىئوگراتلار سىنىپىغا مەنسۇپ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى ئاساسىي جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى كونا بەنزە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن ئەمەلدارلىرى ساقلاپ قېلىنغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ياڭ زېڭشىننىڭ يۈەن شىكەينىڭ خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللىشى مۇقەررەر ئىدى. شىنجاڭدا مۇستەبىتلىك ھاكىممۇتلەقلىقنى يۈرگۈزۈۋاتقان ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ھىمايە قىلىشتەك بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، كاتتىلارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش كويىدا ئىدى. لېكىن، ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەينىڭ كۈچىنى ۋە يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىنى قوللاشنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتكەن. ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھ بولۇشىنى ھىمايە قىلىشتا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان. قۇمۇل رايونى يۈننەندىكى يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش ھەرىكىتىگە ئەڭ بۇرۇن ئاۋاز قوشقان

www.kitaphumar.com

رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ياڭ زېڭشىن يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش سىياستى پىلانىغا قارىتا شىنجاڭدا كىم قارشى تۇرسا، شۇنى يوقىتىشنى يولغا قويغان ھەمدە تىغ ئۇچىنى پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى قوغداش ھەرىكىتىگە ۋە شىنجاڭ خەلقىگە قاراتقان④. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى نەتىجىسىدە، يۈەن شىكەي 1916ـ يىلى 3ـئاينىڭ 22ـكۈنى پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى ۋە 6ـئاينىڭ 6ـكۈنى ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھىمايە قىلىشتەك ھەرىكىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى. مەسىلەن، ھاكىمىيەت ئاپپاراتىنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش، ئارمىيەنى تارقاق باشقۇرۇش ۋە ئەسكەرلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش سىياستى، بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياستى، تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تىزگىنلەپ باشقۇرۇش سىياستى قاتارلىقلارنى يولغا قويدى. بۇ سىياسەتلەر ئىچىدە، بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياستى شىنجاڭنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. تۆۋەندە ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە يولغا قويغان بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياستى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن:

## 1. بېكىنمىچىلىك سىياستى

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئىزچىل تۈردە ئۆزىنىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قىلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياستىنى يولغا قويغان. ياڭ زېڭشىننىڭ يولغا قويغان بېكىنمىچىلىك سىياستى لاۋزى تەلىماتىدىن كەلگەن. «بېكىنمىچىلىك تۈزەش»نىڭ بىر يادروسى لاۋزىنىڭ «دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولسا، باشقۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن ئىدىيەسىدۇر، ئۇنىڭ ماھىيىتى «بېكىنمىچىلىك» بولۇپ، ئاتالمىش «دۆلەت كىچىك، خەلق ئاز بولسا، بېكىنمىچىلىك باشقۇرۇشقا ئەپلىك بولىدۇ»دىن ئىبارەت. ياڭ زېڭشىن «دۆلەت چوڭ بولسا، باشقۇرۇش تەس بولىدۇ، دۆلەت كىچىك بولسا، باشقۇرۇش ئاسان بولىدۇ؛ خەلق كۆپ بولسا، باشقۇرۇش تەس بولىدۇ، خەلق ئاز بولسا باشقۇرۇش ئاسان بولىدۇ» دېگەننى قايتا ـ قايتا تەرغىب قىلىپ «چوڭ دۆلەتلەرنى كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلاش»نى تەشەببۇس قىلدى⑤. ياڭ

زېڭشىن بېكىنىۋېلىپ باشقۇرۇش ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە قارشى تۇردى. ئۇ: «قوشنا دۆلەتلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ، خورازلىرىنىڭ چىللىشى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، خەلقلىرى قېرىپ ئۆلگىچە ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلمىسا، دۆلەتلەر ئۆزئارا تىنچ بولىدۇ، ۋەقە كۆرۈلمەيدۇ. بېرىش-كېلىش بولسا، رىقابەت بولىدۇ، ئالاقە بولمىسا، سىرتقى ئاپەت بولمايدۇ»، «بىر دۆلەت شۇنداق قىلسا، بىر دۆلەت ئامان بولىدۇ، ھەممە دۆلەت شۇنداق قىلسا، ھەممە دۆلەت ئامان بولىدۇ»⑥ دېگەننى تەرغىب قىلدى ھەممە مۇشۇنداق ئىدىيەسى بولغاچقا، ئۇ ئىلغار تېخنىكىنى كىرگۈزۈشكە تەسىر يەتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى تېگىشلىك تەرەققىي قىلدۇرالمىدى.

ياڭ زېڭشىن «كىچىك دۆلەت، نادان خەلق» بولۇشنى تەرغىب قىلىپ، شىنجاڭنى ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇش ھەم بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇستەبىتلىك ھاكىمىيەتلىق ھوقۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان. «بېكىنىۋېلىش» ۋە «نادانلىقتا قالدۇرۇش» سىياسىتى ماھىيەتتە بىر خىل مۇتەئەسسىپلىك، كونىلىقنى ترىلدۈرۈش پەلسەپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى كونىلىقنا ئېسىلىۋېلىش، قەدىمكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قىلىش، ئىلگىرلەشكە قارشى تۇرۇش. بۇ خىل تەرغىب ئېنىقكى، شىنجاڭنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى توسۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىلغار ھېسابلانغان پەن-تېخنىكىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە يول قويمىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە قارىتا، قاتتىق مۇداپىئە ئېلىپ باردى. شۇ سەۋەبتىن، 1919-يىلىدىكى «4-ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاب-كۈرەشلەر ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلالمىغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تولىمۇ ئارقىدا قالدۇرغان ۋە مۇئەييەن دەرىجىدە چېكىندۈرگەن.

## 2. «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش» سىياستى

ياڭ زېڭشىن خەلقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، شىنجاڭدا مەدەنىيەتنى قامال قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇ شىنجاڭغا تۇتۇق بولغان مەزگىلدە، شىنجاڭنى لاۋزىنىڭ «دانىشمەنلەرنى ئەتىۋارلىماي، نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسى بىلەن ئىدارە قىلدى⑦. ئۇ لاۋزىنىڭ «نادانلارنى ئەتىۋارلاش» نەزەرىيەسىنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت قالاق ھالەتتە تۇرۇش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ياڭ زېڭشىن لاۋزى تەلىماتىغا چوقۇنۇپ، «نادانلىق قىممەتلىك» دېگەن

www.kitaphumar.com

ئىدىيەنى تەرغىب قىلدى، بۇنىڭدىكى مەقسىتى شىنجاڭنى «گومۇشلار دۇنياسى»غا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىلىمسىز «ئەڭ قەدىمكى ئادەملەر»گە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى مىلىتارىست ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. ياڭ زېڭشىن يولغا قويغان خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى «خەت يازالمايدىغان، كىتاب ئوقۇيالمايدىغان» ۋە «نادانلىق، ئويۇن-كۈلكە بىلەنلا ياشايدىغان» «پاراسەتسىز خەلق»قە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «بىپەرۋالىق بىلەن باشقۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش⑧.

ياڭ زېڭشىن «خەلقنى باشقۇرۇشنىڭ تەسلىكى ئۇلارنىڭ ئەقلىنىڭ كۆپلىكىدە» دېگەننى نەزەرىيەۋى ئاساس قىلىپ، «دۆلەتنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىدارە قىلىش» تەشەببۇسىغا قارشى چىقتى⑨. دۆلەتنى ئەقىل-پاراسەت بىلەن باشقۇرۇشتا نادانلار يوقىتىلىدىغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئويغىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نەتىجىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلالمايتتى. بىلىم يۇرتى تەسىس قىلىپ، مەكتەپ ئېچىپ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئەسلىدە «ئادەملەرنى كىتاب ئوقۇپ قائىدە بىلىدىغان قىلىش»نىڭ، ئۇلارنىڭ «ئادەتتىكى بىلىملىرى»نى كۆپەيتىپ، «خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئېچىش»نىڭ ئاساسلىق يولى ئىدى. لېكىن، ياڭ زېڭشىن «ئەقىل-پاراسەتتىن چوڭ ساختىلىق چىقىدۇ» دېگەن تەلىماتتا چىڭ تۇرۇپ، «قانچە ئەقىللىك بولغانلار شۇنچە ساختىپەز بولىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى تەرغىب قىلدى. ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىگە، ئىجتىمائىي ئىسلاھات، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا قارشى تۇردى. ياڭ زېڭشىن «خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش» سىياسىتىنى باشتىن-ئاخىر مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى قىلغان بولۇپ، ئۇ مەكتەپلەرنى «قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدىغان مەنبە» دەپ قارىغان ۋە «يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، ناتوغرا گەپ-سۆز، قوپال قىلىقلار» يۈز بېرىپ، «كەلكۈن سۇ، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئاپىتى» كېلىپ چىقىشىدىن قورقتى⑩. ئېنىقكى، ياڭ زېڭشىن يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەتنى كەلكۈن سۇ، يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشىتىپ، يېڭى ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىدىن قورققان. مائارىپنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى قوزغىتىشقا قىزىقمىدى. مەكتەپلەردە ئۆتىلىدىغان دەرسلىكلەر يەنىلا «تۆت كىتاب، بەش دەستۇر» تۈرىدىكى نەرسىلەر بولۇپ، بۇرژۇئا دېموكراتىك سىياسىيسى ۋە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى ھەققىدىكى دەرسلىكلەر يوق دېيەرلىك ئىدى، بالىلارغا سىڭدۈرۈلگىنى فېئوداللىق ئەخلاق ئىدى.

ياڭ زېڭشىن يولغا قويغان نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

www.kitaphumar.com

ئىلگىرى چىك سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ مالىيەسىگە ھەر يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئاجرىتىپ بېرىدىغان مەخسۇس پۇل ۋە ياردەم پۇل تەخمىنەن 3 مىليون سەر ئىدى. بىراق يېخىپۇەن ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئىچكى-تاشقى مالىمانچىلىق سەۋەبىدىن چىك سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتكە بولغان كونتروللۇقىنىڭ ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ، مەركەز ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىدىغان ئىقتىسادىي ياردەم تەمىناتى ئۈزۈلۈپ قالدى. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ياردىمى ئۈزۈلۈپ قالدى، مىنگونىڭ 2-يىلى (1913) دىن باشلاپ مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭغا ھەر يىلى 600 مىڭ يۈەن مالىيە ياردىمى قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئىچكى قالايمىقانچىلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن قېتىم توختاپ قالغان.

ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 1-يىلى «ھۆكۈمەتتىن بېرىلىدىغان تەمىنات ئۈزۈلدى، مالىيەدە قىيىنچىلىق كۆرۈلدى» دېگەننى باھانە قىلىپ، شىنجاڭ رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپى، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پېداگوگىكا مەكتىپىنى بىر-بىرلەپ تاقىۋەتتى[11]، ھەرقايسى ناھىيەلەردىكى يۇقىرى سىنىپلىق، تۆۋەن سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر شۇ چاغدىكى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يول قويمىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، لېكىن مائارىپ جەھەتتە نۇرغۇن رايونلاردا يەنىلا خۇسۇسىيلار مەكتەپلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. دەرسلىكلەر بۇرژۇئازىيەنىڭ دېموكراتىك سىياسىتىگە ۋە پەن-مەدەنىيىتىگە دائىر مەزمۇنلار يوق دېيەرلىك بولۇپ، يەنىلا تۆت كىتاب، بەش دەستۇر قاتارلىق فېئودالىزم ئەقىدىلىرى دەرسلىك قىلىندى. ياڭ زېڭشىن «بىر تەرەپتىن بېقىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش»نى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ئۆسمۈرلەرنى «ئۆز قېرىنداشلىرىغا ۋاپادار بولۇش» ئەقىدىسى بىلەن تەربىيەلەپ، كەلگۈسىدە ئۇلارنى «يارامسىز»لاردىن قىلىپ قويماي، «جاھاننىڭ ئىپىنى بىلىدىغان» قىلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنى بويۇنتۇرۇق دەپ قارىدى، مەكتەپكە كىرىدىغانلار «ناھايىتى ئەتىۋار» بولۇپ كەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى مەكتەپتە ئوقۇشنى خەتەرلىك ئىش دەپ قارىدى. شۇ چاغدىكى «ئوقۇش تۈزۈمى» بويىچە «ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالتە ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان ۋاقتى ئوقۇش يېشى» ھېسابلاندى ۋە «مەجبۇرىي مائارىپ» تەربىيەسى ئالىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. لېكىن، ياڭ زېڭشىننىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى تۈپەيلىدىن «ئويغىنىش كېچىككەن»لىكتىن ئوقۇغىلى مەكتەپ يوق، ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەكتەپ سىرتىدا قالدى، كىرەلىگەندىمۇ «10 ياش ئەتراپىغا يەتكەندە» ئاندىن كىرەلىدى.

ياك زىڭشىن شىڭشىڭشيا (星星峡) ۋە چېگرادا قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىپ، كىرىپ-چىققان كىشىلەرنى، خەت-چەكلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئىچكىرى ۋە چەت ئەلنىڭ بارلىق كىتاب-ژۇرناللىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توستى، شىنجاڭدا كىتابخانا ئېچىشقا يول قويمىدى⑫. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا بىردىنبىر بار بولغان «تەڭرىتاغ گېزىتى» ياڭ زىڭشىننىڭ كانىيىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆڭۈزغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كونىلىقنى ئىرىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، فېئوداللىق خۇراپاتلىقنى تەرغىب قىلغان.

### 3. ئادەم ئىشلىتىش سىياستى

ياڭ زىڭشىن شىنجاڭدا يولغا قويغان خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياستىنىڭ تەسىرى مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئىختىساسلىقلار قىس بولۇش تەرەپتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ياڭ زىڭشىن ئادەم ئىشلىتىشتە «نادانلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ چېچەنلەرنى ئىشلەتمەسلىك» دېگەننى تەشەببۇس قىلدى⑬. ياڭ زىڭشىننىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى ئاساسىي جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى كونا بەنزە بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسىدىن قېپقالغان چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار، شىنجاڭ ئىلى باش تۇتۇق مەھكىمىسىدە ئىنقىلابچىلاردىن بىر نەچچىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىنتايىن ئاز ساندا ئىدى. مۇشۇ ئادەملەر ئىچىدە بەزىسى كونا بىئوگرات، بەزىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سانغۇن. ياڭ زىڭشىننىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار توختىماي يەڭگۈشلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغىنى يەنىلا بىر نەچچە ئادەم بولغان.

ياڭ زىڭشىن شىنجاڭغا تۇتۇق بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا خۇنەن، خۇبېيلىكلەر (湘楚人) كۆپ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يېقىنلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، يات كىشىلەرنى چەتكە قاقتى، شۇنىڭ بىلەن ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنىڭ تەشكىلىي قىسمىدا بارا-بارا ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى، نۇرغۇنلىغان يۈننەنلىك يۇرتداشلىرى رۇسيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ، بەس-بەستە ياڭ زىڭشىنغا خىزمەت قىلدى⑭. ياڭ زىڭشىن بۇ يۇرتداشلىرىغا ۋەزىپىلەرنى تۇتقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ قولچوماقلىرىغا ئايلاندۇردى. ياڭ زىڭشىن گەنسۇدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتىدىكى شاگىرت ۋە ئەمەلدارلارمۇ مۇناسىۋەتكە تايىنىپ مەنسەپ تۇتۇشقا ۋە بايلىق توپلاش مەقسىتىدە بەس-بەستە شىنجاڭغا كىردى، شۇنىڭ بىلەن يۈننەن ۋە شەنشى-گەنسۇلۇق ئەمەلدارلار زور مىقداردا كۆپەيدى. شيا دىڭ، لى يىن، مايلار ۋەقەسىدىن

www.kitaphumar.com

كېيىن⑮، ياڭ زېڭشىن يۇننەنلىكنى ئىشلەتمەسلىكنى قارار قىلدى ھەمدە شەنشى، گەنسۇلۇقلارنى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويدى. ھەربىيلەرنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئوفتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ نەشە چېكىشىگە يول قويغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بوشىشىپ جەڭگىۋارلىقى يوقالغان. ئوفتسېرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە، كۆپىنچىسىنى ئۆز ئارتۇقچىلىقىدىن چەتلەشتۈردى، مۆلكىي ئادەملەر ھەربىي ئەمەلدار، ھەربىيلەر مۆلكىي ئەمەلدار بولدى، ھەتتا ئاخۇن، گىگەنلەر ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىدى، ھەربىي تەلىم-تەربىيە ئالغان ئوفتسېرلار ئاز بولدى. ياڭ زېڭشىنىڭ مىلتارىست ھاكىمىيىتىگە سادىق ياكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭ ئادەم ئىشلىتىشىنىڭ ئۆلچىمى ئىدى، ئۇ ئۆزىگە مۆمىنلىك بىلەن بويسۇنىدىغان بىر قىسىم قابىلىيەتسىز كىشىلەرنى ئەتىۋارلاپ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويغان بولۇپ، بۇ كىشىلەر ئۇنىڭ مىلتارىستلىق ھاكىمىيىتىگە خائىنلىق قىلمايتتى.

ياڭ زېڭشىنىڭ خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭدا مائارىپ تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن، شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچى، ئەمەلدار، دىپلوماتىيە خادىملىرى ۋە تېخنىكلار ئىنتايىن قىس بولغان. بۇ خىل ھادىسە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئەمەلدارلارنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى، لېكىن ئۇ ئىچكى ئۆلكىدىن كەلگەن كىشىلەرنى كەلگۈسىدە باشقۇرۇلماي قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلاردىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلدى. 1916-يىلى يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھلىقنى تىرىلدۈرۈش ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ۋەزىيەتكە بويسۇنۇپ، ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە شىنجاڭدا ئاز ساندىكى مەكتەپلەرنى ۋە تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك كۇرس خاراكتېرىدىكى تەتقىقات ئورۇنلىرىنى قۇردى.

مىنگونىڭ 5-يىلى (1916)، ياڭ زېڭشىن ئالدى بىلەن دىخۇادا پېداگوگىكا كۇرسى ئېچىپ، يۇقىرى-تۆۋەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈردى. ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ھەرقايسى ناھىيەلەردىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن نەتىجىسى ياخشى بولغان 45 ئوقۇغۇچىنى كۇرسقا قوبۇل قىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلار ئاز، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار كۆپرەك بولدى. مىنگونىڭ 5-يىلى (1916) دىن مىنگونىڭ 13-يىلى (1924) يىلىغىچە جەمئىي تۆت قارار ئېچىلىپ، 200 دەك ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى، كۆپ قىسمى ھەرقايسى ناھىيەلەرگە باشلانغۇچ مەكتەپ

مۇدىرلىقىغا، ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى. مىنگونىڭ 13-يىلى (1924) ئۆلكىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى مۇنتىزىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، بىر سىنىپتا 40-50 ئوقۇغۇچى بولۇپ، تۆت يىلدا مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ كۇرس ئاچمايدىغان بولدى. پېداگوگىكا مەكتىپىدىن كېيىن ياڭ زېڭشىن يەنە مىنگونىڭ 9-يىلى (1920) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاچتى، بۇ مەكتەپتە رۇس تىلى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان بولۇپ، رۇسچە قانۇن، سىياسەت مەخسۇس مەكتىپى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى مەقسەت قىلدى.

ياڭ زېڭشىن ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن پۈتۈن شىنجاڭدا «ئىختىساسلىق» ئەمەلدار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ناھىيە ئامبىلى قاتارلىق ئەمەلدارلاردىن شىنجاڭدا 40 تىن ئارتۇق ئادەم كەم بولدى⑯. «ئىختىساسلىقلار قانچە ئاز بولسا، ئىدارە قىلىش شۇنچە ئاجىزلىشىدۇ» «ئىدارە قىلىشنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى تامامەن ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ.» ياڭ زېڭشىن «ئەمەلدار يېتىشتۈرۈش» ئارقىلىق «ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ»، ناھىيە ئامباللىرى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇپەتتىش مەھكىمىسىدە سىياسىي تەتقىقات ئورنى قۇرۇپ، «ئەمەلدار يېتىشتۈرۈش»كە ئىجازەت بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تەلەپ سۇندى. ياڭ زېڭشىن بۇ ئورۇنغا 12 مىڭ سەر ئاجرىتىپ بەردى، ئوقۇغۇچى چەكلىمىسى 24 نەپەر بولۇپ، 1916-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئوقۇش باشلاندى. دىپلوماتىيە، مالىيە، ساقچى، سودا-سانائەت، قانۇن ۋە ھېساب قاتارلىق ئالتە خىل دەرس ئۆتۈلدى. مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلىرىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا شۇەنتۇڭنىڭ 3-يىلى (1911) يېڭىدىن تۈزۈلگەن «ئومۇمىي تەزكىرە» تارقىتىپ بېرىلدى. ئاي ئاخىرىدا بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىنىپ، نەتىجىسىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا قاراپ تەمىنات بېكىتىلدى⑰.

شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگراداش بولغاچقا، ئالاقىلىشىپ بېجىرىدىغان ئىشلار كۆپ بولدى، بولۇپمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئاق گۋاردىيچىلار قالايمىقان قىلغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆزئارا بەش كونسۇلخانا قۇردى ۋە سودا ئالاقىسى ئورناتتى. لېكىن، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا خادىملار يېتىشمىدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە خادىملىرى قىس بولغاچقا، شىنجاڭغا ياردەم بەرگۈدەك ئىمكانىيىتى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى خادىم ئەۋەتەي دېسە، ياڭ زېڭشىن خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ شىنجاڭدىكى مەرتىۋىسىنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قىلىش، باشقىلارنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە دىپلوماتىيە خادىملىرى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەي قالغان مۇشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «ئۆز ئۆلكىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئۆلكىسىدىن چىققان ئىختىساسلىقلار

ئارقىلىق باشقۇرسا، باشقا جايلاردىن ئادەم ئەكىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ» دەپ قاراپ، شىنجاڭغا باشقا جايلاردىن خادىم ئەكىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 13 ـ يىلى (1924) كۈزدە دىخۇادا شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي قانۇن مەخسۇس مەكتىپىنى قۇردى⑱. شۇ چاغدا، رۇسچە سىياسىي قانۇن مەخسۇس مەكتىپى شىنجاڭدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. بۇ مەكتەپ رۇس تىلىنى نۇقتا قىلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان دىپلوماتىيە خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ بولۇپ، ئاز ساندا ئۇيغۇر، مانجۇ ۋە شىبە ئوقۇغۇچىلار بار بولدى. ياڭ زېڭشىن بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىرى، سىياسىنى تىلغا ئالماسلىق، يەنە بىرى، رۇسچىنى راۋان سۆزلەيدىغان بولۇش دېگەن ئىككى تەلەپنى قويۇپ، بۇ مەكتەپكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. 1 ـ قارار ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندە، سوئال سوراپ، رەم سېلىشتەك ئالدامچىلىق ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەقىللىق، دۆت، ناچارلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، ئۆزىگە سادىق ياكى ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقىغا سادىق «قابىلىيەتلىكلەر»نى تاللىدى.

ياڭ زېڭشىن ئۇزۇن مەزگىل بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە نىسبەتەن قاتتىق مۇداپىئە قىلىش ۋە باستۇرۇش ئېلىپ بارغان. شۇ سەۋەبتىن، «4 ـ ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق ئىنقىلابىي كۈرەشلەر شىنجاڭدا كۆرۈنەرلىك تەسىر پەيدا قىلالمىغان. ياڭ زېڭشىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك ياش ئوفىتسېر ئەمەلدارلار ياڭ زېڭشىنىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن فېئوداللىق مۇستەبىتلىك سىياسىتىگە قارشى تۇردى. ئۇلار يەن ياۋنەننى مەركەز قىلىپ، بارا ـ بارا سىياسىي سەھنىدىكى ئۆكتىچىلەر بولۇپ شەكىللىنىپ، ياڭ زېڭشىن باشچىلىقىدىكى جاھىللار گۇرۇھىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. ئۇلار ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىللەتلەر زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. سىياسەت ئىنتايىن چىرىكلىشىپ كەتتى، شىنجاڭنى ياخشى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ھەرقايسى مىللەتلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر، دەپ قارىدى. بۇ خىل تەشەببۇسلار ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا تارقىلىشقا ۋە قوغداشقا ئېرىشتى. يەن ياۋنەن قاتارلىقلار 1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك رۇسچە سىياسىي قانۇن مەخسۇس مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن پايدىلىنىپ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈردى.

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىلدا ئۆزىنىڭ مىللەتارىست ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويغان بېكىنمىچىلىك سىياسىتى ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا تەرەققىيات بولمىغان، ھەتتا چېكىنىشكە قاراپ ماڭغان. ياڭ زېڭشىنمۇ شىنجاڭنىڭ بۇ خىل چېكىنىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئويىدا بولمىغان. كېيىن ياڭ زېڭشىن ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئوقۇتقۇچى، دىپلوماتىيە خادىملىرى، ئەمەلدار قاتارلىقلارنى تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن تەربىيەلەش كۇرسلىرى ۋە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مائارىپنى يولغا قويغان، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈنلا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ھەمدە ئارقىدا قالغان مائارىپ ھالىتىنى ئۆزگەرتىش مەقسىتى يوق ئىدى.

دېمەك، يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا بېكىنمىچىلىك، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈپ، شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرىنى قامال قىلىپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيەسىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىي قىلغان ئىلغار تېخنىكىلارنى ئىشلىتىشىنى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىنى، ئەقلىنىڭ ئېچىلىشىنى توسۇپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدا ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ ئايرىم بىر دۇنياسى قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا، دىپلوماتىيە ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشى، بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ ئويغىنىشىغا ئەگىشىپ ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭ توغرىسىدىكى شېرىن چۈشىنى بىتچىت قىلىۋەتكەن. لېكىن، بېكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنى چېكىندۈرگەن.

## ئىزاھاتلار:

① گېلاۋخۇي (哥老会): ئىچكىرىدىكى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى مەخپىي تەشكىلات بولۇپ، سىچۈەندە پەيدا بولغان. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن ئېقىنىدا ئىنتايىن جانلانغان. 1877-يىلى زو زۇڭتاڭ قىسىملىرى بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان.

②چېن خۇيشېڭ، چېن چاۋ تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى 11-ئاي (ئۇيغۇرچە)، 73-بەت.

③④⑤⑥⑦⑬چېن خوۋېشېڭ، چېن چاۋ تـۈزگەن: «شـىنجاڭنىڭ منگـو دەۋرىـدىكى تـارىخى»، شـىنجاڭ خەلـق نەشـرىياتى، 2004-يىلـى 11-ئـاي (ئۇيغـۇرچە)، 131-، 134-،236-بەتلەر.

⑩ چېن خوۋېشېڭ، چېن چاۋ تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ منگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى 11-ئاي (ئۇيغۇرچە)، 136-بەت.

⑪⑯⑰⑱ چېن خوۋېشېڭ، چېن چاۋ تۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ منگو دەۋرىدىكى تـارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى 11-ئاي (ئۇيغۇرچە)، 262-، 266-،268-بەت.

⑫ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ نازارىتى شىنجاڭ تارىخى ماتېريال گۇرۇپپىسى تـۈزگەن: «شـىنجاڭ يەرلىـك تـارىخى» شـىنجاڭ ئۇنىۋېرسـتېتى نەشـرىياتى، 1991-يىـل (خەنزۇچە)، 263-بەت.

⑭ شـىنجاڭ ئىجتىمـائىي پەنـلەر ئاكادېمىيەسـى تـارىخ تەتقىقـات ئـورنى تـۈزگەن: «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى، 3-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل (خەنـزۇچە)، 116-بەت.

⑮ شىيادىڭ، لى يىن، مايلار ۋەقەسى: 1916-يىلىنىڭ بېشىدا مايى شىيادىڭ ۋە لـى يىـنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، يوەن شىكەيگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلدى. بۇنى شيې ۋىنفۇ بىلىپ قىلىپ ياڭ زېڭشىنغا دوكلات قىلىپ قويدۇ، نەتىجىدە ئۇلار ئۆلتۈرۈلدۇ.

## پايدىلانمىلار:


1. چېن خوۋېشېڭ، چېن چاۋ: «شىنجاڭنىڭ منگو دەۋرىدىكى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004-يىلى 11-ئاي (ئۇيغۇرچە) نەشرى.

2. خۇاڭ جيەنخۇا: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شـىنجاڭدىكى سىياسـەتلىرى توغرىسـىدا تەتقىقات» (خەنزۇچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003-يىلى 4-ئاي، 1-نەشرى.

3. شـىنجاڭ ئۇيغـۇر ئـاپتونوم رايـونى مائارىـپ نـازارىتى شـىنجاڭ تـارىخى ماتېرىيـال گۇرۇپپىسى: «شـىنجاڭ يەرلىـك تـارىخى» شـىنجاڭ ئۇنىۋېرسـتېتى نەشـرىياتى، 1991-يىـل (خەنزۇچە) نەشرى.

4. شـىنجاڭ ئىجتىمـائىي پەنـلەر ئاكادېمىيەسـى تـارىخ تەتقىقـات ئـورنى: «شـىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى، 3-قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل 8-ئاي (خەنزۇچە) نەشرى.


يېكىتكۈچى: (تارىخ پەنلىرى پىروفىسورى) رەھمۇتۇللا ھەسەن

www.kitaphumar.com

# قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلانغان قەدىمكى فامىلە ۋە ئەن – تامغىلار

**ئارسلان ئابدۇللا**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى فامىلىلىرىمۇ كۆپلىگەن باشقا مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرىگە ئوخشاش ئۇرۇق ۋە ئۇرۇق ئەزالىرىنى پەرقلەندۈرۈش، جەمەت ئەزالىرى ئارا نىكاھلىنىش ياكى يېقىن تۇغقانلار ئارا زىنا قىلىشنى چەكلەشنى مەقسەت قىلىپ شەكىللەنگەن قەبىلە بەلگىسى، ئۆزى تەۋە قەبىلىنىڭ نامى ياكى تۇتېم نامىنى ئىسمىنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە قوشۇشتىن ئىبارەت نام – ئاتاق، بەلگە سىستېمىسىدۇر. ئالايلۇق، تۇتېمدىن كېلىپ چىققان فامىلىلەر: بۆرى بارس، ئارسلان توڭا، ئارسلان پالۋان، ئالپ ئارسلان، ئەرك ئارسلان، تەمۈر بۇقا، بەگبۇقا، باي بۇقا، بۇلات بۇقا قاتارلىقلار، ئۇرۇق – قەبىلە نامىدىن كېلىپ چىققان فامىلىلەر: قارلۇق ئەۋزۇر، باسمىل سارىغ، چىپاق ئۇرۇق، ئۇيغۇر تاپمىش ۋەھاكازالار①.

فامىلە بىر خىل ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئۇرۇق ياكى جەمەتنىڭ ئۆرپ – ئادەت، پىسخىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەلۇم ئورتاق ئالاھىدىلىكى ۋە نەسەب مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ خېلى كۈچلۈك داۋاملىششچانلىق ۋە ۋارىسچانلىققا ئىگە. جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار كۆچمەن – چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۇرۇق – قەبىلىلەر پەيدىنپەي قوشۇلۇپ بىر گەۋدىلەشكەن، جەمەت قارىشى ئۈزلۈكسىز ئاجىزلاشقان، ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي فۇنكسىيىسى، سىرلىق تۈسى ۋە داۋاملىششچانلىقىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاشقان. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەرەبلەرنىڭ فامىلىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەنئەنىۋى فامىلە سىستېمىسى پەيدىنپەي يوقىلىپ، ئاخىرى ئۇيغۇرلاردا داۋاملىششچانلىقى بولغان ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىدىغان ھەتتا ئانچە قاملاشمىغان جەمەت لەقىمى بىلەن ئۇرۇق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ۋە كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ مۇجەسسەمگاھىدا ياشايدىغان كۆپ قىسىم قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى 16 – ئەسىرگە كەلگەندىمۇ يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولۇپ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن ئالاھەزەل تۆت – بەش يۈز يىل كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە

www.kitaphumar.com

ئەرەب – پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىغان بولغاچقا، كۆچمەن – چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىنى تاكى بۇگۈنكى كۈنگىچە ساقلاپ قالغان، شۇنداق بولغاچقا قەدىمكى تىل – مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى خېلى كۆپ ساقلاپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى قەدىمكى فامىلىلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ قوللىنىلماقتا. بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان «فامىلە»، ئۇنىڭ ئۇرۇق ياكى جەمەت – نەسەب مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈش فۇنكسىيىسىگە قارىتا ئېيتىلغان، ھالبۇكى ئاتاش شەكلى ياكى ئىشلىتىش شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى فامىلىلەر قەدىمكى فامىلىلەرگە ئوخشاش ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، كۆپ قىسىم فامىلە ئىسمىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ ئىشلىتىلمەكتە. تۆۋەندە تەسىرى كۈچلۈك بىر نەچچە جەمەتنىڭ فامىلىسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

1. t/r ɛ mø t( ɛll ɛ mø چۇمۇل)

n ɛ mø t ياكى ømɛllɛl قەدىمكى تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى (چۇمۇل) دىن كېلىپ چىققان. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا چۇمۇللار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر...... ھەربىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىر مۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ، مەن بۇلاردىن ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم. ئۇرۇق – ئايماقلىرىنى تاشلىدىم. ........... مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. رۇمغا ھەممىدىن يېقىن جايلاشقان قەبىلە

بجنك —— Pəqənək پەچەنەك، ئاندىن قالسا قفجاق —— kifqak قىپچاق، اغز —— o uz ئوغۇز، يماك —— yəmək يەمەك، بشغرت —— bχ irt باشقىرت، بسمل basmil ، قاى —— kay قاي، يباقو —— yαbαku ياباقۇ، تتار —— tαtα تاتار، قرقز —— kirkiz قىرغىز قەبىلىلىرىدۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى رۇم ئۆلكىسى يېنىدىن شەرققە قاراپ شۇ تەرتىپتە سۈزۈلگان. ئاندىن جكل —— qigil چىگىل، تخسى —— tohsi توخسى، يغما —— yαmα ياغما، اغراق —— rak ئۇغراق، جرق —— qαruk چارۇق، جمل —— qomul چومۇل، ايغر —— uy ur ئۇيغۇر، تنكت —— tαŋut تاڭغۇت، ختاى —— hitαy خىتاي قەبىلىلىرىدۇر...... سەھرا – قىر خەلقلىرىدىن بولغان چومۇللارنىڭ تىلى ئالاھىدە بىر تىل بولۇپ، ئۇلار تۈركچىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ». « سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى» (ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دىن ئېلىنغان) دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قوچۇ دېمەك غەربىي ئايماق (شىجۇ) دېمەكتۇر

www.kitaphumar.com

......... جەنۇبىي تۈركلەر، شىمالىي تۈركلەر، چوڭ چىگىل، كىچىك چىگىل، ياغما، قارلۇق، خاككاس، مومانغۇت، ئۇرۇن دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەر بار». (14110 ـ بەت) «سۇڭ، لياۋ، جىن دەۋرلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «چۇمۇللار بەش دەۋر مەزگىلىدە خېلى كۈچلۈك ھاكىمىيەت قۇرغان. تەخمىنەن مىلادىيە 11 – ئەسىردىن كېيىن، تارىخنامىلەردە ئۇلارغا دائىر خاتىرىلەر چىقىلمايدۇ. ئېھتىمال ئۇيغۇرلارغا پەيدىنپەي سىڭىپ كەتكەن بولسا كېرەك». ئادەتتە چۇمۇللارنىڭ قارارگاھى ئىشىرغول (ھازىرقى قۇمۇل) ئەتراپىدا دەپ قارىلىدۇ»20. باشقا بىر قىسىم تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا لوپنۇر، چۇرچان (چەرچەن)، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردىمۇ چۇمۇللار ياشىغانىكەن. بۇ چۇمۇللار كېيىن ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرغاچقا، بۇددا دىنى راۋاج تاپقان قۇمۇلغا كۆچۈپ كېلىپ، قۇمۇلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى لوپنۇرغا ئەڭ يېقىن بولغان بوغاز، لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىق جايلارغا ماكانلىشىپ يەرلىك خەلققە سىڭىپ كەتكەن. ئەمما، بۇ چۇمۇللارنىڭ ئەۋلادلىرى، ھېلىمۇ tømɛl ياكىtømɛn دەپ ئاتىلىدۇ tomul . نىڭ فونتىكىلىق ئۆزگىرىپ tømɛl ياكى tømɛn غا ئۆزگەرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. چۈنكى، قۇمۇل شېۋىسىدە تاۋۇشنىڭ تىل ئورنى ۋە ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرىدە، تىل ئۇچى، تىل ئالدى ئۇزۇك تاۋۇشىغا يانداش تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى بەزىدە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ. ئالايلۇق، ئەدەبىي تىلدىكى شولا، kora ) (كورا) غا، سودىغا، (كالپۇك) قا، (سوناي) غا ئۆزگىرىدۇ ۋاھاكازالار. يۇقىرىقى مىساللاردىكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش [u] , [o] لار تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش [ [y ،ø] ] غا ئۆزگىرىدۇ. بۇ فونتېكىلىق ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ۋ قۇمۇل شېۋىسىدىكى [n] ۋە [ I ] ئۇزۇك تاۋۇشلىرىنىڭ سۆزنىڭ ئاخىرى ياكى بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەندە ئۆزئارا ئالمىشىش ھادىسىسىگە ئاساسەن ئۇنى فونتىكىلىق ئۆزگەرگەن شەكلى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۇمۇل جەمەتى ئاساسلىقى قۇمۇلنىڭ boʁazبوغاز، rahɛtbaʁ راھەتباغ، palwantur پالۋانتۇر، saqa ساقا ،) xotuntam خوتۇنتام( قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، (tomul) يەنە يەر نامى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، ئالايلۇق: چۇمۇلتۇر، چۇمۇل بۇلاق، چۇمۇل كۆل، چۇمۇل قورۇسى ۋاھاكازالار.

2. ɛlkilɛr ئەلكە

ɛ lkɛ ئەلكە سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (بىرىنچى توم، 175 ـ بەت) دا ɛ lkɛ bulaq (ئەلكە بۇلاق) شەكلىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، «بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلانغان. («دىۋان» بىرىنچى توم 429 ـ بەت) دا يەنە بۇلاق bulaq سۆزى مۇنداق ئىزاھلانغان: «بۇلاق بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى. ئۇلارنى قىپچاقلار ئەسىر ئالغان ئىدى،

كېيىن ئۆلۈغ تەڭرى ئۆلارنى قۇتقازدى». قۇمۇل شېۋىسىدە ɛlkɛ دېگەن سۆزمۇ، ɛlkɛbulaq دېگەن سۆزمۇ بار. بۇلار ھەرئىككىلىسى تارىخىي ئىنتايىن ئۇزاق بىر كەنت – قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزىسىنىڭ ئالتىنچى كەنتىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر كەنتتە ɛlkɛtura دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ تۇر بار، بۇ تۇرنىڭ ئەتراپىدىن بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى، بۇ مەزكۇر جاينىڭ تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىمۇ بۇ يەر ناملىرى كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنغان. ئالايلۇق:

ئەلكىدە تاۋۇز تېرىپ،
قاپاق باراڭلىق قىلدىلا،
يار ئۆستەڭگە يار تۇتۇپ،
ئەجەپ ساراڭلىق قىلدىلا.

قوش سوغامغا سۇ ئەكەلدىم،
ئەلكە بۇلاقتىن
سەن يايرىمنى دەپ كەلدىم
شۇنچە يىراقتىن

ɛlkilɛY دېگەن سۆز يەر نامى بولۇشتىن باشقا يەنە ئەلكە ۋە سوقا، لەڭگەر، ئاستانە، قوراي قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان بىر چوڭ جەمەتنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە بۇ سۆز قەدىمكى فامىلىلەرگە ئوخشاش ئىسمىنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە قوشۇلۇپ كەلمىسىمۇ، لېكىن ɛlkilɛY دېگەن كۆپلۈك شەكلىدە بىر جەمەتنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، يەنىلا فامىلە فۇنكسىيىسىگە ئىگە.

3. qarluklar(قارلۇقلار)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»(بىرىنچى توم، 618 ــ بەت) دا qarluk دېگەن سۆز «قارلۇق، كۆچمەن – چارۋىچى تۈركلەرنىڭ بىر گۇرۇھى، ئوغۇزلاردىن باشقىدۇر، ئۇلارمۇ تۈركمەن ھېسابلىنىدۇ». قۇمۇل شېۋىسىدە، مەزكۇر سۆز ھەم قەبىلىنى ئىپادىلەيدۇ ھەم يەر نامى ۋە فامىلە بولۇپ كېلىدۇ.

قارلۇقلار ئەسلىدە كۆك تۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئاساسلىقى tari ، tagil (بۇلاق / بۇلاگ) دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان. دەسلەپكى مەزگىللەردە

www.kitaphumar.com

ئاساسلىقى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى جايلاردا پائالىيەت قىلغان، كېيىن بىر قىسمى ئۆتۈكەن تېغى ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بېقىنغان. كېيىن پەيدىنپەي قۇدرەت تېپىپ، تەسىر دائىرىسى شەرقىي قىسمىدىكى ئالتاي تېغى، تارباغاتاي تېغى ۋە بېشبالىق ھەمدە ئىئۇرغول (قۇمۇل) قاتارلىق جايلارغا كېڭەيگەن. 766 – يىلى بالاساغۇن شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، قۇدرەتلىك قارلۇق خانلىقىنى قۇرغان.

قارلۇقلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ كەتكەن رايونلاردا بىر مەھەل ياشىغان، كېيىن ئۇلارنىڭ «ئۆتۈكەن تېغى ئەتراپىدا ياشايدىغان قەبىلىلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بېقىنغاندىن باشقا، غەربىي قىسمىدىكى قارلۇقلار ئالتاي تېغى، تارباغاتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى ئۆزلىرىگە قاراشلىق رايونلاردىن تۈركەش خانلىقىنىڭ زېمىنى – ھازىرقى تالاس ۋە چۇ دەريا ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن»30. ياش ئالىم سەمەت ئەسرانىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بېقىنغان ھەمدە ئىئۇرغولدا پائالىيەت قىلغان بىر قىسىم قارلۇقلار بۈگۈنكى قۇمۇلنىڭ ulanbulaq (qarluq) qorluq، kɵkjar, ɵryklyk, tarati, qalʁajti، qotazliq، قاتارلىق جايلىرىدا داۋاملىق كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىكەن. قارلۇقلارنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرى توغرىسىدا قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا مۇنداق قوشاقلار تارقالغان:

قارلۇقۇم قارلۇق سايان،
سەگۈنچىكى سەرۋان سايان.
زاماننىڭ دۇشقارىدا،
سەن بىر سايان، مەن بىر سايان

بۇ قوشاق بىر قىسىم قارلۇقلارنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقى دەستىدىن ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسى ۋە ئۇرۇق – تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا سەرسان – سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكىدەك پاجىئەلىك قىسمىتىنى تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا ئۇنىداقتا ھازىرقى قۇمۇل تەۋەسىدىكى قارلۇقتاغ، قارلۇق غول، قارلۇق كارىز، قارلۇق تۇگمەن قاتارلىق يەر ناملىرى بىر قىسىم قارلۇقلارنىڭ قۇمۇلدا ئۇزاق مەزگىل ياشاش ۋە جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر سۆز يەنە لاپچۇق، قارادۆۋە قاتارىق جايلاردا ياشاۋاتقان بىر جەمەتنى كۆرسىتىدۇ ھەم ئىسمىنىڭ ئالدىدا فامىلە بولۇپ كېلىدۇ، ئالايلۇق، قارلۇق ئىسھاق، قارلۇق سىيتى، قارلۇق توختى ۋاھاكازالار.

www.kitaphumar.com

4. t oruqlar چورۇقلار

t oruq بولسا t aruq دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» (بىرىنچى توم، 494 ـ بەت) دا t aruq دېگەن سۆز تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلانغان: «چورۇق تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى، بارچۇق barquk شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدۇ». مەھمۇد كاشغەرى تەرتىپ بويىچە كۆرسەتكەن شەرقىي تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ماكانلاشقان جايلىرىغا ئاساسلانغاندا، چورۇقلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئۇيغۇرلار ۋە چۇمۇللار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشىغان. t aruq (قۇمۇل شېۋىسىدە t oruq دېيىلىدۇ) دېگەن سۆز كۆپلۈك شەكلىدە قۇمۇلنىڭ شەھەر ئىچى ۋە لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىق جايلىرىدا ياشايدىغان بىر جەمەتنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇيغۇر خوجىلار جەمەتى ھەققىدە تەتقىقات» تەتقىقات گۇرۇپپىسى 1998 – يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، t oruq جەمەتىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇپ بارچۇق ئەتراپىدىن قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەن چورۇق قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. •

5. kɵnt ɛlɛr كەنچەك

kɵnt ɛk بولسا kɛnt ɛk نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگەرگەن شەكلى.«تۈركىي تىللار دىۋانى» (بىرىنچى توم، 626 ـ بەت) دا تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلانغان: «كەنچەك، تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى». مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» نىڭ يەنە بىر جايىدا مۇنداق دەيدۇ: «قەشقەردە كەنچەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار، شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ»40. مەزكۇر سۆز قۇمۇل شېۋىسىدە يەر نامى بولۇپ كېلىپ قۇمۇلنىڭ باغداش يېزىسى بوستان كەنتى ئەتراپىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىسى(كەنچەك شەھىرى) نى كۆرسەتكەندىن باشقا، يەنە قۇمۇلنىڭ بوغاز، راھەتباغ ۋە لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىق جايلىرىدا تارقاق ماكانلاشقان بىر جەمەتنى كۆرسىتىدۇ.

6. xular (خۇلار)

«Xu» (ئاھاڭ تەرجىمىسى «خۇ») فامىلىسىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ھەرخىل كۆز قاراشلار بار، بەزىلەر ئۇنى توققۇز ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇرۇقنىڭ بىرى) qun قۇن) دىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇنىoʁur/ʁur (ئوغۇز، غۇز) نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگەرگەن شەكلى دەپ قارايدۇ. فونېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ ئېھتىماللىقى يوق دېيەرلىك. بىزچە، مەزكۇر فامىلە تىبەتلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى ئاتىشى xuy (خۇر) دىن كېلىپ چىققان بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. بۇنىڭ ئاساسى تۆۋەندىكىچە: (1) xu فامىلىلىك جەمەت ئاساسلىقى قۇمۇلنىڭ لاپچۇققا ماكانلاشقان،

هالبۇكى لاپچۇقلارنىڭ بىر قىسمى ئىلگىرى تىبەتلەر بىسۋالغان لوپنۇر ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن. لاپچۇقنىڭ ئۇيغۇرچە نامى uq lap نىڭ ئېتمولوگىيىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ياندىن ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا،lap uq دېگەن سۆز lop(لوپ) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، يەنى lop دېگەن مەننى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن «نۇرغۇن»، «يىغلىماق» دېگەن⑤ tuʁ دېگەن سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «لوپلۇقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي» دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، xu ئاتالمىسنى قۇمۇلغا كۆچۈپ كەلگەن لوپلۇقلار قۇمۇل شىۋىسىگە ئەكىرگەن، (2) xur نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىپ xu غا ئۆزگىرىشمۇ تامامەن مۇمكىن. چۈنكى، بوغۇم ئاخىرىدىكى بولۇپمۇ بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى [r] نىڭ ئېغىز تىلدا چۈشۈپ قىلىشى خىلى كۆپ كۆرۈلىدىغان فونېتىكىلىق هادىسە. ئالايلۇق:

xu ۋەھاكازالار. ئەلۋەتتە، bar→ba : , t ar →t a: , Kelɛrjil → Kelɛju فاملىسىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

xu ئاساسلىقى لاپچۇقتا ماكانلاشقان بىر جەمەتنى كۆرسىتىدۇ، بۇ سۆز يەنە ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ فامىلە قىلىنىدۇ. ئالايلۇق: خۇ ئابدۇۋايىت، خۇ سەيدۇللا، خۇ ئىلياس ۋاھاكازالار.

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «oʁuz» ئوغۇز سۆزىنى ئىزاھلىغاندا ئوغۇزلارنىڭ ئۇرۇقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مال-چارۋىلىرىغا باسىدىغان ئەن – تامغىلىرىنى كۆرسەتكەن60، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى ــ kinik :قىنىق. زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر. ماللىرىنىڭ تامغىسى :

ئىككىنچىسى: ğKaYi ــ قايىغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: I V I.

ئۈچىنچىسى ــ bayundur بايۇندۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى: .

تۆتىنچىسى ــ iva ئىۋا. ئۇلار « ــyiva «يىۋا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تامغىسى:

بەشىنچىسى: ğ sal ـــسالغۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئالتىنچىسى: afxar ــ ئافشار. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

يەتتىنچىسى: bəktili ــ بەكتىلى. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

سەككىزىنچىسى: bügdüz ــ بۈگدۈز. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

توققۇزىنچىسى: bayat ــ بايات. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئونىنچىسى: ğ yaz ــ يازغىر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:

ئون بىرىنچىسى: əymür ــ ئەيمۇر. ئۇلارنىڭ تامغىسى:♀.

www.kitaphumar.com

ئون ئىككىنچىسى: kara bØlük ــ قارا بۆلۈك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون ئۈچىنچىسى: alka bØlük ــ ئالقا بۆلۈك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون تۆتىنچىسى:
ئون بەشىنچىسى: ürəgir ــ ئۈرەگىر. بۇلار« ــ yürəgir» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون ئالتىنچىسى: tutirka ــ تۇتىرقا. ئۇلارنىڭ تامغىسى: ΛV .
ئون يەتتىنچىسى: ğ ulayundlu ــ ئۇلايۇندلۇغ. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
ئون سەككىزىنچىسى: tügər ــ تۈگەر. بۇ سۆز بەزىدە «و – ۋاۋ» ھەرپى تاشلىنىپ، (tükər) شەكلىدىمۇ يېزىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تامغىسى: Iꝺ .
ئون توققۇزىنچىسى: pəqənək ــ پەچەنەك. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
يىگىرمىنچىسى: quɷuldar ــ جۇۋۇلدار. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
يىگىرمە بىرىنچىسى: qəbni ــ چەبنى. ئۇلارنىڭ تامغىسى:
يىگىرمە ئىككىنچىسى: qaruklu ــğ چارۇقلۇق. بۇلارنىڭ سانى ئاز، تامغىسى نامەلۇم.
مەشھۇر تارىخشۇناس ئەبۇلغازى باھادىرخان « شەجەرەئى تۈرك» « ɛ dʒɛrɛ،itɛrakimɛ » نـاملىق ئەسـرىدە: «ئوغۇزخانىنـىڭ ئـالتە ئـوغلى بـار ئىـدى. چوڭىنـىڭ ئىـتى كـۈن خـان، ئىككىنچىسى ئاي خان، ئۈچىنچىسى يۇلتۇزخان، تۆتىنچىسى كۆك خان، بەشىنچىسى تاغ خان، ئالتىنچىسى دېڭىزخان. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ دانىشمەن خوتۇنلىرىـدىن تۇغۇلغـان تـۆت ئوغلى بار ئىدى........... تۈركمەنلەر ئىچىدىكى تارىختىن خەۋىـرى بـار بىلىملىـك زاتـلار ئوغۇزخاننىڭ ئون ئىككى ئۆلكىگە تارقالغان 42 نەۋرىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسى، تامغىسىنىڭ شەكلى ۋە چوقۇنىدىغان قۇشىنىڭ نامىنى بىلىدۇ»70 دېگەن ھەمدە ئۇلارنى بىر – بىرلەپ كۆرسەتكەن:
(1) قايىنىڭ مەنىسى ــ مۇستەھكەم، تامغىسى چوقۇنىدىغان قۇشى شۇڭقار.
(2) bajatنىڭ مەنىسى ــ دۆلەتمەن، تامغىسى چوقۇنىدىغان قۇشى (ئۈكى).
(3) ئالقائەۋلۈنىڭ مەنىسى مۇۋاپىق، تامغىسى ، چوقۇنىدىغان قۇشى (كەكلىك).
(4) قارا ئەۋلۈنىڭ مەنىسى قەيەردە ئولتۇرسا چېدىر تىكىپ ئولتۇرغۇچى، تامغىسى قامچىغا ئوخشايدۇ. چوقۇنىدىغان قۇشى k Ø b k / k Ø b ɛ k (ئاق شۇڭقار) .
(5) يازىرنىڭ مەنىسى ــ (ئەل ئاغىسى)، تامغىسى ، چوقۇنىدىغان قۇشى تورۇمتاي.
(6) ياسىرنىڭ مەنىسى غالىبىيەتچى، تامغىسى ، چوقۇنىدىغان قۇشى قورغۇي.
(7) دۇردۇغانىـڭ مەنىسـى ــ يـۇرتنى ئالـماق ۋە سـاقلىماقنى بىلگـۈچى، تامغىسـى چوقۇنىدىغان قۇشى قىزىل قارچىغا.

(8) دوكەنلىك مەنىسى ــ تۆگگىلەك يەنى توپلانغان، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى تازقارا.

(9) ئۇشارنىڭ مەنىسى ــ «ئىشنى ئىلدام قىلغۇچى»، نىڭ تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى قارا لاچىن.

(10) قارناقنىڭ مەنىسى (بۆكە)، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى سارىچى (سۇڭگۈچ).

(11)بېكتىلىنىڭ مەنىسى «سۆزى ھۆرمەتلىك»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى (bahri ؟)

(12) قارقىتنىڭ مەنىسى رىزقلىق، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى (سۇ بۈركۈتى).

(13) باياندۇرنىڭ مەنىسى «نېمەتلىك»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى لاچىن.

(14)پەچەنەنىڭ مەنىسى «سەئى قىلغۇچى»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى «alɛtuʁanaq» (؟)

(15)چاۋۇلدۇرنىڭ مەنىسى ــ «نومۇسلۇق»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى ئاققۇ «buʁdajiq» .

(16)چەبىنىنىڭ مەنىسى ــ «باھادىر»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى (خۇما) «huma».

(17)سالۇرنىڭ مەنىسى «قىلچىلىق»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى بۈركۈت.

(18)ئەمارنىڭ مەنىسى «بايلارنىڭ بېيى»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى. «ɛnt ari»(؟)

(19)ئالايىتلىنىڭ مەنىسى «تاغىل ئاتلىق»، تامغىسى بۆشۈككە ئوخشايدۇ، چوقۇنىدىغان قۇشى (تۇرۇمتاي).

(20) ئۈرگىرنىڭ مەنىسى ــ «ساخاۋەتچى»، تامغىسى چوقۇنىدىغان قۇشى بىقۇ / مىقۇ . «biqu/miqu».

(21)ئىگدىرنىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ»، تامغىسى چوقۇنىدىغان قۇشى «qart iʁaj » .

(22)بۈگدىزنىڭ مەنىسى «خىزمەتكار»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى it alʁun (ئىتئالغۇ) .

(23)ئاۋەنىڭ مەنىسى «يۇقىرى مەرتىۋىلىك»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى، tujʁun (تايغان).

(24) قىنىقنىڭ مەنىسى «ئەزىز»، تامغىسى، چوقۇنىدىغان قۇشى iʁaj dʒira qart قاراچىغا.

«ئۇيغۇر خوجىلار جەمەتى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابتا قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىنى تەكشۈرگەندە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە « dʒɛrɛ،itɛrakimɛ ɛ » دە خاتىرىلەنگەن تۆۋەندىكى تامغىلارنىڭ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئارىسىدا بۈگۈن

ئىشلىتىلگەنلىكى ياكى ھېلىمۇ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان، بۇ تامغىلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) مەھمۇد كاشغەرى بىرىنچى ئورۇنغا تىزغان ھەممە رەھبىرىي ئۇرۇق ياكى سۇلتان ئۇرۇق دەپ ئىزاھلىغان «qiniq» قىنىق ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ « ɛ jɛ ,ijtɛrakimɛ» دە چۈشەندۈرۈشىچە (P36، qiniq «يۈقىرى مەرتىۋىلىك») دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسىنىڭ nɛrnasi tØmyrti كەنتى ۋە ئاقتاش يېزىسىنىڭ توشۇ كەنتىدىكى ئاقسۆڭەكلەر دەپ ئاتىلىدىغان جەمەت ھەممە شارلار تېغىنىڭ قارلۇق كەنتىدىكى ئۆمەر ئابدۇرېھىم جەمەتى qiniq، tamɣa tamɣɑa qijiq دېگەن نامدا ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(2) مەھمۇد كاشغەرى ئۇچىنچى ئورۇنغا تىزغان bayandur باياندۇر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى .مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسىدىكىگىلى پالۋان جەمەتى ئىشلىتىدۇ.

(3) مەھمۇد كاشغەرى يەتتىنچى ئورۇنغا تىزغان بېكتىلى ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسى nɛrnaii كەنتىدىكى تايىردورغا tamʁa elip lam جەمەتى بۈگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(4) مەھمۇد كاشغەرى 11 – ئورۇنغا تىزغان ئەيمۇر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى♀. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسى تۆمۈرتى كەنتىدىكى لاتىپ يارى جەمەتى بۈگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(5) مەھمۇد كاشغەرى 14 – ئورۇنغا تىزغان ئىگدىر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسى نىرىن كەنتىدىكى پازىلباي جەمەتى ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(6) مەھمۇد كاشغەرى 20 – ئورۇنغا تىزغان uwuldar t چۇۋۇلدۇر ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ ئۇيرغول ناھىيىسى adap كەنتىدىكى نىياز موللا جەمەتى، نوم يېزىسىدىكى ئايبەك جەمەتى aitamʁa ئاي شەكىللىك تامغا دېگەن نامدا ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(7) مەھمۇد كاشغەرى 21 – ئورۇنغا تىزغان چەنىي ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ قوراي يېزىسى nɛrnasi كەنتىدىكى مۇقتى ئېلى جەمەتى ۋە كەنتىدىكى ئىدرىس پازىل جەمەتى tamʁa ilɛk t دېگەن نامدا بۈگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(8) ئەبۇلغازى باھادىرخان بىرىنچى ئورۇنغا تىزغان qaji ئۇرۇقىنىڭ تامغىسى مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ تاشۋلىق يېزىسى خوتۇنتام كەنتىدىكى aslanlar جەمەتىدىكى سۇپۇر دورغا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۈگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە (مەزكۇر جەمەتتىكىلەر بۇ تامغىنى ئاتنىڭ دۈمبىسىگە تەتۈر باسىدۇ).

www.kitaphumar.com

(9) ئەبۇلغازى باھادىرخان تۆتىنچى ئوروۇنغا تىزغان qaraØjly ئۇرۇۇقىنىڭ تامغىسى مەزكۇر تامغا قۇمۇلنىڭ atlar teʁi يېزىسى qalʁajti كەنتىدە t urqu tamʁa دېگەن نامدا بۆگۈنگىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

(10) ئەبۇلغازى باھادىرخان توققۇزىنچى ئوروۇنغا تىزغان av ar ئۇرۇۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ باغداش رايوندىكى ئايدارخان جەمەتى ئىشلەتكەن.

(11) ئەبۇلغازى باھادىرخان 21 – ئوروۇنغا تىزغان qarqin ئۇرۇۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ باغداش رايوندىكى ئىبراھىم سەئىد جەمەتى ئىشلەتكەن.

(12) ئەبۇلغازى باھادىرخان 31 – ئوروۇنغا تىزغان bajindur ئۇرۇۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ شارلار يېزىسى تاراتى كەنتىدىكى قۇربان نەگەم جەمەتى ۋە قوراي كەنتىدىكى روزى باقى جەمەتى « «ambur tamʁa ،latamʁa»» دېگەن نامدا ئىشلەتكەن.

(13) ئەبۇلغازى باھادىرخان 14 – ئوروۇنغا تىزغانɛvɛ pɛtئۇرۇۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ شارلار يېزىسى قارلۇق كەنتىدىكى سادىق كېرىم جەمەتى «tamʁa sɛkkiz» دېگەن نامدا بۆگۈنگىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(14) ئەبۇلغازى باھادىرخان 15 – ئوروۇنغا تىزغان t awuldar ئۇرۇۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ شارلار يېزىسى قارلۇق كەنتىدىكى ئوسمان سۇلايمان جەمەتى «ajtamʁa » («ئاي شەكىللىك تامغا») «taqa tamʁa» («تاقا شەكىللىك تامغا») دېگەن ناملاردا ئىشلەتكەن.

(15) ئەبۇلغازى باھادىرخان 16 – ئوروۇنغا تىزغان tɛbni ئۇرۇۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغا قۇمۇلنىڭ باغداش يېزىسدا ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ يىلقىلىرىغا بېسىلغان.

(16) ئەبۇلغازى باھادىرخان 18 – ئوروۇنغا تىزغان ɛjmur ئۇرۇۇقىنىڭ تامغىسى. مەزكۇر تامغىنى قۇمۇلنىڭ باغداش يېزىسىدىكى سەيدى دورغا جەمەتى ئىشلەتكەن⑧

مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دەيدۇ: « بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇۇقلارنىڭ نامىلىرى ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ قەدىمكى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر......... بۇ تامغىلار ئۇلارنىڭ ئات – ئۇلاغ ۋە ماللىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئارىلىشىپ كەتسە، شۇ بەلگىلەرگە قاراپ تونۇۋالىدۇ⑨.

ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەر ئارىسىدا، مال –مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى مەسىلىسى ئاساسلىقى ئوتلاق، چارۋا – مال ۋە قۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، تامغا (مال – چارۋىلارغا بېسىلىدىغان ئەن ـ تامغا) مال – چارۋىلارغا بېسىلغان ئاددىي بەلگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مال – چارۋىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى، ئۇرۇق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكىنىڭ مەھسۇلىدۇر. سەي خۇڭشېڭ ئەپەندى

«تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە «ۋېينامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىنى نەقىل ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «5 – ئەسىردىكى قاڭقىللارنىڭ مال – چارۋىلىرىنىڭ ئەن – تامغىسى بار، پايانسىز داللاردا ئوتلاپ يۈرسىمۇ، ھېچكىم ھەيدەپ كەتمەيدۇ»[10]. «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «مەيلى خان پادىشاھلار ياكى باشقا كىشلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ كالا، ئات، تۆگە ۋە ياكى باشقا چوڭ چارۋىلىرى بار، چارۋىلارغا ئەن سېلىپ قويغاندىن كېيىن، داللاردا ئوتلاشقا قويۇۋېتىدۇ. قاراشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر نەچچە كىشىنىڭ چارۋىسى ئارىلىشىپ ئوتلايدۇ. ئېنىگە قاراپ تونۇغىلى بولىدۇ، يايلاپ بولغاندىن كېيىن ئىگىسىنىڭ قوتىنىغا كىرىدۇ. (بىرىنچى قىسىم 284 ـ بەت). يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن ئايانكى، بىرىنچى، ئەن – تامغا ئەڭ باشتا ئورۇقلارغىلا خاس بولۇپ، مال – چارۋىلارغا ئۇرۇق ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ بەلگىسى بولغان، كېيىن جەمەت ھەتتا ئائىلىلەرمۇ پەيدىنپەي ئەن – تامغا ئىشلىتىدىغان بولغان. بۇ مال – چارۋىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئۇرۇق ئىگىدارچىلىقىدىن خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىققا ئۆتۈشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىككىنچى، مەيلى ئومۇم ئىگىدارچىلىقى ياكى خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقى بولسۇن، ئەن – تامغا ياكى مال – چارۋىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قاتتىق قوغدالغان، ئۇنداق بولمىسا «مال – چارۋىلارنىڭ يايلاپ بولغاندىن كېيىن ئىگىسىنىڭ قوتىنىغا كىرىشى» مۇمكىن بولمايتتى. سەي خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىق يازما ھۆججەتلەردىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا دائىر خاتىرىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىنىڭ قانۇننىڭ مال – چارۋىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قوغداش دەرىجىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى تېگىدۇ. سەي خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ يەكۈنىگە ئاساسلانغاندا، جىنايەت دۆلەتكە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى (ئاسىيلىق جىنايىتى)، مال – مۈلۈككە دەخلى – تەرۇز قىلىش جىنايىتى، مۇناسىۋەتكە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتى، جىسمانىي بىخەتەرلىككە دەخلى – تەرۇز قىلىش جىنايىتى قاتارلىق تۆت خىلغا ئايرىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال – مۈلۈككە دەخلى – تەرۇز قىلىش جىنايىتى يۈگەن، ئات ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئوغرىلاشنى كۆرسەتكەن، جىنايى جازامۇ ئۆلۈم جازاسى، تەن جازاسى، جەرىمانە ۋە تۆلەم تۆلىتىش، ئېغىر ئەمگەككە سېلىش، سۈرگۈن قىلىش جازاسىدىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلار ئاساسلىقى: ئاسىيلار، زىناخورلار، يۈگەن ئوغرىلىغۇچىلار بولغان، ئۆلۈم جازاسى بېلىنى سۇندۇرۇش، كاللىسىنى ئېلىش، تىرىك كۆمۈشتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلغان، تۆلەم بۇيۇملىرىدىن ئاساسلىقى مال – مۈلۈك، ئات، قىز – ئاياللار بار بولغان[11].

www.kitaphumar.com

يۇقىرىقى جىنايەتنى بېكىتىش. تۇرگە ئايرىش ۋە جازالاش شەكلىدىن قارىغاندا، مال ـ چارۋىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن خېلى قاتتىق قوغدالغان. مال – چارۋىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ئاساسلىقى «ئات» قا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ، ھالبۇكى «ئات»قا دەخلى – تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ. تۆلەم بۇيۇملىرى، ئىچىدە ئۇنىڭ ئورنى ھەتتا قىز – ئاياللارنىڭ ئورنىدىنمۇ يۇقىرى بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، «ئات» كۆچمەن – چارۋىچى مىللەتلەر ھايات كەچۈرۈشتە تايىنىدىغان ئاساسىي ئوزۇق، قاتناش قورالى، ھەربىي قورال – ياراق ۋە مۇھىم نەزىر – چىراغ بۇيۇمى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ماددىي بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى ھەم دىپلوماتىيىدە پايدا – مەنپەئەتكە ئېرىشىشتىكى مۇھىم ھەدىيە بۇيۇمى ۋە ئاساسلىق تارتۇق ئىدى، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى ئات تەييارلاپ ھەربىي يۈرۈشكە چىقىشتىن ئىبارەت پۇقرالىق مەجبۇرىيىتى بار ئىدى.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەن – تامغا قانۇنىي كۈچكە ئىگە مال – چارۋىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئۇنى كۆپ خىل نۇقتىدىن چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ بىزنىڭ قومۇل ھەتتا پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى تېگىدۇ.

## ئىزاھلار

1○ ئازات سۇلتان باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر فاملە تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 – يىل نەشرى، 60 – 64 – بەتلەرگە قاراڭ.

2○ ياڭ باۋلۇڭ: «سۇڭ، لياۋ، جىن دەۋرلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى 1996 – يىل 1 – نەشرى، 398 – 399 – بەتلەر.

3○ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـيىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 473 – بەت.

4○ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم، 41 – بەت.

5○ ئابلىمىت ئەھەت، دىلدار مەمتىمىن تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار – ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 – يىل نەشرى، 215 – بەت.

6○ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم، 78 – 80 – بەتلەر.

www.kitaphumar.com

7○ ئەبۇلغازى باھادىرخان: « dɜɛrɛ،itɛrakimɛ ɛ » (شەجەرەئى تۈرك)، 35 – 36 – بەتلەر.

⑧ ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، قۇمۇل چارۋىچىلىرى ئارىسىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئەن – تامغىلار ئارىسىدا، ئۈچ خىل تامغىنىڭ نامى ئوخشاش بولسىمۇ ئەمما شەكلى ئوخشىمايدۇ، ئالايلۇق، مەھمۇد كاشغەرى ئۈچىنچى ئورۇنغا تىزغان بايانىدۇر bayundur ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى ، ئەبۇلغازى باھادىرخان 13 – ئورۇنغا تىزغان bajindur ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى ، مەھمۇد كاشغەرى 11 – ئورۇنغا تىزغان ئەيمۇر aymur ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى ، ئەبۇلغازى باھادىرخان 18 – ئورۇنغا تىزغان ɛjmur ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى، مەھمۇد كاشغەرى 20 – ئورۇنغا تىزغان uwuldar t ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى، ئەبۇلغازى باھادىرخان 15۔ئورۇنغا تىزغان uwuldar t ئۇرۇقىنىڭ تامغىسىنىڭ شەكلى ، بۇ خىل ئەھۋالنى ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە تامغىسىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىن بولغانمۇ، بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك.

⑨ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى». ئۇيغۇرچە نەشرى، I توم، 80 – بەت.

⑩ سەي خۇڭشېڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 2001 – يىل نەشرى، 85 ـ بەت.

11○ سەي خۇڭشېڭ: «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىقى، 2001 – يىل نەشرى، 101 ـ بەت.

مەھمۇت كاشغەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ماقالىلەر توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى 2011۔يىللىق 4۔ئاي 2۔ نەشرى 136

www.kitaphumar.com

# شىنجاڭدىكى ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرى

**ئاپتور: ئەخمەتجان ھەسەن**

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە شىنجاڭ ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرى، بولۇپمۇ 17 ـ 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئالاقىلىرى نۇقتىلىق بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شىنجاڭدىكى ئىشانلىق ئېقىمى؛ ئىچكى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرى؛ ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەر؛

شىنجاڭ ئىسلام دىنىنىڭ بولۇپمۇ ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرىگە بولغان تەسىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. بۇ خىل داۋاملىشىش مەيلى ئىشانلىق ئېقىمى شىنجاڭدا كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئېلىپ 《ئاقتاغلىق》، 《قاراتاغلىق》 مەخدۇم ئەزەم جەمەتى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان 17 ـ ئەسىردە بولسۇن، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىمام رەببانىچىلارنىڭ زامانلىرىدا بولسۇن، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە بولسۇن ئىزچىللىقىنى ساقلاپ كەلدى. بۇ ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلەر كۆپىنچە ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي شىنجاڭدىن گەنسۇ، نىڭشيا ۋە چىڭخەيلەرگە بېرىپ ئىشانلىق ئېقىمىنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان شەيخلەرنىڭ بېرىپ ـ كېلىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقىدىن، ئاشۇ جايلاردا شاگىرت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىدىن ۋە بىر بۆلۈك مۇسۇلمان سودىگەرلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولغان.

## 1. ئاپئاق خوجىنىڭ ئەچكى ئۆلكىلەردىكى سوپىزم تەرىقەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

17 ـ 18 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭدىكى ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تارقالغانلىقى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەن ئالىدىغان

ئاساسلىق قاراش. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق شەخس ھەم ۋەقەلەرنىڭ بىرى ئۆزىنى ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 25 ـ ئەۋلادى“ دەپ ئاتىۋالغان خوجا ھىدايەتۇللا ئىشانىنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا تەرىقەت تارقاتقانلىقى، يەنە بىرى ئىمام رەببانى يەكەن سىستېمىسى ۋە ئايكۆل سىستېمىسىدىكى شەيخلەرنىڭ گەنسۇ، نىڭشيا ۋە چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا تەرىقەت تارقاتقانلىقى ئىدى.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيە 1670 ـ يىللىرى 《ئاقتاغلىق》لار گۇرۇھىنىڭ ئاتامانى ئاپئاق خوجا يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىلخان تەرىپىدىن مەزكۇر خانلىق تەۋەسىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، 《جاھان كېزىش》نامى بىلەن ئىلىپ بارغان ھايات پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ خۇفىيە تەلىماتىنى تارقاتقان. نەتىجىدە گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ”پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن“ [1] دېگەن گەپ تارقالغان.

ئاپئاق خوجىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان يىللىرى ۋە ۋاقتى شىنجاڭدا ساقلانغان خوجىلارغا دائىر ماتېرىياللار ۋە غەربىي شىمالدىكى سوپىزم تەرىقەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللار بويىچە ئايرىغاندا، ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار:

بىرىنچى خىل قاراش، شىنجاڭدا ئۆتكەن خوجىلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىكى قاراش. بۇ قاراش 《تەزكىرەى ئەزىزان》،《تەزكىرەى خوجىگان》،《تەزكىرەى خوجا ئاپئاق》 ۋە 《ئىخلاسمەنلەرنىڭ سىرى ـ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى》قاتارلىق تەزكىرىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 《ئىخلاسمەنلەرنىڭ سىرى ـ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى》دە: 《جانابى ئاپئاق خوجام بۇ نۆۋەت جاھاننى 10 يىل ساياھەت قىلدى. ئاخىرى خىتاي مەملىكىتىگە باردى، لەنجۇ شەھىرىگە يەتتى. لەنجۇ خەلقىنىڭ ئىنتايىن تولالىقى بىلەن ئاۋات ئىدى. ئۇ چاغلاردا خىتايلار قالماقلاردىن تولا ئەندىشە قىلاتتى. ئاپئاق خوجام شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۆۋەگان مەسچىتىگە چۈشتى، مەسچىتنىڭ سەيناسىدا بىر تۈپ ئاچچىق ئۆرۈك بولۇپ، مېۋىسى زەھەر ئىدى، ھەركىم يېسە ئۆلەتتى. بۇ ئەھۋالدىن ھەممە خەلق ھەيران قالغان ئىدى. بۇ مەسچىتنى سۈپۈرىدىغان جارۇپكەش مۇنداق دېدى: سىزلەر مۇساپىر ئىكەنسىزلەر، مۇنۇ ئۆرۈكنىڭ مېۋىسىدىن يەپ سالمىغايسىزلەر، بۇ ئۆرۈك بۇ يىل زەھەر بولۇپ قالدى. ئاپئاق خوجام مۇنداق دېيدى: دەرەخنىڭ مېۋىسىنى زەھەر قىلغانلىق خۇدانىڭ قۇدرىتىدۇر، يەنە ئۇ زەھەردەك مېۋىنى بىز ئۇچۇن ھەسەلدەك قىلىپ بېرىشكىمۇ قادىر، ھەسەل بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ، تازا پىشىپ تۇرغان ئاچچىق ئۆرۈكنى ئاپئاق خوجام مۇبارەك قولى بىلەن ئىرغىتتى، مېۋىلىرى تۆكۈلۈپ چۈشتى. ئاپئاق خوجام ئەي يارانلىرىم ئەندىشە قىلماي يەڭلار دېيدى. سوپىلار دەرھال يېدى.

تۆگىنالار ئەھۋالدىن قورقۇپ ئۆزلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا مەلۇم قىلدى. كاتتاباش تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ ھېچ نەرسە تاپالمىدى. خادىملەر بۇ ئەھۋالنى كاتتاباشقا مەلۇم قىلدى، كاتتاباش خاقانغا مەلۇم قىلدىكى، بۇ شەھەرگە مۇسۇلمان سودىگەرلىرىدىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر پەيدا بولدى، سودىگەرمىكىن دېسەك رەخت ـ ماتالىرى يوق، قاچقان ئەسكەرلەرمىكىن دېسەم جەڭ ئەسۋابلىرى يوق دېدى. خان: بۇ مۇساپىرلار بىر ئىشتىن خالىي ئەمەس، بىرنەچچە كۈن ئېھتىيات بىلەن دىققەت قىلىڭلار دېدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، خان ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى. بۇ يۇرتتىكى پۈتۈن تېۋىپلار خاننى داۋالاشقا ئاجىزلىق قىلدى. چۈنكى ھەزرىتى ئاپئاق خوجامنىڭ دىلى خاندىن رەنجىگەن ئىدى. شۇڭلاشقا خانغا كېسەل چاپلاشتى. چىراغچىلار، قورەندازلار دېيىدىكى: خاننىڭ كېسىلى مىجەزنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ ئەۋلادىدىن بىر كىشىنىڭ دىلى خاندىن ئاغرىنغان ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن خان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ دېيىدى. خان ھەزرىتى ئاپئاق خوجامغا خەت ئەۋەتتى: جانابلىرىغا يامان گۇمان بىلەن قارىغان ئىكەنمىز، ئۆزىمىزنى قوبۇل قىلىپ گۇناھىمىزنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمىز دېدى. ئاپئاق خوجام تولكۇرۇكىگە بىرئاز سۇ ئارىلاشتۇرۇپ بىر شىشە قۇتىغا سالدى ۋە خانغا ئەۋەتتى. خان شۇ زامان ساقايدى. خان رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەر خىل رەخت ـ ماتا، زىلچە ـ گىلەملەرنى 40 تۆگىگە يۈكلەپ خوجامغا سوۋغا قىلدى. خان لەنجۇ تەۋەسىدىكى بارلىق ئەمەلدارلارغا مۇنداق دەپ خەت يازدى: بىزگە تەۋە ھەرقانداق شەھەرگە مۇشۇ مۇساپىر مېھمانلار بارسا، زىيارەت بېرىپ، ياخشى كۈتۈڭلار، ھەممە خادىملار ۋە تەۋەلىكىمىزدىكى بارلىق خەلقلەر بىلەن خەزىنىمىزدىكى ئىقتىسادنى سەرپ قىلىپ، مۇشۇ مېھمانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىڭلار. ئەگەر بۇ مېھمانلار خەزىنىدىكى نەرسىنىڭ قانداقلىقىنى تالالىسا دەرھال بېرىڭلار، ھەرگىز ئايىماڭلار دېيىدى. ئاپئاق خوجام خاننىڭ خەزىنىسىگە كىرىپ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ، ھېچ نەرسىنى قوبۇل كۆرمىدى. پەقەت چاي خەزىنىسىگە نەزەر قىلدى. بىزگە مۇشۇ چايدىن بېرىڭلار دېدى، خەزىنىچى نېمىنى كۆڭۈللىرى تارتسا ئېلىۋېرىسلە دېيىدى. ئاپئاق خوجام 18 تۆگىگە خۇشبۇي چاي ئارتىپ سالا دېيىگەن شەھەرگە كەلدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان ئىدى. ئاپئاق خوجام بۇ شەھەردە 6 ئاي تۇردى. خانىقا بىنا قىلدى. سالا شەھىرىنىڭ پۈتۈن خەلقى ھەزرىتى خوجامغا قول بەردى. 6 ئايدىن كېيىن ئۇۋاقىيەتۇللا ئىسىملىك، لەقىمى ئالتۇن باش ئاخۇن ناملىق ئىبادەت ۋە ئىستىقامەتتە ئىنتايىن كۈچلۈك بىر كىشىنى ئۆز ئورنىدا خەلىپە قىلىپ تەيىنلەپ، سالادىن چىقىپ سىجۇڭگە كەلدى. بۇ ئۆلكىدە خىتاي، قالماق ۋە تىبەت كاپىرلىرى بار ئىدى. تىبەت خەلقى چىراغچى ۋە رەمباللارغا ئېتىقاد قىلاتتى. تىبەت دېگەن جايدا دالاي لاما نامىلىق بىر چىراغچى بولغان. ئاپئاق خوجام

تىبەتكە يېتىپ كەلگەننى دالاي لاماغا شىپى قىلدى. بىزنىڭ تەرەپمىزگە ئاق دەستار كىشى كەلدى. بۇ كىشى ئۇلۇغ زاتتۇر دەپ ئاپئاق خوجامنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى...» [2] دېيىلگەن. دېمەك، يۇقىرىدىكى مەنبەدە ئاپئاق خوجىنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن تىبەتكە بېرىپ، دالاي لامانىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى، دالاي لامانىڭ ئاپئاق خوجىنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن غالدانغا يەكەن خانلىقىغا قوشۇن ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلىپ خەت يازغانلىقى، ئاپئاق خوجىنىڭ شۇ قېتىمقى سەپەردە يەنە گەنسۇ، چىڭخەيلەردە تەرىقەت تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ قاراشنى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. شىنجاڭدا ساقلانغان خوجىلار تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردا ئوخشاش بىر ئورتاقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىق ئاپئاق خوجىنىڭ تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئايرىلىشى، تاشقى دۈشمەننىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن مەزكۇر رايونغا قايتا كېلىپ ئاقتاغلىقلارنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى بىر خىل قاراش، گەنسۇ، چىڭخەيلەردىكى سوپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ قارىشى. خۇفىيە سۇلۇكىگە مەنسۇپ بولغان بىجياچاڭ) گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لىنشىيا شەھرىگە جايلاشقان) خانىقاسىدىكىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "كاڭشىنىڭ 11 ـ يىلى (مىلادى 1672 ـ يىلى) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى خوجا ھىدايەتۇللا ئاپئاق مەسۇلى ئىسىملىك ئۇستاز ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەينىڭ خۇاڭجۇڭ رايونىدىكى فېڭخۇاڭشەن (رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ئاپئاق خوجا شىنىڭغا بىرنەچچە قېتىم بارغان) گە كېلىپ تەرىقەت تارقاتقان"[3]. خۇاسى (گەنسۇ ئۆلكىسى لىنشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لىنشىيا شەھرىگە جايلاشقان) سۇلۇكىدىكىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: " كاڭشىنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 1671 ـ يىلى) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى ھىدايەتۇللا چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھرىدە ئىسلام دىنىنىڭ سوپىزم تەلىماتىنى تارقىتىپ، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن"[4]. مۇفتى سۇلۇكىدىكىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: "كاڭشىنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 1671 ـ يىلى) ماشۇجىيىن شەنشىنىڭ شىشياڭ دېگەن يېرىدىن گەنسۇنىڭ خېجۇ رايونىغا چاي ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى ھەزرىتى ھىدايەتۇللا ئاپئاق مەسۇلىنىڭ خېجۇ، خۇاڭجۇڭ رايونلىرىغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقان... كاڭشىنىڭ 12 ـ يىلى (مىلادى 1673 ـ يىلى) ئاپئاق چىڭخەيدە تەرىقەت تارقىتىۋاتقاندا... ماشۇجىيىن (مۇفتى سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى) شىنىڭ خۇاڭجۇڭغا بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلغان"[5].

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۇلۇكلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاپئاق خوجا كاشىغەرنىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 1671 ـ يىلى) دىن 12 ـ يىلى (مىلادى 1673 ـ يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا گەنسۇ، چىڭخەيلەردە تەرىقەت تارقاتقان. لېكىن مەيلى بىجياچاڭ سۇلۇكى، خۇاسى سۇلۇكى بولسۇن ياكى مۇفتى سۇلۇكى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاپئاق خوجىنىڭ تەرىقەت تارقاتقانلىقىغا ئائىت يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىدە بۇ «ئۇلۇغ ئەۋلىيا»نىڭ سىياسىي غەرىزى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. بەلكىم بۇ ئاشۇ«ئۇلۇغ ئەۋلىيا» نىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى مەخپىي تۇتقانلىقىدىن بولسا كېرەك، شۇڭا يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان سۇلۇكلەرنىڭ ماتېرىياللىرىدا بۇ ھەقتە خاتىرە بولماسلىقى تەبىئىي. لېكىن بۇ ھەرگىز ئاپئاق خوجىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە دائىر شىنجاڭدا ساقلانغان ماتېرىياللار بىلەن گەنسۇ، چىڭخەيلەردە ساقلانغان ماتېرىياللار بىر ـ بىرىگە زىت دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئېقتىدارىغا ئىگە. چۈنكى شىنجاڭدا ساقلانغان ئاپئاق خوجىغا ئائىت ماتېرىياللاردا ئاساسلىق ئۇنىڭ لاسادىكى دالاي لاما v نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ «تونۇشتۇرۇش خېتى» نى كۆتۈرۈپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدانىڭ يېنىغا كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا «يول باشلىغۇچى» بولۇپ يەكەن خانلىقى زېمىنىغا تاجاۋۇزچى قوشۇننى باشلاپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان بولسا، گەنسۇ، چىڭخەيلەردىكى سوپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ ئاپئاق خوجا ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىياللىرىدا، ئۇنىڭ چىڭخەي، گەنسۇلاردا تەرىقەت تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خانقا بىنا قىلغانلىقى ۋە مۇرىت تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىگە ئائىت خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇ مەنبەلەر بىزنى تارىخىمىزدىكى ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى ئاپئاق خوجىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى بىلەن تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىزگە مەلۇم ئاپئاق خوجا ھەرگىز ئىشانلىق ئەقىدىسىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۆچلۈكلۈكىدىن ئىلھامى تۇتۇپ كېتىپ، خاس تەرىقەت تارقىتىش مەقسىتىدە گەنسۇ، چىڭخەيلەرگە بارغان ئەمەس، ياكى گەنسۇ، چىڭخەيدىكى مۇسۇلمانلار ئاپئاق خوجىنىڭ يەكەن خانلىقىدا قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلىپ، بۇ «ئۇلۇغ ئەۋلىيا»نى شىنجاڭدىن گەنسۇ، چىڭخەيگە ھىجرەت قىلسۇن دەپ تەكلىپ قىلغان ئەمەس. ۋە ياكى تەرىقەت تارقىتىپ بەرسۇن دەپ چاقىرغان ئەمەس. ئاپئاق خوجا«جاھان كېزىش»نامى بىلەن شىنجاڭدىن تىبەتكە قىلغان شۇ سەپىرىدە، گەنسۇ، چىڭخەي ئۇنىڭ ئۆتەر يولى بولغاچقا زۇرۇرىيەت تۈپەيلى تەرىقەت تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن مەشغۇل بولغان. چۈنكى ئاپئاق خوجىنىڭ بىردىن بىر دەسمايىسى ئۆزىنى ”پەيغەمبەر ئەۋلادى“ ۋە ئىشانلىق تەرىقىتىنىڭ پىرى دېگەن ناملار بىلەن

www.kitaphumar.com

ئاتاش بولۇپ، ئۇ مۇشۇنىڭغا تايىنىپ گەنسۇ، چىڭخەيدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاسانلا كۆپلىگەن ئاخباراتقا ۋە سەدىقە، پۇل ـ پۇچەككە ئېرىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، سىرتقى ھەربىي كۈچنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان. بۇ ئۇنىڭ تەرىقەت تارقىتىش نامى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈرت كېزىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ كۈچ توپلاپ، قولىدىن كەتكەن دىنىي ۋە سىياسىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى زادى ئېسىدىن چىقارمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىجىياچاڭ سۇلۇكى، خۇاسى سۇلۇكى، مۇفتى سۇلۇكى ۋە شيەنمېن سۇلۇكى قاتارلىق تەرىقەتلەرنىڭ قۇلياۋزىملىرىدىكى ئاپئاق خوجىنىڭ تەرىقەت تارقىتىشقا دائىر بايانلارنى تەھلىل قىلساق، ئاپئاق خوجىنىڭ شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بۇرۇن بېرىپ تەرىقەت تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىشان ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پائالىيىتى بىلەن يۇقىرىدىكى سۇلۇكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. مەسىلەن، خېجۇ ئايمىقىنىڭ بافاڭ دېگەن يېرىدىكى ما زۇڭشېڭ، بىجىياچاڭ سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، خوجا ھىدايەتۇللا ئىشانغا قول بېرىپ تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن بىجىياچاڭ سۇلۇكىنى بەرپا قىلغان. گەنسۇ لىنتاۋنىڭ بېيشياڭ دېگەن يېرىدىكى ما شۇجېن، مۇفتى سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، خوجا ھىدايەتۇللا ئىشانغا قول بېرىپ تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇفتى سۇلۇكىنى بەرپا قىلغان. خوجا ھىدايەتۇللا ئۇنىڭغا مۇفتى (دىنىي شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقارغۇچى) دېگەن نامنى بەرگەن. شيەنشى چاڭەندىن گەنسۇنىڭ خېجۇ ئايمىقىغا كۆچۈپ كەلگەن ما لەيچى، خۇاسى سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، خوجا ھىدايەتۇللا ئىشانغا قول بېرىپ تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن خۇاسى سۇلۇكىنى بەرپا قىلغان. چىڭخەي خۇاڭجوڭلىق شيەن مېيجېن، شيەنمېن سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، خوجا ھىدايەتۇللا ئىشانغا قول بېرىپ تەلىم ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن شيەنمېن سۇلۇكىنى بەرپا قىلغان.

## 2 .ئىمام رەببانى ئاقسۇ ئايكۆل سىستېمىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى

ئىمام رەببانىنىڭ 《نەقشىبەندىيە مۇجەددىدىيە》دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان سۇلۇكى، 18 ـ ئەسىردىن كېيىن مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ 《ئاقتاغلىق》، 《قاراتاغلىق》 سۇلۇكىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان

www.kitaphumar.com

قاتارلىق جايلاردىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولغان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا 《ئايكۆل سىستېمىسى》 (ئاقسۇ ئايكۆل) ۋە 《يەكەن سىستېمىسى》نى شەكىللەندۈرگەن، كېيىنچە شىنجاڭدىن گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. 《ئاقتاغلىقلار》 ۋە 《قاراتاغلىقلار》 شىنجاڭ تارىخ سەھنىسىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرى ئۈزۈلۈپ قالماي يەنە داۋاملىشىۋەرگەن بولۇپ، ئوخشىمايدىغان يېرى ئىلگىرىكى مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئورنىنى ئىمام رەببانىچىلار ئىگىلەشكە باشلىغان.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارايدىغان بولساق، ئاقسۇ ئايكۆل سىستېمىسى ـ ئىبلى ئاخۇن (تولۇق ئىسمى ھەزرىتى قۇتۇپ ئەلفىل ئۇسۇرى ۋەلىيۇل ئىشان مۇھەممەد غالى ئاخۇن شەيخ رەھمىتۇل ئىبلى) ئىسمىلىك تەرىقەت تارقاتقۇچىنىڭ ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ، مەدرىسە سالدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە تەرىقەت تارقىتىشى بىلەن شەكىللەنگەن.

ئايكۆل سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى ۋە پىرى ـ ئۇستازى ئىبلى ئاخۇن جەمئىي بەش شاگىرت قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتى ئۇيغۇر، ئۈچ شاگىرتى خۇيزۇ. ئەنە شۇ خۇيزۇ شاگىرتلىرى ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى شىنجاڭ، گەنسۇ ۋە چىڭخەيلەردىكى خۇيزۇ، سالا، دۇڭشياڭ قاتارلىق مىللەتلەرگە تارقاتقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەسىرى چوڭ بولغىنى، ماڧاڭ، ئۇنىڭ دىنىي نامى 《ئالىم بىللاھى نۇرمۇھەممەد ئىبلى سوپى》، ھۆرمەت نامى 《سۇلتانۇل ئالەم》، ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى گەنسۇنىڭ ئەنشى ناھىيىسىدىكى داۋەن دېگەن جايدىن. ئۇ چيەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى (1755 ـ يىلى) ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ شىنجاڭغا كەلگەن، ئاقسۇدا تۇرغان مەزگىلىدە ئىبلى ئاخۇنغا شاگىرت بولۇپ تەلىم ئالغان، كېيىن پىچان، تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە ساۋەن قاتارلىق جايلاردا تەرىقەت تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. ماڧاڭمۇ بەش شاگىرت قوبۇل قىلغان، ئۇلاردىن ئىككى شاگىرت ئۇيغۇر، ئۈچ شاگىرت خۇيزۇ. خۇيزۇ شاگىرتلىرىنىڭ بىرى 《يەنسىخەيلىك ھەزرەت》، ئىسمى ماپىي؛ ئىككىنچى شاگىرتى 《خېيلۇڭجياڭلىق ھەزرەت》، ئەسلى شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، نامى مۇھەممەد ئىبلى مۇسا. بۇ ئىككىسىنىڭ تەرىقەت تارقىتىشى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭدىكى خۇيزۇلار ئارىسىدا 《ئايكۆل سىستېمىسى》نىڭ ئىككى تارمىقى شەكىللەنگەن. بۇلار يەنە گەنسۇ، نىڭشيا ۋە چىڭخەيدىكى خۇيزۇ سوپىزم تەرىقەتلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئۈچىنچى شاگىرتى 《شىنىڭ كاڭچىڭلىق ھەزرەت》، ئۇ گەنسۇ، نىڭشيا ۋە چىڭخەي رايونلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئىمام رەببانىنىڭ 《نەقشىبەندىيە مۇجەددىدىيە》تەرىقىتىنى تارقاتقان، بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەيدانغا كەلگەن خۇڭمېن (مەزكۇر سۇلۇكنىڭ ئاساسچىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئاساسلىق

www.kitaphumar.com

پائالىيەت دائىرىسى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋۇجوڭ شەھىرى، تونگشىن ناھىيىسى، گۇيۇەن شەھىرى ۋە خەييۇەن ناھىيىسى) سۇلۇكىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغان.

خۇپىيە سۇلۇكىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: 《بىزنىڭ سۇلۇكىمىز ئىمام رەببانىنىڭ <neqshibendiye mujeddidiye> سۇلۇكىدۇر، پىرىمىز گەنسۇ ئەنشى ناھىيىسىنىڭ داۋەن دېگەن يېرىدىن چىققان 《ئەنشى داۋەنلىك ھەزرەت》مافاڭدۇر. 《ئەنشى داۋەنلىك ھەزرەت》 چىڭخەيىنىڭ خۋاڭجۇڭدىكى 《كاڭچېڭلىق ھەزرەت》كە تەرىقەتتىن تەلىم بېرىپ، قولىغا 《ئىرشاد》بەرگەن. 《كاڭچېڭلىق ھەزرەت》چىڭخەي 《داتوڭلۇق ھەزرەت》كە تەرىقەتتىن تەلىم بەرگەن. 《داتوڭلۇق ھەزرەت》گەنسۇنىڭ جىڭتەيدىكى 《جيەنگوجېڭلىق ھەزرەت》كە تەلىم بەرگەن. 《جيەنگوجېڭلىق ھەزرەت》 فامىلىسى ما، لەنجۇدا تەرىقەت تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان، ۋاپات بولغاندىن كېيىن شۇجياۋەن دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسى تۇڭجىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۇنىڭ جەمەتى ۋە مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەشەمەتلىك گۈمبەزلىك قەبرە ياسىغان. بۇ، باشقىلار تەرىپىدىن 《شۇجياۋەن گۈمبىزى》دەپ ئاتالغان. 《جيەنگوجېڭلىق ھەزرەت》 گەنسۇدىكى 《لياڭجۇجۇاڭلىق ھەزرەت》كە تەلىم بەرگەن. ئۇ ئىمام رەببانى تەرىقىتىنىڭ تەلىماتلىرىنى گەنسۇ، نىڭشيا ۋە چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا كەڭ تارقىتىپ، لەنجۇدا ئالەمدىن ئۆتكەن ھەم ئۇستازى <jyen'gojéngliq hezret> نىڭ قېبىشىغا دەپنە قىلىنغان》[6]. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، خۇپىيە سۇلۇكى گەرچە تەرىقەتنى شىنجاڭدىن بىۋاستە قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى شىنجاڭ ئاقسۇ ئايكۆلدىكى ئىمام رەببانىنىڭ ئايكۆل سىستېمىسىدىن كەلگەن.

## 3 .ئىمام رەببانى يەكەن سىستېمىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر سوپىزم تەرىقەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ـ مۇناسىۋەتلىرى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىمام رەببانى يەكەن سىستېمىسى 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شاھ ئەۋلىيا دېگەن كىشىنىڭ ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان ئۆلكىسىدىن شىنجاڭنىڭ يەكەن شەھىرىگە كېلىپ تەرىقەت تارقىتىشى بىلەن شەكىللەنگەن.

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شاھ ئەۋلىيا ئىمام رەببانىنىڭ بەشىنچى شاگىرتى بولۇپ، بەدەخشان (بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا) دىكى مەلۇم بىر قەبىلە ئاقساقالىنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. ئۇ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بەدەخشاندىن شىنجاڭغا ئۈچ قېتىم كېلىپ، يەكەننى مەركەز قىلىپ، خوتەن،

ئاقسۇ، كۇچا، تونقسۇن، تۇرپان، قاراشەھەر، ئۇرۇمچى،، غۇلجا ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا تەرىقەت تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ تەرىقەت تارقىتىش پاالىيىتى يالغۇز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا زور تەسىر پەيدا قىلىپ قالماستىن، بەلكى خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، سالا، باۋەن قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ خىلى تەسىرگە ئىگە بولغان.

يەكەن خانىقاسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى (ئىبزىرخان خوجام خانىقاسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى) تونۇشتۇرۇلغان ماتىرىيالدىن مەلۇم بولۇشىچە، شاھ ئەۋلىيا 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن، ئەۋرىشمكالا دېگەن جايدا ئولتۇراقلىشىپ، مەدرىسە، خانىقا بىنا قىلغان ھەم ئىمام رەببانى تەلىماتلىرىنى تارقاتقان.

شاھ ئەۋلىيا ۋە ئۇنىڭ تۆتىنچى ئوغلى خوجا سەييىد مىر مۇھەممەد شىئىرىپ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەم خەلىپە ئىزباسارلىرىنىڭ نەقشىبەندىيە مۇجەددىدىيە سۇلۇكىنىڭ تەلىماتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشى ۋە تارقىتىشى بىلەن ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بەش تارماق ئېقىم ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاساسلىقى ئىككى، بىرىنچىسى، يەكەندىكى نەقشىبەندىيە مۇجەددىدىيە سۇلۇكى، ئىككىنچىسى، غۇلجىدىكى نەقشىبەندىيە مۇجەددىدىيە سۇلۇكى. خۇيزۇلار ئارىسىدا ئاساسلىقى ئۈچ، بىرىنچىسى، تۇرپان دوك داۋتاڭ (تۇرپان شەرقىي خانىقاسى)، ئىككىنچىسى، بېيجۇاڭ سۇلۇكى. بۇنىڭ ئاساسچىسى دۇڭشياڭ مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى يالغۇز گەنسۇ لىنشيادىكى دۇڭشياڭلار ئارىسىدىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە تېخى گەنسۇنىڭ باشقا جايلىرى، چىڭخەي ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى خۇيزۇ، سالا، باۋەن قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ خېلى زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئىمام رەببانى يەكەن سىستېمىسى ـ گەنسۇدىكى دۇڭشياڭلارنىڭ ئەڭ چوڭ سۇلۇكى بېيجۇاڭ سۇلۇكىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساسىي مەنبە بولۇپ، شاھ ئەۋلىيا يەكەندە پەيدا قىلغان تەرىقەتنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان.

《بېيجۇاڭ سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى ماباۋجېن چيەنلۇڭنىڭ 37 ـ يىلى (1772 ـ يىلى) تۇغۇلۇپ، داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى (1826 ـ يىلى) 54 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. دىنىي نامى ھەنزە، گەنسۇ ئۆلكىسى دۇڭشياڭ ناھىيىسى چۇنتەيي يېزىسىنىڭ بېيجۇاڭ كەنتىدىن، مىللىتى دۇڭشياڭ. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا خۇاسى سۇلۇكىنىڭ ئەقىدە ـ تەلىماتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم ئۇنى دۇڭشياڭ تەۋەسىدە تارقىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى جياچىڭنىڭ 5 ـ يىلى (1800 ـ يىلى) 28 ياشلىق ماباۋجېن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 28 ـ ئەۋلادى شىنجاڭنىڭ يەكەن شەھرىدە تەرىقەت تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋېتىپتۇ》 [7]دەپ ئاڭلاپ، خېجۇ (گەنسۇ ئۆلكىسى) ئايمىقىنىڭ جېگگۇ دېگەن يېرىدىكى ئىسمائىل (جېڭگۈلىق ئەما ھەزرەت) بىلەن بىرگە شىنجاڭنىڭ يەكەن شەھرىگە بېرىپ، شاھ ئەۋلىيا

[8]بىنا قىلغان مەدرىسە، خانىقادا تەلىم ئالماقچى بولۇپ بارغاندا، شاھ ئەۋلىيا ئافغانىستانغا كېتىپ قايتمىغانىكەن. ئۇ يەكەندە ئىككى ئايغا يېقىن تۇرۇپ، يۇرتى گەنسۇ دۇڭشياڭ بېيجۇاڭغا قايتىپ كېتىپ داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلغان. جياچېڭنىڭ 17 ـ يىلى (1812 ـ يىلى)، 40 ياشلىق ماباۋجېن جىڭگۇلۇق ئەما ھەزرەت بىلەن بىرگە يەكەنگە ئىككىنچى قېتىم بېرىپ، شاھ ئەۋلىيا بىلەن كۆرۈشۈپ ئۈنىڭدىن بىر يىل تەلىم ئالغان. ماباۋجېن يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يۇرتى گەنسۇ دۇڭشياڭ بېيجۇاڭدا ئىمام رەببانىنىڭ نەقشىبەندىيە مۇجەددىدىيە سۇلۇكىنى تارقىتىشقا باشلىغان. ئۈنىڭغا ئەگىشىدىغانلار بارا ـ بارا كۆپىيىپ، تەسىرى غەربىي شىمالنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان، 《بېيجۇاڭ》 دېگىن يەر نامى بىر سۇلۇكنىڭ نامىغا ئايلانغان.

مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىمام رەببانىنىڭ يەكەن سىستىپمىسىنىڭ بېيجۇاڭ سۇلۇكىغا بولغان تەسىرى ئالاھىدە چوڭ ئىدى. يەنى بۇ سۇلۇكنىڭ ھەر نۆۋەتلىك 《ئاقساقال》(ئۇستازلىرى) يەكەن شاھ ئەۋلىيا خانىقاسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بولۇشى شەرت ئىدى. يەكەن شاھ ئەۋلىيا خانىقاسى تەرىپىدىن 《ئىرشاد》 (تەرىقەت تارقىتىش ئىجازەتنامىسى) بېرىلگەندىلا، شاگىرت قوبۇل قىلىپ تەرىقەت تارقىتالايتتى.

دېمەك، شىنجاڭدىكى ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر ئىسلام دىنىغا بولۇپمۇ خۇيزۇ، دۇڭشياڭ قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ سوپىزم تەرىقەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سوپىزم تەرىقەتلىرىنىڭ ئاز بىرقىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسمى دەسلەپتە ئاپئاق خوجىنىڭ ۋاستىسى بىلەن[9] پەيدا بولغان. ئىمام رەببانى ئايكۆل سىستېمىسى خۇفىيەن سۇلۇكىنى، ئىمام رەببانى يەكەن شاھ ئەۋلىياھ سىستېمىسى بېيجۇاڭ سۇلۇكى ۋە دېمىن سۇلۇكى قاتارلىق تەرىقەتلەرنى پەيدا قىلدى. ئىمام رەببانى يەكەن سىستېمىسىنىڭ خۇيزۇلار ئارىسىدىكى تەسىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تەسىرىگە قارىغاندا ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ كەلگەن. بۇنى يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن بىلەلەيمىز. يەنى يەنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇ، سالا، دۇڭشياڭ قاتارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ يەكەن شاھ ئەۋلىيا خانىقاسى تارقاتقان تەرىقەتكە ئەگەشكۈچىلىرى تا ھازىرغا قەدەر ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، ھەر يىلى گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن شىنجاڭنىڭ يەكەن شەھرىدىكى شاھ ئەۋلىيا خانىقاسىغا بېرىپ تەلىم ئېلىش ۋە تەرىقەت تارقىتىش ئىجازەتنامىسىغا ئېرىشىش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

يۇقىرىقى تارىخىي مەلۇماتلاردىن بىلەلەيمىزكى، شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇ قاتارلىق بىر قىسىم مىللەتلەرگە 《نەقشىبەندىيە》 ۋە 《نەقشىبەندىيە مۇجەددىدىيە》 تەرىقىتى 17 ـ 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ، 《شىنجاڭ ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ئىبارەت ئىككى جايدىن

www.kitaphumar.com

گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا تارقىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭدىن گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيلەرگە تارقالغىنى ئاساسىي نىسبەتنى تەشكىل قىلغان》[10].

## ئىزاھات:

[1] . ماتۇڭ : 《جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى》، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى، 148 ـ بەت.
[2] 《ئىخلاسمەنلەرنىڭ سىرى ـ مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى 》قولىيازما.
[3] ماتۇڭ : 《جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى》، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى، 148 ـ بەت.
[4] ماتۇڭ : 《جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى》، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى،153 ـ بەت.
[5] ماتۇڭ :《جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى》، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى،153 ـ بەت.
[6] . ماتۇڭ : 《جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى》، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى،215 ـ بەت.
[7] . ماتۇڭ : 《جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى》، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى،189 ـ بەت.
[8] . ماتۇڭ : 《جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە مەزھەپ تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى》، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى،189 ـ بەت.
[9] .ئاپئاق خوجىنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەيدا بولغان سوپىزم تەرىقەتلىرى ـ 1 . بىجياچاڭ سۇلۇكى، 2 . خۇۋاسى سۇلۇكى، 3 . مۇفتى سۇلۇكى، 4 . شيەنمىئېن سۇلۇكى
[10] 《جۇڭگو ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى》، 224 ـ بەت، سىچۇەن قامۇسلار نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى.

ئەخمەتجان ھەسەن
مەنبە : شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى2011-يىللىق1-سانى

www.kitaphumar.com

# خوتەن قوزغىلىڭى ھەققىدە ئەسلىمە

## دوكتور مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا

### كىرىش سۆز

ئۆتكەن يىلى ۋەتەننى زىيارەت قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرغان ۋاقتىمدا «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» نى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم ۋە ئىنتايىن تەسىرلەندىم. ۋەتىنىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى نەشىر قىلىنىپتۇ. بۇ، شىنجاڭ تارىخىدا چوڭ بىر ياخشى ئىش. ئاپتورلار ھادىسىلەرنى ھازىرقى جەمئىيەت ۋە مەھەللىۋى مەيداندا تۇرۇپ تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ۋەقەلەردىكى ئەسلى ماھىيەت ئەكس ئەتتۈرۈپتۇ.

بۇ ماقالىلەرنى كۆرۈش جەريانىدا شۇ چاغلاردا خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقى ۋە ياكى دارىتىپ ئۆتۈپ كېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ۋەھالەنكى بۇ ھادىسىلەر، يەنى بەزەنلەرنىڭ «ئىسلامچىلار ـ چوماقچىلار» ھەرىكىتى دەپ كۆرسەتكەن خوتەن قوزغىلىڭى بولسا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭلارغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ھازىر «دېھقانلار ئىنقىلابى» دەپ تەبىر بېرىلىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر پارچىسى ئىدى.

يەنە مەن شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىلغان مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەش ئۇمۇمىيېغىنىنىڭ مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى قارارىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇنىڭدا بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش ھەتتا چەتئەللەردىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىمۇ يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە بۇلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭا مەن بۇ قاراردىن جۈرئەتلىنىپ بۇ مەسىلىنى يېزىپ چىقتىم.

كېلىپ چىقىشىم خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسىي رەھبىرى بولغان مەمتىمىن ھەزرىتىم (تۆۋەندە ـ م. ئى. بۇغرا دەپ يازىمەن) ئائىلىسىدىن بولۇپ، دادام بۇ ھادىسىلەردىن چەتنەپ قالالمىغان، ئاناممۇ بۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغان. خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ پۈتۈن جەريانى ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا داستان قىلىپ سۆزلەپ بېرىدىغان بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان. مېنىڭ بۇ ئەسلىمىلىرىم ئائىلەمدىن ئاڭلىغانلىرىم، چەتئەلدىكى ھاياتىمدا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن ئۆگەنگەنلىرىمدىن ئىبارەت. تارىخ تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا كىرگۈزۈلۈشكە بولامدۇ-يوق، كۆرۈپ بېقىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

هۆرمەت بىلەن:
دوكتۇر مۇھەممەت ياقۇپ بۇغرا
1984 - يىلى، ئەنقەرە - تۈركىيە.

## ئومۇمى ۋەزىيەت

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، خوتەن تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان بىر جاي. خەلق شۇ چاغلاردا زامانىنىڭ ئەڭ قالاق قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش دېگەنلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. مىللى تەشكىسزلىك ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، خەنزۇ ھۆكۈمران سىنىپى يەرلىك خەلقنى دەھشەتلىك زۇلۇم بىلەن ئىدارە قىلىشتىن تاشقىرى ئۇلارنى نادان قالدۇرۇپ يېڭىلىقتىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ ئۇنى ھامان ئۇجۇقتۇرغان، ئىجتىمائى ھاياتتا قالاقلىق ۋەخۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن، يۇقۇرى تەبىقىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ قول - چومىقى بولغان، بەگ، چوڭ يەر ئىگىلىرى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ ئىمتىيازلىق كىشىلەر خەلقنى ئېزىشكە ئۆزىنىڭ خوجايىنلىرىدىن كېيىن قالمىغان، ھەر بىر ئامبال ئۆز ئالدىغا بىر ھۆكۈمەت بولۇۋالغانىدى.

خوتەن ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا يېقىن بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى بۇ رايونغا سودا تىجارەت ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلاردىن خەۋەر (گېزىت ژورنال) تېپىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ بىر قىسىم كىشىلەردە خەلقنى مائارىپ جەھەتتىن ئاقارتىش تەشەببۇسلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ كىشىلەر ئۇمۇمەن ياش مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلار، يەنى دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى خەلق ئىچىدىكى ساۋاتلىقلارمۇشۇلار ئىدى. مەدەنىي ئاقارتىش ئۆرۈنلىرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ يوقلىقىدىن خەلقنىڭ ئىلىم - بىلىم ئېلىش مەركىزى بۇ دىنىي مەدرىسلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ھۆكۈمرانلار باشقۇرۇشىدىكى شۇتاڭ مەكتەپلەر بولسا پەقەت ھۆكۈمرانلارغا سادىق بەگ-لاۋيى يېتىشتۈرۈش كۇرۇسلىرىدىن ئىبارەت ئىدى، خەلق بۇنىڭدىن بەك نەپرەتلىنەتتى.

جاھالەت ئىچىدىكى مەھكۇم خەلق مۇستەبىت زالىم خەنزۇ ھۆكۈمرانلارنىخەنزۇ مىللىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ چۈشەنگەن. ئۇلار كۆرگەن ۋە بىلگەن خەنزۇلار ئەنە شۇزالىملار ئىدى. مەسىلەن، خوتەنگە خەنزۇلار سېپىل ئالدىدىكى بىر قانچە ئائىلەگۈرۈكەش، جازانىخور تىجارەتچى خەنزۇ ۋە ئاندا - ساندا سېپىل ئىچىدىن تاشقىرىغاچىقىپ خەلققە بالايى ئاپەت

ياغدۇرۇلغان چىرىكلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنخەلق ئىچىدە ئۇمۇمەن خەنزۇلارغا قارشى بىر ئۆچمەنلىك ئەۋج ئالماقتا ئىدى. بىچارەخەلق جۇڭگودا ئۆزىگە ئوخشاش بۇ ھۆكۈمران سىنىپ قولىدا ئېزىلىۋاتقان مىليونلىغان خەنزۇ خەلقىنىڭ بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن!

ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆنىدىن- كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئالۋاڭ-سېلىقلار خەلق نوپۇسىنىڭ يۈزدە توقسانىنى تەشكىل قىلغان ئاجىز ۋە ئوتتۇراھال دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى چىدىغۇسىز ھالغا كەلتۈردى. ھۆكۈمرانلار بىر قات ئالۋاڭ قويسا ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى بۇنى ئون قات قىلىپ خەلقتىن ئالاتتى، بۇنى «خاننىڭ ئەمرى»، «خاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن» دەپ كۆرسىتەتتى، خەنزۇلارغا ئالۋاڭ- سېلىق يوق ئىدى. يەرلىك خەلققە ئادالەتسىزلىك كۆزى بىلەن مۇئامىلە قىلىناتتى. مانا بۇ ئەھۋال مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق ئىچىدە خەنزۇ مىللىتىگە بولغان ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى ياراتقانىدى.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمدەك بىر قىسىم ياش تالىپ ۋە مۇددەرىسلەردە يېڭىچە بىلىمگە ئىنتىلىشلەر باشلاندى. بۇ ئىش بۇلۇپمۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەب ئەللىرىگە بېرىپ كەلگەنلەردە ئەكس ئەتمەكچى ئىدى. ئۇ زامانلاردا ھەجگە بارىدىغان يول روسىيە- تۈركىيە يولى بۇلۇپ كەلگەن. قەشقەردە 1913- يىللاردائابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدا «مەتلەئۇل ھىدايەت» ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. بۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى زامانىۋى مائارىپنى قانات يايدۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەنقەشقەر، خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەرشەھەردىكى بىر قىسىم باي- سودىگەر ۋە قۇشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يەر ئىگىلىرىنىڭ ياردىمىگە يۆلەنگەن. ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئاساسەن شۇلارنىڭ باللىرى ئىدى.دەرسلەردىن تىل- ئەدەبىيات، ماتىماتىكا ۋە شېئىر ئاساس قىلىناتتى. بۇ مەكتەپلەرگە تۈركىيدىن خۇسۇسى مۇئەللىملەر كەلتۈرۈلگەن. ئەھمەت كامال ۋە ئىسمايىل ھەققى ئىسىملىك مۇئەللىملەر شۇ چاغدا مەكتەپلەردىكى باللارنى ئوقۇتۇپلا قالماي ئىشتىنىسىرتقى تەربىيە شەكلى بىلەن چوڭلارنىمۇ تەربىيلەشنى ئېلىپ بارغان. خەلقنى ئاقارتىشجەھەتتە ئاق- قارىنى پەرىق ئېتىش جەھەتتە بۇ، چوڭ رول ئوينىدى. بۇلۇپمۇ خوتەن، قەشقەر ۋە غولجا قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ دەرىجىدە بولسىمۇ بىر زىيالىيلارتەبىقىسى يوقتىن بارلىققا كەلدى. خوتەندە م. ئى. بۇغرا ۋە دادام ئابدىكىرىم ھاجىبۇلاردىن ئىدى. خوتەندە بۇ مەكتەپ ئالتۇن مەدرىسە ئىچىدە (ھازىرقى سىياسى كېڭەشنىڭسىياسى مەكتەپ ئورنىدا) پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ خىل يېڭىلىق ھەركەتلىرىدەسلەپتە ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىغان. چۈنكى ئۇ دەۋردە گېلاۋخۇي بىلەنئاۋارە ئىدى. كېيىنچە بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا تۈركچە ئاھاڭدىكىمارشلارنى ئوقۇش، ئەركىنلىك، باراۋەرلىكتىن سۆز قىلىدىغانلار كۆپييشكە باشلىدى.بۇ چاغدا يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر بۇلۇپمۇ ھۆكۈمران

سىنىپقا يۆلىنىپ جان باقىدىغانباي سودىگەرلەر ئۆز خوجايىنلىرىغا بۇ ئەھۋالنى بىر ئىسيان هازىرلىقى دەپ مەلۇماتبىرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل مەكتەپلەر ۋە تەشكىلاتلار پاچاقلىنىپتاشلاندى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەجبۇرى شوتاك مەكتەپلەرگە ئېلىندى. مۇئەللىملەرچېگرىدىن هەيدەپ چىقىرىلدى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ باستۇرۇش خەلقنى ئەبەدىي نادانلىق ۋە جاھىلىلىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت خام خىيال ئىدى. ئەكسىچە ئويغىنىشقا باشلىغان خەلق ئىچىدە هۆكۈمرانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك تېخىمۇ ئۇلغايدى. جۈملىدىن خوتەندە بىر قىسىم مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلار «قۇتۇلۇش يولى، قوراللىق ئىنقىلاب قىلىپ هۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» دېگەن ئىدىيىنى تارقاتماقتا ئىدى.

بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى م. ئى بۇغرا كۆرۈنۈشتە چۆچەكتىكى مۇراد ئەپەندىدىن دىنىي دەرس ئېلىش ۋە ئالىي سەنەد (دىپلوم) هاسىل قىلىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن شىنجاڭنى ئايلىنىپ ئەھۋال تىڭتىڭلاش ئۈچۈن 1930 ـ يىلى يولغا چىقىپ كۇچا، كورلا، قارا شەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، چۆچەك، ئىلى ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئالتە ئاي ساياھەت قىلىپ كەلدى. سەپەر خۇلاسىسى:

1) تىنچ يول بىلەن هاكىميەتنى ئاغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. پۈتۈن شىنجاڭ خارەكتېرلىك قوراللىق ئىسياندىن باشقا چارە يوق، بۇنىڭ ئۈچۈن رايون خارەكتېرلىك بىر ھەربىي يۇشۇرۇن تەشكىلات بولۇش لازىم. بىر تەشكىلات قۇرۇشنى ئېغىزدا قوللايدىغانلار خېلى كۆپ بولسىمۇ ئەمەلىي هەركەتكە قاتنىشىدىغانلار ئانچە يوق ئىدى (غولجىدا ساۋۇت داموللام بىلەن پىكىر بىرلىكى قىلىنغان بولسىمۇ قەتئىي بىر قارارغا كەلمىگەن ئىدى).

2) قوزغىلاڭنىڭ باشلىنىش ئورنى خوتەن بولۇشى لازىم. چۈنكى جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە خەلقنىڭ روھى هالىتى بۇنىڭغا ئۇيغۇن.

3) قوراللىنىش ئۈچۈن قورالنى دۈشمەندىن تارتىپ ئېلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن كۈچىنى پارچىلاپ ئاجىزلاشتۇرىدىغان ھەر يەردە ئىسيان چىقىش پۇرسىتىنى كۈتۈش، مۇۋاپىق بىر زاماندا يەنە بىر قېتىم رازۋېتكىغا چىقىش لازىم، دېگەن تونۇشقا كەلدى. م. ئى بۇغرا بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1931 ـ يىلى 6 ـ ئايداقاراقاشتا بىر يۇشۇرۇن تەشكىلات قۇردى. تەشكىلاتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئەزالىرى م.ئى. بۇغرا، نىياز ئاخۇنۇم ۋە تۇسۇممەت ئاخۇنلار ئىدى. بۇ تەشكىلات ئەزا توپلاش ۋە مەخپىي رەۋىشتە ئەھۋال ئىگىلەش بىلەن باسقۇچلۇق هالدا راۋاجلىنىدۇ. تەشكىلات قوزغىلاڭنىڭ هازىرلىقى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدىكى

ئۇمۇمى ۋەزىيەت، قارشى تەرەپنىڭ ھەربىي ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش ئاساسىدا ھەركەت پىلانى تۈزىدۇ.

قۇمۇل قوزغىلىڭى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە كۈتۈلگەن بىر ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلدى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئاساسى كۈچى قۇمۇل تەرەپكە قارىتىلغان ئىدى. م. ئى. بۇغرا قوزغىلاڭنى خوتەن رايونىدىن باشلاپ پۈتۈن ئالتە شەھەرگە قانات يايدۇرۇشنى قارارقىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇستۇن دىنىي ئىلمى ۋە ئابرويىدىن پايدىلىنىپ خەلق ئىچىدە كەڭ تۈردە دىنىي ۋەز نوقتىلار باشلاپ ئۆزىگە تەرەپدار توپلاپ، قوزغىلاڭئۈچۈن مەنىۋى كۈچ ھازىرلايدۇ. قاغىلىق، يەكەن ۋە قەشقەردىمۇ تەشكىلاتنى قۇرۇشمەقسىتى بىلەن كىچىك ئىنىسى نۇر ئەھمەت ۋە ئەزالاردىن قۇربان ئابدۇللانى ئەۋەتىدۇ،لېكىن ئۇلار، بۇ جايلاردا تەشكىلاتتىن سۆز ئېچىش ھازىرچە قۇلايسىزلىقنى سىزىپ،قوزغىلاڭغا ئۈلگۈرۈپ خوتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ سانى 130 ئەتراپىغا يەكەندى، ئەمدى مەسلەقورال ھازىرلاش ۋە قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قاراقاشنىڭ چەتىيېزىلىرىدا، كۈرۈنۈشتە كەتمەن- سوقۇدىغان تۆمۈرچى دۇكىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا قىلىچۋە نەيزە سوقۇدىغان ئورۇن تەشكىللىدى. يەنە بىر گۇرۇپپا، م. ئى. بۇغرا باشچىلىقىداخوتەننىڭ قاراڭغۇ تاغ ۋە ئۆزمە بازار غوجام ئەتراپلىرىدا يەرلىك ئوۋچى پالۋانلارنىيغىپ مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەندى ھەم بۇ مەرگەنلەردىن بىر قىسمى تەشكىلاتقا ئەزابولدى. 1931- يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تەييارلىقلار ئاساسەن پۈتۈپ قالغاندى.قوزغىلاڭنىڭ زامانى مەسلىسلا قالغاندى.

ساۋۇت داموللام تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەب ۋە ھىندىستانلارنى ئايلىنىپئۇدۇل خوتەنگە كېلىدۇ ۋە خوتەندىكى تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. 1932- يىلى 1-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى قاراقاش ئويباغ مەدرىسىدە ئەزالاردىن غايىپار ھاجىمنىڭھوجرىسىدا 130 كىشىلىك تەشكىلات ۋەكىللىرى يىغىن ئاچىدۇ. كۈن تەرتىپى: ساۋۇتداموللا ۋە قاراقاش مەمەت نىياز ئەلەم ئاخۇنۇملارنىڭ ئەزالىققا كىرىشىنىتەستىقلاش، قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرىنى سايلاش، قوزغىلاڭ غەلبە قىلغاندىن كېيىنقىلىنىدىغان ھۆكۈمەت تەركىبىنى تايىن قىلىش ۋە ھەركەت كۈنىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەتئىدى. بىرىنچى ماددا بىر ئېغىزدىن ماقۇللىنىدۇ، قوزغىلاڭ رەھبەرلىكى ئۈچۈن مەمەتنىياز ئەلەم دۆلەت باشلىقلىقىغا، ساۋۇت داموللام باش مەسلھەتچى ۋە دىنىي ئىشلار مەسئۇللىقىغا، م. ئى. بۇغرا باش قۇماندانلىققا سايلىنىدۇ.

ساۋۇت داموللام ئۆزىنىڭ چەتئەللەردىكى ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق خۇلاسە چىقارغان: 1) بۈگۈنكى دۇنيا شارائىتى ئىنقىلابىمىزغا قوشنا ۋە باشقا چەت دۆلەتلەردىن ياردەم كۈتمەك مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن

www.kitaphumar.com

پىكىرلەشتى. 2) ئىنقىلابنىڭ قوزغىلىش نوقتىسى خوتەندە بولۇشى لازىم (شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇدۇل خوتەنگە كەلدىم).

ساۋۇت داموللام رامىزان مۇناسىۋىتى بىلەن خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ۋەز ئېيتىپ، بولۇپمۇ جاھات توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، قوزغىلاڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئومۇمى پىكىر ئېقىمى بەرپا قىلىپ، ماددى ۋە مەنىۋى كۈچلەرنىڭ توپلىنىشىغا چوڭ كۈچ چىقىرىدۇ.

يېتەرلىك ئادەم كۈچ ۋە باشقا كېرەكلىكلەر ھازىرلانغان بولسىمۇ،قورال يوق ھېسابتا ئىدى. زامانىۋى بەش ئاتار مىلتىقتىن تۆت- بەش دانە،پالۋانلارنىڭ ئوۋچى مىلتىقىدىن 20 گە قەدەر، نەيزە قېلىچ ۋە چوماقلاردىن ئىبارەتئىدى. ئادەملەر ھەيۋەتلىك كۆرۈنمەك ئۈچۈن ئۇزۇن چاچ قويۇپ، قىزىل سەللە، يېشىل تونكىيىۋالغانىدى. قوزغىلاڭ ۋاقتى 1933- يىل 2- ئاينىڭ 29- كۈنگە قارار قىلىنىدۇ.لېكىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ يامۇلدىكى خەۋەرچىسى تۇردى بەگ كېلىپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ قوزغىلاڭدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى، پالۋانلارنىڭ ھەممىسىنى يامۇلغا يىغىۋالغانلىقىنى ۋە قوشنا ۋىلايەتلەردىن قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ۋە باشلىقلارنى جازالاش ئۈچۈن ئەسكەر چاقىرغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاستىدا پىلاننى ئۆزگەرتىپ دەرھال قوزغىلاڭ قىلىشقا قارا قىلىنىدۇ.

## قاراقاش قوزغىلىڭى

ھەركەت پىلانى پاش بولۇپ قالغانلىقتىن ئەسلى پىلاندىن بەش كۈن ئىلگىرى، يەنى 1933- يىل 2- ئاينىڭ 24- كۈنى قاراقاشتا قوزغىلاڭ باشلىنىدۇ. خەۋەر قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگە- نلىكتىن يىغىلىش ئورنىغا (ئويباغ مەدرىسىگە) ئاران 68 كىشىكەلگەن بولسىمۇ، ساقلاپ تۇرماستىن كېچە سائەت بىردە يامۇلغا بېسىپ كىرىدۇ. يامۇلدابىر قانچە ئون كۈن ئىلگىرى ئامبال تۇتىۋالغان پالۋانلار يامۇلنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپبېرىدۇ. ئۇرۇش يېرىم سائەتچە داۋام قىلىدۇ. شەنجاڭ باشلىق بىر قانچە ئەمەلدارلارئۆلتۈرۈلدى، ئۇلاردىن 12 سى ئىلچىگە قاچتى. قالدىسى ئەسرگە ئېلىندى.قوزغىلاڭچىلاردىن بىر كىشى ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن قارا قاش «پەتھى» بولدى. بۇ خەۋەرنىئاڭلىغان ئەتراپ ۋە شەھەر خەلقىدىن 10 مىڭدەك ئادەم قولىغا نېمە چىقسا شۇنى كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭچىلارغا قېتىلماق ئۈچۈن ئاللا- ئاللا دەپ توۋلاپ شەھەر ئىچىنى تولدۇرىدۇ. كېچە تاڭ ئاتقۇچە بۇلاردىن 1000 دەك كىشى زاۋىغا، گۇمىدىن كېلىدىغان ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا (م. ئى. بۇغرانىڭ چوڭ ئىنىسى ئابدۇللامەخسۇم، ئىسمايىل داموللام ۋە غاپپار ھاجى قوماندانلىقىدا.) يوللاندى. بۇلاركېچىسى گۇمىدىن

كېلىشۋاتقان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلمىز دەپ پىيالمىغا قاراپ ماڭىدۇ. لېكىن گۇمىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر پىيالمىدا ياتماي چۆلدە قۇمدۆۋىلىرىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ بەخىرامان كېلىشۋاتقان قوزغىلاڭچىلارغا تۇيۇقسىزھۇجۇم قىلىپ كۆپ چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. زاۋانىڭ تار بوغۇز دېگەن يېرىگە قەدەر كەلگەن ئەسكەرلەرنى دىنىي ۋە مىللى شۇئارلار بىلەن ئۆزىنى ئۇنۇتقان قوزغىلاڭچىلار يامغۇردەك يېغىشۋاتقان ئوقلارغا قارىماي پالتا، كەتمەن، نەيزە ۋە چوماقلار بىلەندۇشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى گۇمىغا قاچىدۇ. بۇ سوقۇشتا قوزغىلاڭچىلاردىن 200 دەك كىشى ئۆلىدۇ. خوتەن شەھەر ئەتراپىغا يىغىلغان قوزغىلاڭچىلار قەشقەردىن كېلىدىغان ۋە سېپىلدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلمەي ھۇجۇمغا ئۆتمەي تۇرىدۇ.

قاراقاشتىكى قوزغىلاڭ خەۋىرى خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەتراپتىكى ناھىيىنىڭ ئامبال ۋە ئەسكەرلىرى خوتەن سېپىل ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. قاراقاشلىقلارنى تۇتۇپ جادۇغا بېسىپ كېسىلگەن باشلىرىنى خوتەن شەھەر ئىچىدىكى تۆت دەرۋازىغا ئاسىدۇ ۋە قاراقاشلىقنى تۇتۇپ بەرگەنلەرنى مۇكاپاتلايمىز دەپ جاكارلايدۇ.

ئۈچ كۈن ئىچىدە ئوندىن ئارتۇق بىگۇناھ دېھقانلارنى ۋەھشىيلەرچە جادۇدا بېشىنى كېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قاراقاشلىق بولمىغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. قارامەت، تارى بەگ دېگەنگە ئوخشاش ھۆكۈمران سىنىپنىڭ يالاقچىلىرى ئۆزى بىلەن ئاداۋىتى ياكى ئۆچى بولغان خوتەنلىك كىشىلەردىن بىر قانچىسىنى قاراقاشلىق دەپ تۇتۇپ بەرگەن. خوتەن ئامبىلى خەلقنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قورقىتىپ تىنجىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئەكسىچە ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك تېخىمۇ ئاشتى.

قوزغىلاڭچىلارغا قەشقەرنىڭ بۇ تەرىپىدە قورققۇدەك ئەسكىرى قۇۋۋەتنىڭ يوقلىقى مەلۇم بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلىندى.مۇئايىق پەيتتە خوتەن كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان ئابدۇللا مەخسۇم قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئۈچ سائەتلىك سوقۇشتىن كېيىن شەھەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ، قارشى تەرەپنىڭ قوماندانى ئۆلىدۇ. ئىككى دانە توك ۋە نۇرغۇن ياراق غەنىيمەت ئېلىنىدۇ.قاچقان قىسىم يېڭشەھەر سېپىلغا كىرىپ مۇھاسىرە ئىچىدە قالىدۇ. ئون نەچچە كۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن سېپىلدىكىلەر تەسلىم بولۇشنى ئويتۇرىغا قويىدۇ. تەنتەن ۋەكىللىرى سېپىل ئىچىگە كىرىپ كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن دۈشمەنلەر تەسلىم بولىدۇ (بۇ ۋەكىللەر ئىچىدە دادامۇ بار) شۇ چاغدىكى تەسلىم بولۇش شەرتلىرى: «ھۆكۈمەتكە ئائىت خەزىنە، قورال، ئات- ئۇلاغ ۋە جابدۇقلارنى قويماي تاپشۇرۇش، خالىغان كىشى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولسا ئۆز كىشىلىرىمىز قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ، تەسلىم بولغانلارنىڭ ھاياتىغا دەخلى قىلىنمايدۇ، شەخسى مال- مۈلۈك ئۆزىگە قالىدۇ»

www.kitaphumar.com

دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ شەرتلەر بويىچە سېپىل بوشىتىلدى. تەسلىم بولغانلار ئەركىن بولدى. غەنىيمەت ئېلىنغان قورال بىلەن قوزغىلاڭچىلار قوراللاندى.بىر قىسىم تەشكىلى ئاپپاراتلار قۇرۇلۇپ يېرىم مۇنتىزىم ھالەتتىكى 10 مىڭدەك بىرقوشۇن تەشكىل قىلىندى.

قوزغىلاڭ خەۋرى قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ماشاۋۋۇ شۇ دەۋىردىكى قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق ۋە گۇمىدا تۇرۇشلۇق تۇلۇق قوراللانغان ئەسكەرلىرىدىن بىر جازا قوشۇنىنى تەشكىللەپ خوتەنگە ئەۋەتىدۇ. زاۋادا بۇنىداق ئېھتىمالغا قارشى مۇداپىئەدە تۇرغان قوزغىلاڭچىلارغا خوتەندىن سۇبىتىللا مەۋلىۋى قوماندانلىقىدا 2000 كىشىلىك بىر قەدەر خىل قوراللانغان قوشۇن ياردەمگە كېلىدۇ. بۇجازا قوشۇنى كېچىسى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، شىددەتلىك سوقۇش ئالتە سائەت داۋام قىلىدۇ. «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» شۇئارى بىلەن ئۇزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىگە سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان خەلقنى كۆرۈپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قاچىدۇ، ئاتلىقلار قوغلاپ ئاق لەڭگەرگە قەدەر بېرىپ ئاندىن ئۆزجايىغا قايتىپ كېلىدۇ. دىمەك، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى قەشقەردىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ كۈچلۈك دۈشمەننى تار ـ مار قىلىپ، مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋەزىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

## گۇما قەتلىئامى

1933 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېچىسى گۇمىدا خەلق ئىچىدە«قۇمراۋات سۇقۇشىدا يەندوتەي باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر خوتەنلىكلەر تەرىپىدىن تامامەن يوقىتىلىپتۇ، بىرسىمۇ ساق قالماپتۇ» دېگەن گەپ تارقىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەتراپ ۋە يېزىدىكى خەلقلەر ئابدۇلھېكىم ھاجىم ۋە ئاتاۋۇللا خانلارنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ بىر كېچىدىلا شەھەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ.ئىككىنچى كۈنى بۇ خەۋەر يالغان چىقىدۇ. قۇمراۋاتتىكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ پەرىشان ھالغا چۈشۈپ گۇمىغا قېچىپ كەلگەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى شەھەردە دەھشەتلىك قەتلىئام يۈرگۈزىدۇ. غالجىرلاشقان ئەسكەرلەر ئالدىغا ئۇچرىغاننى ياش ـ قېرى، چوڭ ـ كىچىك دىمەستىن ھەممىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ ـ تالاپ ۋە ئوت قويۇپ ماڭىدۇ. ئالدىن خەۋەر ئالالىغانلار شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ قەتلىئامدا 450 بىگۇناھ خەلق ئۆلتۈرۈلگەن ۋە نۇرغۇن ساراي-دەڭلەر، مەدرىسلەر ۋەيران قىلىنغان.

بۇ ئارادا قەشقەردىن ياردەم ئۈچۈن يولغا چىققان خەنزۇ، قىرغىز ئارلاش بىر لەڭزە ئەسكەر قاغىلىققا كېلىدۇ، بۇلار بىر توكچى باتارىيە قىسىم بىلەن قاغىلىقتا بىر كۈن تۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. ئەتىسى قاغىلىق خەلقى خوتەنلىكلەرنىڭ قۇمراۋاتتىكى غەلىبىسىنى ئاڭلاپ ئەبەيدۇللا ئەلەم ۋە ئاتاۋۇللا ئىشانىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شەھەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. بىر

كۆن ئىلگىرى خوتەنگە قاراپ ماڭغان ھۆكۈمەت قىسملىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بەشئېرىق سۇقۇۋشىدا تامامەن يۇقۇتىدۇ. گومىدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ، چوڭ يولنى تاشلاپ ياقۇپ ئامبالنىڭ يول باشلىشى بىلەن تاغ يولى ئارقىلىق يەكەنگە قاراپ قاچىدۇ. يول ئۈستىدە قوزغالغان دېھقانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئاران يەكەن يېڭىشەھەر سېپىلىغا كىرىۋالىدۇ.

گوما قەتلىئامى خەۋىرى خوتەنگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن م. ئى.بۇغرانىڭ كىچىك ئىنىسى نۇر ئەھمەد ۋە سۇبىستۇللا مەۋلىۋي قوماندانلىقى ئاستىدا2000 كىشىلىك بىر قوشۇن گوما ـ قاغىلىققا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇلار قاغىلىققايېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى يەكەن يېڭىشەھەرگە كىرىۋالغان ۋەقەشقەردىن خېلى كۈچ ياردەمگە كېلىپ يەكەندىكى قارشى تەرەپنىڭ خېلى مۇھىم كۈچتوپلىنىپ قالغانىدى.

## ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە خوتەن

بۇ ۋاقىتتا قەدەر، قاراقاشتا بولغان قوزغىلاڭچىلار مەركىزى 1933 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خوتەنگە يۆتكىلىپ كەلدى. مەھەممەتنىياز ئەلەم باشلىق قوزغىلاڭچىلار يېتەكچىلىرى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئەلەم باشچىلىقىدىكى «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە خوتەن» قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 2 ـ ئايدا قۇرۇلغانۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەركىبى ئۆزگەرتىلمىدى. مىلىك (دۆلەت باشلىقى) ئۇنۋان پەرمانجاكارلاپ م. ئى. بۇغراغا ئىمىر ھەزرەت ۋە ئىككى ئىنىسى باشلىق بىر قانچە كىشىگە «ئىمىر» (قوماندان) دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلدى. كېيىنچە بۇلار خەلق ئىچىدە شامەنسۇر (ئابدۇللا) ۋە ئىمىر ساھىب (نۇر ئەھمەد) دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇر بولدى. خوتەننىڭ باشقا ناھىيىسىدىكى خەلقلەر ئۆز مۆتىۋەر كىشىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە قوزغىلىپ، ئۆز يەرلىرىگە ھاكىم بولغانىدى. خوتەن ئۇ تەرەپلەرگە ئەسكىرى كۆچيوللىمىدى. چۈنكى ئۇ يەردىكى مۇھىم ئەسكىرى كۈچ ۋە ئامباللىرى قېچىپ خوتەن سېپىلى ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يەكەن قولغا چۈشكەندىن كېيىن، چاقىلىقتىن تارتىپ يەكەن دەرياسىنىڭ يېڭىسار ياقىسىغا قەدەر بولغان رايون خوتەنلىكلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتى ئۆزىنى ئەسكەر ۋە باشقا جەھەتلەردە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بەزىبىر تەدبىرلەرنى ئېلىپ باردى. قوزغىلاڭ ئەرپىسىدە ھۆكۈمرانلارغا يام بېسىپ بىگۇناھ خەلققە زىيانكەشلىك قىلغان مۇناپىقلارنى جازالىدى. بۇنىڭدا بىرىنچى بولۇپ باۋۇدۇن بەگنى شامەنسۇر ئۆز قولى بىلەن چاپتى، باۋۇدۇن بەگ دۈشمەن تەسلىم بولايلى دېگەندە بولارنى توسۇپ «بۇ بىرىنچە نەپەر مولللارنىڭ ئىشى، خەلق

بىرقانچە كۈندىن كېيىن زىرىكىپ قايتىپ كېتىدۇ»دېگەن. يەنە خەلقلەر تاشقىرىدا ئاللا ـ ئاللا دەپ تووۋلىسا، «بۇلار نېمە دەپ تووۋلايدۇ» دەپ سورىغاندا باۋۇدۇن بەگ «نان ـ نان دەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىپ بەرگەن.ئۇنىڭدىن باشقا «قاراقاشلىق» دەپ نۇرغۇن دېھقانلارنى تۇتۇپ بەرگەن. روزىسوپى قاتارلىق ئون بىر كىشىنى يارباغ (ھازىرقى سوچاڭ) غا ئېلىپ چىقىپ چوماقلاپئۆلتۈرگەن. مەمۇرىي جەھەتتە پۈتۈن ناھىيىلەردىكى ئەلەم (شۇ يەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈندىكى ئىمتىيازلىق ئادىمى) ۋالىيى بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋە پۈتۈن ئىدارە قىلىشقانۇنلىرى ئىسلامنىڭ شەرىئىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان. مەسىلەن، باج تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا يېزىلاردا ئۆشرە (مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرى ھۆكۈمەتكە)، شەھەرلەردە بولسازاكات (بايلارنىڭ ماللىرىدىن قىرىقتىن بىرىنى ھۆكۈمەتكە) بېرىشنى يولغا قويغان. ئوغرىلىق قىلغاننىڭ قولىنى كېسىش، زىنا قىلغانلارنى ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلدۇرۇش، ئاياللارنى يۈزىنى يۆگەشكە مەجبۇر قىلىش ۋە يۈزى ئۇچۇق بازارغا چىققانلارنى كۆشۈككە سېلىپ بازارنىڭ كىرىش قىسمىغا ئېگىز دەرەخكە ئېسىپ قويۇشلارئېلىپ بېرىلغان. بىر خەنزۇ ئەمەلدارنىڭ تەسلىم بولۇش شەرتىگە خىلاپلىق قىلىپ قورال يوشۇرىۋالغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ئۆيىنى ئاقتۇرغاندا بىر دانە تاپانچىدىن باشقا كېيىم ـ كېچەكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويغان بىر قانچە نوكچا ئالتۇن چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار كىلىشىمگە خىيانەت قىلدى دەپ پۈتۈن خەنزۇلارنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرى بىر ـ بىردىن ئاقتۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يوشۇرۇپ قويغان نۇرغۇن مىقداردىكى ئالتۇن چىقىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە خەنزۇ ئەمەلدارلار ئۆز ـ ئارا بۆلىشىۋالغان خەزىنىدىكى ئالتۇن، كۆمۈش ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەر مۇسادىرە قىلىنىپ دوتەيدىن باشقىلىرى قويۇپ بېرىلىدۇ. مۇسادىرە ھەيئىتىنىڭ نازارەتچىسى بولغان غاپپار ھاجىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، يىغىۋېلىنغان ئالتۇننىڭ مىقدارى 10 مىڭ سەر ئەتراپىدا. بۇ خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋەزىيىتىنىڭ نىسبەتەن كۈچلىنىشىگە پايدىسى بولۇپلا قالماستىن، خوجىنىياز ھاجىغىمۇ ئىككى قېتىمدا 1000 سەرلەپ ئالتۇن ياردەم قىلىشىغا سەۋەب بولغان ھەمدە ئەسكەرلەرگە مۇنتىزىم مائاش بەلگىلىگەن. بۇ باشقا يەردىكى ئەسكىرى كىشىلەرنىڭ خوتەن قىسمىغا ئېقىشىغىمۇ سەۋەب بولغان. خەلقتىن ئالۋاڭ سېلىق يىغىش ئىشلىرى باشقا «ھۆكۈمەت» لەرگە قارىغاندا يوق ھىسابىتا ئىدى.

ئەسكەرلەر تەركىبى ئاساسەن ھېچ بىر ئەسكىرى تەلىم ـ تەربىيە كۆرمىگەن ساددا دېھقانلاردىن ئىبارەت ئىدى، «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى» دېگەن شۇئارغا جان دېلى بىلەن ئىشەنگەن كىشىلەر بولۇپ ئومۇمى جەھەتتە باش ـ باشتاقلىق يوق ئىدى. بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە ئاياللارنى دەپسەندە قىلىشقا قەتئى يول قويۇلمايتتى. ئەسكەرنىڭ ئاساسى تېما شەكلى يوق،

ھەرخىل- ھەر رەڭدە ئۆزى خالىغان، ئۇمۇمەن بېشىغا قىزىل دوپپا ۋە ياكى قىزىل سەللە يۆگىۋالغان، بايرىقى بولسا دەسلەپ قوزغىلاڭ ئەسناسىدا ئاق بايراق ئوتتۇرىسىغا قۇرئاننىڭ «ياردەم ئاللا تەرىپىدىن ۋە غەلىبە پات يېقىندا بولىدۇ» دېگەن ئايەت يېزىلغانىدى. رەسمى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇربان ھاجىم قايماق دېگەن سودىگەر كىشى تۈركىيەدىن ئالغاچ كەلگەن ئاي يۇلتۇزلۇق ئۈستىگە يۇقۇرىقى ئايەتلەر پۈتۈلگەن ھاۋا رەڭ بىر بايراقنى كۆتۈرگەن. ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم- تەربىيە ئىشلىرىغا ئۆز زامانىسىدا قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان مەھەممەت خان دېگەن كىشى مەسئۇل بولغان. تۈرك ئۇسۇلى (شۇ چاغلاردا ئىستامبۇلچى دەپ ئاتالغان) بىلەن تەربىيەلەنگەن بۇ ئەسكەرلەردەيۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك بەلگىلىك بىر كىيىم شەكلى يوق ئىدى. كۆپىنچە بېشىغا قىزىل، يېشىل سەللە ئورىۋالغان، ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان قىياپەت بىلەن يۈرەتتى.

قوراللىنىشتا ئاساسەن ئۆز كۈچىگە تايانغان. چۈنكى، بىرىنچى قېتىم ئافغانىستانغا يەكەندىن 12 ئات سوۋغا- سالام ۋە كۆپ مىقداردا ئالتۇن ئېلىپ بېرىپ سېتىۋېلىنغان 2000 دانە مىلتىق فامىر تاغلىرىدىكى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. خوجىنىياز ھاجىم ئەركەشتامغا روسلاردىن قورال ئالغىلى بارىمەن، ياردەم قىلىڭلار دېگەندە- 2000 سەر ئالتۇن ئىمىر ئابدۇللا ئارقىلىق يوللىغان بولسىمۇ كېيىنچە ھاجىم بىلەن ئوتتۇرىدا تۇغۇلغان ئىختىلاپ تۈپەيلى بۇ قوراللارغىمۇ ئىگەبولالمىغان.

خوتەن رايونىنىڭ مۇھىم ئىقتىسادى مەھسۇلاتى بولغان پىلىچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەكەندىن سوپى بەگ ھاجى ۋە غاپپار ھاجى باشچىلىقىدا بىر ھەيئەت قەشقەرگە بېرىپ، روس كونسۇلخانىسىغا 3000 سەر ئالتۇن زاكالەت قويۇش شەرتى ئاستىدا توختام تۈزۈپ پىلە ئۇرۇقىنى ئېلىپ كېلىپ دېھقانلارغا تارقاتقان، لېكىن مەھسۇلاتنى ماخۇسەن ئالغان. خوتەن رايونىدىكى پۈتۈن ئالتۇن كانلىرىنى ھۆكۈمەت ئۆتكۈزىۋالغان. ئاق خەسىدە پۇل بېسىپ تارقاتقان.

## يەكەنگە يۈرۈش

گۇما قەتلىئامىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن يەن دوتەينىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن نۇر ئەھمەد قوماندانلىقىدىكى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى پوسكامغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا پوسكام خەلقىمۇ قوزغىلىپ شەھەرنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. سۇبىتۇللا مەلىۋى 2000 كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يەكەن كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شىددەتلىك سوقۇش باشلىنىپ، خوتەن ئەسكەرلەر قوماندانى سۇبىتۇللا مەۋلىۋى ئۆلىدۇ. قوماندانىنىڭ «شېھىت»

www.kitaphumar.com

بولغانلىقنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەر غەزەپ بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ غەلىبە قىلىدۇ. قارشى تەرەپ قېچىپ يېڭىشەر سېپىل ئىچىگەكىرىۋالىدۇ. قاغىلىقتا قالغان نۇر ئەھمەد ئۆز قىسىملىرى بىلەن يەكەنگە كېلىپ سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. يەكەن سېپىلى خېلى مۇستەھكەم بولۇپ خوتەنلىكلەردىن مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ھۆكۈمەت قىسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى سېپىل ئىچىگە جايلىشىۋالغانىدى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا ئىمىر ئابدۇللا يەكەن قوماندانى قىلىپ تەيىنلىنىپ بىر قانچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەكەنگە يېتىپ كېلىدۇ.

بۇ ئارىدا، بۇلاڭچىلىق ۋە ئولجىغا كۆنۈپ قالغان ماجۇڭيىڭنىڭ قەشقەردىكى گۇماشتىسى ماجەنساڭ قىسمىدىن مارۇلۇڭ 100 دەك ئەسكىرى بىلەن «سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدۇق» دەپ خوتەن ئىمىرلارنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇلاردىن گۇمانلانغان ئابدۇللا كۆرۈنۈشتە مېھمان قىلغاندەك مۇئامىلە قىلسىمۇ، ئىچكى جەھەتتىن بۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئىمىر ئابدۇللا تۆمۈر سىجاڭنىڭ غەلىبىسى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەپ قەشقەرگە بىر ھەيئەت ئەۋەتكەنىدى. تۆمۈر سىجاڭمۇ يەكەنگە ھاپىز لۈيجاڭ باشلىق 600 دەك ياردەم قوشۇنى ئەۋەتكەنىدى. بۇمۇناسىۋەت ۋە ئالاقە خوتەندىن يولىيورۇقسىز ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم.

يەكەن مۇھاسىرىسى ئۇزۇن سوزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن خوتەن ھۆكۈمىتى ئىككى ياش ئىمىرلارنىڭ تەجرىبىسى ئاز بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، قەشقەر بىلەن بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىدىن ئەندىشە قىلغىلى باشلىغاندا ساۋۇت داموللام يەكەنگە ئۆزى بېرىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۈتتۈرىغا قويىدۇ ۋە يەكەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

ساۋۇت داموللام يەكەنگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن يەكەن سېپىل ئىچىدىكى قارشى تەرەپ قەشقەردىن كېلىدىغان ياردەمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ تەسلىم بولۇشقا ماقۇل بولغانىدى. ساۋۇت داموللامنىڭ يەكەنگە كېلىشىنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىرى ساۋۇت داموللامنى «داغدۇغىلىق مۇراسىم بىلەن قارشى ئالىمىز» دەپ ئەسكەرلىرىنى قوماندانىسىز تاشلاپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مارۇلۇڭنىڭ 100 دەك ئەسكەرلىرى پوستتىكى ئەسكەرلەرگە ئوق ئېتىپ بىر قانچىسىنى ئۆلتۈرۈپ قوراللىرىنى ئېلىپ سېپىل ئىچىگە كىرىپ ھۆكۈمەت قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىۋالىدۇ. «خوتەنلىكلەرنىڭ كۈچى ئاز، بۈگۈن- ئەتە ماجەنساڭ كۈچلۈك بىر قىسىم بىلەن يەكەنگە يېتىپ كېلىدۇ. قورقماڭلار» دەپ تەسلىم بولۇشقا ھازىرلانغان ھۆكۈمەت قىسىملىرىنى تەسلىم بولۇشتىن ياندۇرىدۇ. ھەتتا ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ بىر قانچە قېتىم سېپىلدىن تاشقىرىغا چىقىپ قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ كۆرگەن بولسىمۇ، مەغلۇپ بولىدۇ. خوتەن قىسىملىرى قورشاۋنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. 15 كۈن ئېغىر ئەھۋالغا قالغان ھۆكۈمەت قىسىملىرى مارۇلۇڭنىڭ سۆزى يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئەسلىدىكى شەرتلەرگە ئاساسەن تەسلىم بولايلى دەپ ئاق بايراق چىقىرىدۇ. كېلىشىم بويىچە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى

پۇتۇن قورال- جابدۇق، ئات-ئۇلاغ ۋە ھۆكۈمەت خەزىنىسىنى تاپشۇرۇپ شەھەرنى بوشىتىپ چىقىپ كېتىش ئىدى. ئەمما ماجەنساڭنىڭ ئادەملىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن بىر قىسىم قورال ۋە خەزىنىنى يوشۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ئىمىر ئابدۇللا تۆمۈر سىجاڭغا خەۋەر بېرىپ بۇلارنى يەكەندىن چىقىپ سايغا بارغاندا يوقىتىش پىلانىنى بىلدۈرىدۇ.

6- ئاينىڭ 16- كۈنى بىرەر مىڭ كىشىلىك ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇلار چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلگەندە ئارقىسىدىن 1000كىشىلىك بىر قىسىم بىلەن قوغلاپ كەلگەن نۇر ئەھمەد ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىدۇ. ساق قالغانلىرى قىزىلغا قاراپ قاچىدۇ. قىزىلغا بارغاندا بۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قەشقەردىن كەلگەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ 400 ئەسكىرى يېتىپ كېلىپ ئىككى تەرەپتىن قورشاپ پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. قالغان بىرەر يۈز ئادەمى قېچىپ يېڭىسارغا كەلگەندە ئەھمەدخان لۈيجاڭ ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىتىدۇ.

## ئىمىر ئابدۇللانىڭ قەشقەر سەپىرى ۋە ئاقىۋىتى

تۆمۈر سىجاڭدىن نارازى بولۇپ تۇرىۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەرخوتەنلىكلەرنىڭ يەكەن غەلبىسىدىن كېيىن خوتەن بىلەن بىرلىشىش ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولغان ساۋۇت داموللامنى خوتەننىڭ ئەسكىرىي ياردىمى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ تەختكە چىقىشنى تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى. م. ئى. بوغرا دەسلەپتە بۇنىڭغا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، ساۋۇت داموللامنىڭ قاتتىق تۇرۇۋېلىشى بىلەن ۋە قەشقەردىكى تۆمۈر سىجاڭغا قارشى پىتنىچىلارنىڭ ئارقا- ئارقىدىن مەخپىي ئادەم يوللاپ، «قەشقەر ھازىر تاۋاقتىكى تەييار ئاشتەك» دەپ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتى بۇ پىلانغا ماقۇل دېيدۇ. م. ئى. بوغرا تۈركىيىدە نەشر قىلغان «كۈرەشخاتىرىلىرى» (مۇجادىلە خاتىراتى) دېگەن ئەسىرىدە بۇ ھادىسە توغرىلىق مۇنداق دېيدۇ. «بۇ ئىش خوتەن ھۆكۈمىتىگە تارىخ بويىچە بىر مەلۇمات ۋە غايەت چوڭ خاتالىق ئىدى. چۈنكى، بۇ ۋەقە ئىنقىلاب تولۇق غەلبە قىلمىغان شارائىتتا ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر كۈچ تۇپلاپ قۇدرەتلىك بولۇشىنىڭ ئەكسىچە، ئىككى مىللىي كۈچ بىر- بىرلىرىگە قارشى ئۇرۇشۇپ خېلى مۇنتىزىم كۈچكە ئىگە بولۇپ قالغان خوتەن قىسىملىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلىنىشىگە ۋە زور كۈچ چىقىرىپ تۇرغان تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تامامەن پاراكەندە بولۇشىغا سەۋەب بولدى ۋە بەش ئايلىق بۇ ئىچكى ئۇرۇش دۈشمەن تەرەپكە ھېچ كۈتمىگەن بىر پۇرسەت يارىتىپ بەردى»

1933- يىلى 7- ئاينىڭ 17- كۈنى ئىمىر ئابدۇللا ۋە ساۋۇت داموللام باشچىلىقىدا 2000 كىشىلىك بىر قوشۇن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. تۆمۈر سىجاڭغا: «بىز سىلەرگە ياردەم

www.kitaphumar.com

قىلىپ قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ماجەنساڭ قىسمىلىرىنى يوقىتىپ، خاتىرجەم بولۇپ بىرلىشىپ خوجىنىياز ھاجىمغا يـاردەم بېـرىش ئۈچـۈن تەييارلىنىشقا قەشـقەرگە بـارىمىز» دەپ خەۋەر يوللايدۇ. بـۇ ئارىـدا يەكەنـدە تۇرۇۋاتقـان تۆمۈرنـىڭ ئەڭ ئىشـەنچلىك ئـادىمى ھـاپىزنى 500 ئەسـكىرى بىـلەن يەكەنـدە قويـۇپ ماڭـىدۇ. مانـا بـۇ تەجرىبىسىـزلىك خـوتەن ھۆكۈمىتىنـىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللاردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ئىمىر ئابدۇللا ۋە ساۋۇت داموللام يېڭىسارغا كەلگەنـدە تۆمـۈر سىجاڭ قارشـى ئېلىش يۈزىسىدىن بولارنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۆمـۈر سىجاڭ ساۋۇت داموللامنىڭ بـۇ سەپىرىدىن كۆپ ئەندىشىلەنگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولارنىڭ قەشقەرگە كىرمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. «ماجەنساڭنى يوقىتىشقا كۈچۈم يېتىدۇ. ئىچكى تازىلاشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن تۈگۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن خوتەن- قەشقەر بىرلىشىش پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرساق، ھازىرچە يېڭىسارنىڭ سانىياز ئۆستەڭى ئىككى تەرەپنىڭ چېگىرىسى بولۇپ تۇرسۇن» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىمىر ئابدۇللا ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ساۋۇت داموللام بۇنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئاجىزلىقى دەپ تونۇپ قەشقەرگە كىرىشكە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ.

7- ئاينىڭ 22- كۈنى قەشقەرگە كىرگەن ساۋۇت داموللام ۋە ئابدۇللالارنى قەشقەر خەلقى ۋە دىنىي كىشىلەر قىزغىن قارشـى ئالىـدۇ. بـۇ تۆمۈرسىجاڭنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنـى قوزغايـدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۆمۈر سىجاڭ ماجەنساڭغا پاسسىپ، ساۋۇت داموللام ۋە خوتەنلىكلەرگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئارىـدا يەكەنـدە قالغـان ھـاپىز بىـلەن نـۇر ئەھـمەد ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىشلەر داۋام قىلماقتا ئىدى. 8- ئاينىڭ 15- كۈنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى تارقاق ئۇرۇنلاشـقان ۋە خەۋەرسىـز ياتقـان خـوتەن ئەسـكەرلىرىگە تۇيۇقسىـز ھۇجـۇم قىلىـپ قورالسىزلاندۇرىدۇ. ئىمىر ئابدۇللا ۋە ساۋۇت داموللامنى قولغا ئالىدۇ. ئەسكەرلىرىنى بـۇلاپ- تالاپ شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. بولار ئاچ- يالىڭاچ ھالدا تارقىلىپ كېتىدۇ.

8- ئاينىڭ 28- كـۈنى يەكەنـدە ھـاپىز نـۇر ئەھمەدنـى ۋە بىـر قـانچە قوماندانلىرىنى تۇتۇۋېلىپ قورالسىزلاندۇرىدۇ. شۇ كۈنى ھـاپىز قاغىلىققا يـۈرۈش قىلىـپ، شـەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ ۋە گۇمىغا ئەسكەر يوللايدۇ.

م. ئى. بۇغرا تۆمۈر بىلەن بۇ ئىتتىپاقسىزلىقنى تەنپەن يولى ئارقىلىق ھەل قىلىش نىيىتى بىلەن قارا قاشلىق ئىشان قارى ھاجى باشچىلىقىدا بىر ھەيئەتنى گۇمىغا يوللايـدۇ. زاڭگۇيغا بارغاندا بۇ ئىشان خوتەن ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ ھاپىز تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. قەشقەردىكى ئوغلى غولام قادىر تۆمۈر سىجاڭ بىـلەن تىـل بىرىكتـۈرۈپ خـوتەن ھۆكۈمىتىنـىڭ ئەسـكىرى ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرسە، يەنەبىر تەرەپتىن، خوتەن ھۆكۈمىتىگە ھاپىزنىڭ قۇۋۋىتى 3000 كىشىلىك غايەت زور بىر كۈچدەپ يالغان خەۋەر يوللاپ قورقىتىپ چېكىنىشكە دەۋەت قىلىـدۇ.

www.kitaphumar.com

شۇنىڭ بىلەن ھاپىز ھېچقانداق قارشىلىقسىز 9ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى قاراقاشنىڭ زاۋا دېگەن جايىغىچە قوغلاپ كېلىدۇ.

شۇ كۈنى م. ئى. بۇغرا پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھاپىزنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. ھاپىزنىڭ ئەسكەرلىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلتۈرۈلگەن، يارىلانغان ۋە ئەسىرگە ئېلىنغانىدى. ھاپىز شۇ قاچقان پېتىقەشقەرگە كېلىپ توختايدۇ. بۇ دەل تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. ھاپىزنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن م. ئى. بۇغرا قاغىلىقنى قارشىلىقسىز قايتۇرىۋالىدۇ ۋە خوتەن ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ ھاپىزغا ئۆتۈپ كەتكەن ساۋۇرخانئىشان باشلىق بىر قانچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، پوسكامغا يېتىپ كېلىدۇ. ھاپىزنىڭ مۇئاۋىنى بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ يەكەندە قولغان ئالغان نۇر ئەھمەدىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئابدۇللامۇ تۆمۈر سىجاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى قالايمىقان-چىلىقتىن پايدىلىنىپ نەزەربەند قىلىنغان يەردىن قېچىپ پوسكامغا كېلىپ، ئەسكەرلىرىنى رەتلەپ، خوتەندىن كەلگەن قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ يەكەنگە ھوجۇم قىلىدۇ ۋە بىر سائەت ئىچىدە يەكەننى قولغا ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ 10ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى يەكەن ئىككىنچى قېتىم خوتەنلىكلەرنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. دېمەك، خوتەن بىلەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇقانلىق ياجىئەلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى يۇقۇرىقىلاردىن ئىبارەت.

تۆمۈر سىجاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ساۋۇت داموللام يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ يەنە ھەرىكەتلىنىشكە باشلايدۇ. بۇ قېتىم خوتەن تەرەپتىن، ماجەنساڭ قىسىملىرىغا قارشى ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى مامۇت سىجاڭ، ساۋۇت داموللام ۋە ئىمىرئابدۇللانىڭ بىرلەشكەن قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇش باشلايدۇ. پىلىمۇت ۋە مىناميوتلار بىلەن قوراللانغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئىمىرئابدۇللا بىر قانچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ 400 دەك ئەسكىرى بىلەن شېھىت بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاستىدا مامۇت سىجاڭ ۋە ساۋۇت داموللام كۆكراۋاتقا چېكىنىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەر يېڭىسارىدا قورشاۋدا قالغان نۇر ئەھمەدكە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھوجۇم باشلايدۇ، لېكىن سېپىلغا يېقىنمۇ بارالمايدۇ.مامۇت سىجاڭ پۈتۈن كۈچىنى تويلاپ نۇر ئەھمەدنى قورشاۋدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى ئارقا تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولۇپ غەلىبە قىلىشقا ئاز قالغان بىر پەيتتە ھاپىز تۇيۇقسىزلا ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قورشاۋنى بوشىتىپ ئارقىغا چېكىنىدۇ. بۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بىرلەشكەن قوشۇننى تارمار قىلىدۇ.

www.kitaphumar.com

17 كۈنگىچە ماجۇڭيىڭ قىسمىلىرىنىڭ توپقا تۇتىشىغا بەرداشلىق بەرگەن نۇر ئەھمەد (ئىمىر ساھىب) تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق بىلەندۇشمەن ئۈستىگە ئېتىلىپ بېرىپ شېھىت بولىدۇ. 23 كۈنلۈك بۇ ئۇرۇشتا خوتەن قىسمىلىرىدىن 4200 كىشى ئۆلىدۇ ۋە يارىدار بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ قىسمىلىرىمۇ ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان چىقىمغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ماجۇڭيىڭ قىسمىلىرىنىڭ شەپىسى كېلىش بىلەنلا شەھەرنى تاشلاپ قاچىدىغانلارغا كۆنۈپ قالغان ماجۇڭيىڭنىڭ قوماندانلىرى بۇ غەلىبىلەردىن بەكمۇ خوشاللىنىپ ئىككى دانە كېسىلگەن باشنى- ئىمىرساھىب ۋە شامەنسۇرنىڭ باشلىرى دەپ قەشقەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ خەلقنى دەھشەتكەسالىدۇ. لېكىن بۇ باشتىن بىرى خوتەن قىسمىلىرىدا خىزمەت قىلغان ئاۋغانلاردىن باز مەھەممەت ۋە يەنە بىرى يۈز بېشى (لىيەنجاڭ) ھاشىم شامەردان دېگەن كىشىلەرنىڭ ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يېڭىسار مەغلۇبىيىتى ۋە بۇ ئىككى مەشھۇر قوماندانىنىڭ ئۆلۈمى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا ئېغىر بىر زەربە بولدى. خوتەن خەلقى شامەنسۇر ۋە ئىمىر ساھىبلارنى ئەسلەپ قوشاقچىلارنىڭ ئۇلارنى مەدھىيىلەپ قوشقان قوشاقلىرىنى كۆزياشلىرى بىلەن ئاڭلىغان. ھەتتا بۇ ئىككىسىنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى، جەسەتلىرىنىڭمۇ تېپىلمىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان ھېكايىلەر تارقالغان، بولۇپمۇ ماجۇڭيىڭ قىسمىلىرى ئاسقان ئىككى دانە كېسىلگەن باشنىڭ باشقا كىشىلەرنىڭ بولۇپ چىقىشى بۇ سۆزلەرنىڭ تېخىمۇ ئاساسلىق بولۇشىغا سەۋەب بولغان. ئەينىدىن ئىسمىلىكبىر ئادەم يۈزىگە نىقاب تارتىۋېلىپ مەن «شامەنسۇر» دەپ ئادەم توپلاپ، خوتەن تاغلىرىدا بىر قانچە ۋاقىت ماجۇڭيىڭ قىسمىلىرى بىلەن پارتىزانلىق سوقۇشى ئېلىپ بېرىپ، كېيىنچە ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەندە سىرى پاش بولۇپ قالغان.

## خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ يىقىلىشى

يېڭىسار مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن م. ئى. بۇغرا، مامۇت سىجاڭ ۋە خۇجىنىياز ھاجىم بىلەن بىرلىشىپ يەكەندە بۇلۇنۇپ كەتكەن قۇشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ساۋۇت داموللام بىلەن خوتەننى بازا قىلىپ ماجۇڭيەن قىسمىلىرىغا قارشى مۇداپىئە پىلانىنى تۈزۈش مەقسىتىدە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن يۈزمۇ يۈز كۆرىشىدۇ. لېكىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ روسىيە بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساۋۇت داموللام، م. ئى. بۇغرا ۋە باشقا بىر قانچە كىشىنى تۇتۇپ يوقىتىش پىلانى سىزىلىپ قالىدۇ. م. ئى. بۇغرا غاپپار ھاجىنى ئۆز ئورنىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ كېچىسى يوشۇرۇنچە خوتەنگە قېچىپ كېتىدۇ. ساۋۇت داموللام بىلەن سۇلتان بەگنى مامۇت سىجاڭ قولغا ئالىدۇ.

1934 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ماجۇڭيىڭنىڭ ماخۇسەن باشچىلىقىدىكى8000 كىشىلىك قوشۇنى شىڭ شىسەي ۋە روسلارنىڭ زەربىسىدىن تارمار بولۇپ قېچىپ خوتەنگە باستۇرۇپ كېرىدۇ، ئەسلىدە ماخۇسەن قىسىملىرى خوتەن، چارچەن ئارقىلىق دۇڭخۇاڭ ۋە گەنسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش پىلانى بىلەن جەنۇبقا قاراپ چېكىنگەنىدى. خوتەن ھۆكۈمىتى بۇ چاغدا غالجىرلاشقان ۋە ئاخىرقى جان تالىشىۋاتقان ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ كەڭ - كۆلەمدە بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قەتلىئام يۈرگۈزۈش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئالدىنى توسۇپ مۇداپىئەگە ھازىرلىنىدۇ. 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى زاۋا سوقۇشىدا خوتەن قىسىملىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. ماخۇسەن خوتەننى ئىشغال قىلىدۇ. مىللىك ھەزرەت تەسلىم بولىدۇ. م. ئى. بۇغرا 300 دەك ئادەملىرى بىلەن قېچىپ قاراقۇرغۇ تاغنىڭ يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ قايتا ئادەم توپلاپ پارتىزانلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ قارشىلىق قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ماخۇن قىسىملىرى ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئارام بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يېنىدا قالغان 20دەك ھەمراھلىرى بىلەن شەيدۇللا ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

## «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ۋە خوتەن ھۆكۈمىتى

تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوسمان ئېلى قەشقەردىكى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا ساۋۇت داموللام يۇشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ ئوسمان ئېلىنى ھىمايە قىلىپ مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدۇ. قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئابرويلۇق خوتەنلىكلەرنى، قەشقەرلىق بىر قىسىم سودىگەر ۋە ئۆزبېكلەرنى يېنىغا تارتىپ خوتەن بىلەن ئالاقە باغلاش جەمئىيىتى دېگەنگە ئوخشاش نام بىلەن بىر تەشكىلات قۇرىدۇ. بۇلارنىڭ مەقسىتى، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ مەۋجۇت ئۇستۇنلىكى ۋە بىر قەدەر مۇنتىزىم ئەسكىرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ قەشقەر بىلەن خوتەننى بىرلەشتۈرۈپ بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىنى خوتەن ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇپ ياردەم قىلغان. بۇئارىدا ئوسمان ئېلىدىن نارازى بولۇپ تۇرغان بىر قىسىم ئەسكىرى ئەمەلدارلارمۇ يۇشۇرۇنچە بۇ تەشكىلاتقا ھېسداشلىق بىلدۈرمەكتە ئىدى. ئوسمان ئېلى تۇرمۇش ۋە ئىستىلىدىكى چىرىكلىكى سەۋەبىدىن ئىككى ئاي ئىچىدە غۇلاپ چۈشتى. ئاندىن ئۇزاز بېكۋە ساۋۇت داموللام ئوتتۇرىغا چىقىپ خوتەن جەمئىيتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قەشقەردە ئۆز ئالدىغا «ھۆكۈمەت» قۇردى.

شۇ كۈنلەردە تۈركىيىدىن كەلگەن بەزى كىشىلەرنىڭ ھەركىتى ئاكتىپلىشىپ ساۋۇت داموللامغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ھەربىي ۋە بەزى مەمۇرىي ئىشلارغا ئارلاشقىلى باشلىغانىدى. م. ئى. بۇغرا ۋە خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ رازىلىقىنى ئالمايتۇرۇپ، ساۋۇت داموللام 1933 - يىلى

11-ئاينىڭ 12- كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ خوجىنىياز ھاجىنى رەئىس جۇمھۇر دەپ ئېلانقىلدى. مەيلى م. ئى. بۇغرا ھۆكۈمىتى بولسۇن، مەيلى خوجىنىياز ھاجى بولسۇن، بۇھۆكۈمەتنى رەسمىي ئېتىراپ قىلمايدۇ، ۋەزىيەت ۋە چوڭ ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ ئاشكارا قارشى چىقمايدۇ. م. ئى. بۇغرا بۇنى شۇ زاماندا مۇنداق دەپ تەھلىل قىلغان: پۈتۈن يۇرتتا تېخى بىر ئىدىئولوگىيە بىرلىك مەيدانغا كەلمىگەن بىر زاماندا بۇنداق بىر ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇن ئەمەس. ھۆكۈمەت تەركىۋىدىكى ئۈچ كىشىدىن باشقىلىرى ئەسلىدىكى ئىنقىلابى ھەيئەتتىن بولماستىن مەجھۇل ئادەملەر بولۇپ، ئىشەنچىلىك كىشىلەردىن ئەمەس.

## خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەللەر بىلەن مۇناسىۋەت مەسىلىسى

شىنجاڭدا شۇ يىللاردا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلار توغرىسىدا چەتئەلدە يېزىلغان ماقالە ۋە خاتىرىلەردە خوتەن ئىنقىلابىنىڭ چەتئەللىك قولى ۋە كۈشكۈرتىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ماتېرىيال يوق. م. ئى. بۇغرا چەتئەلدىكى ھايات زامانىدا يازغان ئەسەرلىرىدە بۇ قوزغىلاڭنىڭ پەقەت خەلقنىڭ خەنزۇ ھۆكۈمران سىنىپقا قارشى بولغان مىللىي ۋە دىنىي ھىسسىياتلىرىغا تايىنىپ ئېلىپ بارغانلىقىنى يازىدۇ ۋە قىسقىچە بىر ۋاقىتتا خەلق ئىچىدىن 20- 25 مىڭدەك قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا كېلىشىنى بۇنىڭغا ئاساس قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدە يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارنىڭ ئاساسىي دۈيشاكى يەرلىك خەنزۇ ھۆكۈمران سىنىپى ئىدى. مەركەز (نەنجىڭ ھۆكۈمىتى) بىلەن ئالاقىلىشىپ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە مۇختارىيەتلىك بىر شەكىلنى تەكلىپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاخىرقى كۈنلەرگىچە بايراقلىرىنى جۇڭگوچە خەت ۋە شەكىلدە تۇتقان، ھۆكۈمەت ۋە ئەسكىرىي تۈزۈم- ئاتالغۇلارنىمۇ خەنزۇچە قوللانغانلارمۇ بولدى، ھەتتا باج ئېلىش مەمۇرىي تۈزۈملىرىنىمۇ ئۆزگەرتمىگەن.

م. ئى. بۇغرامۇ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە قىلىش يوللىرىنى ئىزدەپ كۆرگەن. لېكىن شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭغا تۇتقان خاتا سىياسىتى بۇنىڭغا يول بەرمىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن«خوتەن ھۆكۈمىتى»، «باشقا ھۆكۈمەتلەر» نىڭ ئەكسىچە پۈتۈن كونا تۈزۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىسلام شەرىئىتى ئاساسى قانۇن بولدى. بايرىقى تۈرك ئىسلامىيىرىقى بولۇپ، ئەسكىرىي ئۇنۋان ۋە ئاتالغۇلار تۈركچە ۋە پارسچە ئىدى. مەسىلەن: ئەسكەرلەردە يۈز بېرىشى ۋە ئىمىر ئەسكەر دېگەنلەرگە

www.kitaphumar.com

ئوخشاش. قوشنا دۆلەتلەردىن ئافغانىستان ۋە ھىندىستان (ئىنگلىزلار) بىلەن ئالاقە باغلاپ ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ھىندىستان تەرەپتىن ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغان، لېكىن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بەزەن ئىنگلىز پۇخرالىرىنىڭ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇشى، بەزىلەرنىڭ خېلى مۇھىم رول ئوينىشى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى (چۈنكى مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ جىھاتقا قاتنىششى پەرز) ۋە يەرلىك خەلققە ئاساسەن سىڭىپ كەتكەن تەقدىرداشلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ھەرقانداق دۆلەت ۋە تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

ئافغانىستان گەرچە خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا كۆتكەن ياردەمنى قىلالمىسىمۇ، دىنداشلىق ۋە سودىگەرلەرنىڭ قوۋۇق بىرىپ- كېلىشلىرى جەھەتتىن ئەخلاقى جەھەتتە بولسىمۇ بىر يېقىنلىق بار ئىدى. م. ئى. بۇغرا پۇسكامدا تۇرغان كۈنلىرىدە(1933- يىلى 11- ئاي) قۇربان ئابدۇللا ۋە ميان ھەسەنخان ئىسىملىك ئىككى كىشىنى بىر ھەيئەت سۈپىتى بىلەن ياردەم سوراپ ئافغانىستانغا يوللىغان. بۇلار ئەسلىدە ئاۋغان مىللىتىدىن بولۇپ يەكەندە يەرلىشىپ قالغان، ئافغانىستاندىمۇ ئۇرۇق-تۇققانلىرى بار كىشلەر ئىدى. كېيىنكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بۇلارنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ ھېسداشلىق قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئەمەلىي بىر نەتىجىگە ئېرىشكىچە خوتەن ھۆكۈمىتى يىقىلغان.

تۈركىيە بىلەن خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قوزغىلاڭ ئالدى ۋە كېيىندە ئالاقە باغلىغانلىق ھەققىدە مەيلى يۇرت ئىچى ۋە ياكى چەتئەلدىكى ماتېرىياللاردا ئاساسلىق بىر پاكىت يوق. شۇ زامانلاردا خوتەن ۋە باشقا يەرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان تۈرك كىشىلىرى بىر شەخسى ماھىيەتكە ئىگە كىشلەر ئىكەنلىكى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ كىشلەر ئەمەسلىكى، م. ئى. بۇغرا تۈركىيىگە كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئاشكارەبولغان.

## ئاخىرقى سۆز

ۋەقەلىكنىڭ ئەڭ توغرا خۇلاسىسىنى دائىم تارىخلا چىقىرالايدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ يۇقۇرىدىكى ئەسلىمىلىرىمگە- يەنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە بىر ئاز بولسىمۇ ئىلىپ بارغان تەكشۈرۈش- تەتقىقاتلىرىمغا ئاساسەن شەخسى كۆز- قارشىمنى ئوتتۇرىغاقويىمەن:

قۇمۇل ۋە خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ ئەسلىي يۈنىلىشى ۋە ماھىيىتىنى بىر-بىرىدىن ئايرىم خارەكتىردە تەسۋىرلەش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. يەنى بىرىنى خەلق قوزغىلىڭى ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان، بىرىنى بولسا جاھانگىرلارنىڭ قۇترتىشى بىلەن ۋەتەن بىرلىكىنى پاچىلاش دەپ تەبىر بىرىش تېخىمۇ خاتا. قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۇندا ياكى مۇنداق يۈنىلىش خاتالىرىغا قاراپ قوزغىلاڭنىڭ مىللى زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىككە قارشى ھەققانىي

بىر ئىسيان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ نوقتىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. م. ئى. بۇغرانىڭ سىياسى ۋە شەخسى ھاياتىدا چەتئەلگە باغلانغان ياكى شەخسى مەنپەئەت ۋە ئابرويىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان يېرى يوق. مەيلى ئۇنىڭ خوتەن قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا بولسۇن ۋە ياكى چەتئەلدىكى ھاياتى ھەم يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى سىياسى پائالىيەتلىرىدە بولسۇن بۇنى ئوچۇق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتەن قوزغىلىڭى ۋە ياكى م.ئى. بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان»، «چىن تۈركىستان» دەۋالىرىنى جاھانگىرلارنىڭ قولى ۋە قۇترىتىشى دەپ باھا بىرىش بىر تەرەپلىملىك كۆز- قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەنبە :ئەجداد مۇنبىرى

www.kitaphumar.com

# تۆندىكى پاجىئە

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

مەن دىۋىزىيە باش شتابىدا ئىشلەيتتىم . بۈگۈن ئادەت بويىچە سائەت سەككىزگە ئۆلگۈرۈپ خىزمەتكە چىققىنىمدا ، باش شتابنىڭ ئىچىدە كەيپىيات باشقىچە ئىدى . سەككىز چوڭ باشقارمىنىڭ خادىملىرى تېخى ئىشقا چۈشمەي ، بۆلۈملىرى ئالدىدىكى گۈللۈك ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ كەيپىياتلىرى چۈشكۈن ، نېمىدىنىدۇر ھودۇقۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى . ئەتراپقا نەزەر سالسام ھەربىي سوت باشقارمىسى خادىملىرى جىددىيلىشىپ ، پىتىراپ قېلىشقاندى . مەن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىرەر كىمدىن سورىيالماي، بۆلۈمگە كىرسەم باشلىقىم يوق ئىكەن . خىزمەتداشلىرىمىمۇ سىرتتا ئىدى . شۇ ئارىدا بىر دوستۇم بۆلۈمگە كىرىپ قالدى . ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا :

- بۈگۈن كېچە شەھەرنىڭ باش قازىسى ، كاتتا ئۆلىما ئابدۇغوپۇر داموللا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىپتۇ .... ــ دەپ جاۋاب بەردى .

- بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدىم . ئۇنىڭ بىلەن ئاخشام سائەت 10 لاردا سىجاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇچراشقان ئەمەسمىدۇق !

ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغانىكەن : ئابدۇغوپۇر داموللا ئاخشام مەھمۇت سىجاڭ بىلەن خېلى ئۇزاق سۆھبەتلىشىپتۇ . سائەت 12 ئەتراپىدا قايتماقچى بولۇپتۇ . مەھمۇت سىجاڭ داموللىنى ئۆز بىغىغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەسكەر قوشۇپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ ، داموللا ئۆزىنىڭ ئادىمى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئات يېتىلگۈچىسى بىلەن دىۋىزىيە شتابىدىن چىقىپ ، ھېيتگاھ ئارقىلىق يارباغ دەرۋازىسىغا كېتىپتۇ . دەرۋازىۋەن ئەسكەر خۇددى داموللىنىڭ كېلىشىدىن خەۋىرى بار كىشىدەك دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىپتۇ . ئابدۇغوپۇر داموللا تۆمەن دەرياسىنىڭ 1 ــ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ 2 ــ كۆۋرۈك ئارىلىقىدىكى بوش جاينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ، بىر قوراللىق ئادەم چىقىپ ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ ، داموللا ھاجىنىڭ ئادىمىنى ئېتىپ يارىدار قىلىپتۇ ــ دە ؟ داموللىنى ئاتتىن يىقىتىپ ، ئاغزىنى يىرتىپ ، تىللىرىنى كېسىپ ئۆلتۈرىۋېتىپتۇ . ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە قاتىل ئالللقاچان قېچىپ كېتىپتۇ .

مەن ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغاندا ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدىم . چۈنكى ، تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ، گەپ ــ سۆزلەرنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان بولغاچقا ، ئۇنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان بولغانىدى . لېۋىمنى قاتتىق

چىشلىدىم . چۈنكى بۇ كىچىك مەسىلە ئەمەس ــ دە ! ئۆلگۈچى بىلەن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ھەر ئىككىسىلار تەسىرى چوڭ كىشىلەر ئىدى .

1936 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى مەن بىر خىزمەتدىشىم بىلەن سىرتتىن قايتىپ كەلگىنىمدە ، شتاب ئاشخانىسىدا تاماق يېيىلىپ بولغانىكەن . بىزگە ئېلىپ قويغان پولونى ئېلىپ ، ئاشخانا زالىدا يېيىشكە باشلىدۇق . شۇ ئارىدا مەھمۇت سىجاڭ ئابدۇغوپۇر داموللىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇرۇمچىلىك مەھمۇت ئەپەندى دېگەن كىشى بىلەن شەھەرلىك ھۆسەنجان ھاجىمۇ كىرىپ كېلىشتى . ئۇلار تاماق يېگەچ خوشال پاراڭلىشىۋاتاتتى . تاماق يېرىملاشقان چاغدا سىجاڭ تۇساتتىن جىملىقنى بۇزۇپ :

ـ داموللا ! ئەتىگەن يوقلاتسام يوق ئىكەنسىز . قەيەرگە بارغاندىڭىز ؟ ـ دەپ سورىدى .

ـ سىجاڭ جانابلىرى ! يېڭىشەھەرگە چىققانىدىم .

ـ ئۇ يەردە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟

ـ تۈنۈگۈن لۇ سىلىڭ جانابلىرى بىزنىڭ باغقا چىققانىكەن . مەن يوق بوپ قېلىپ ، قورۇق قول قايتىپ كېتىپتۇ . ئالايىتەن چىققانغا قاراپ گەپ ــ سۆزى بار بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ بۈگۈن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا چىققانىدىم . گەپ ــ سۆزى يوق ئىكەن . كۆڭلى بىزنىڭ باغقا تارتىپ ، ساياھەت قىلغىلى چىققانىكەن ئۇرۇمچىگە قاچان ماڭىسىز دېگەنىدى ، بۈگۈن ماڭىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ خوشلىشىپ قايتىپ كىردىم .

داموللا ھاجىنىڭ خىجالەت ئارىلاش جاۋاب بېرىشى سىجاڭنى گۇمانلاندۇردى بولغاي ، سىجاڭنىڭ چىرايى ئۆزگەردى .

ـ بىراۋ بىراۋنىڭ ئۆيىگە تاماشا ئۈچۈن چىققانىكەن ، ئۇنىڭ كەينىدىن خوشامەت قىلىپ چىقىش سىۆيىتىڭىزگە لايىق كېلەمدۇ ؟ بۇ پۈتۈنلەي خوشامەت بولماي نېمە ؟ سىز ئەسلىدە چوڭ خوشامەتچى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئون كىلومېتىرلاپ يول يۈرۈپ خوشامەت قىلىپ چىقىپسىز ــ دە ! ــ دېدى سىجاڭ .

مەھمۇت سىجاڭ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەر تامچىلىرىنى ياغلىق بىلەن سۈرتىۋېتىپ ، مۆغەمبەرلىكنى ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قاپىقىنى تۈردى ، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى جىددىيلەشتى ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناشقا باشلىدى .

ـ داموللا ! سىز ئالىم ، ئۆلىما كىشى ، شەھەرنىڭ باش قازىسى . ئېيتىڭا سىزدە خوشامەتچىلىك قاچان تۇغۇلۇپ ؟ بەندىنىڭ سايىسىدە تەلمۈرۈپ كۈن كەچۈرۈشتىن باشقا ھاياتلىق يولى سىزگە تېپىلمامدۇ ؟ ۋۇجۇدىڭىزدىكى قۇللۇق تەبىئەت قاچان ئۆزگىرىدۇ ؟

www.kitaphumar.com

ئابدۇغوپۇر داموللا قوشۇقنى لىۋىگە تەككۈزگىنىچە قېتىپلا قالدى . مەھمۇت سىجاڭ ئادىتى بويىچە بۇرنىنى " قىخ ـ قىخ " قىلىپ 2 ـ 3 قېتىم قېقىۋېتىپ ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى . ئۇ ئەرەبچە بىرنەچچە جۈملىنى ئوقۇپ :

ـ ئېيتىپ بېقىڭا ! بۇ ئىبارىلەرنىڭ مەنىسى نىمە ؟ ـ دەپ سورىدى .

داموللىنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتتى .

ـ دىن ۋاقتى كەلگەندە گويا بىر كۆيۈۋاتقان چۈچۈلغا ئايلىنىدۇ ، ئۇنى تۇتۇشتىن قورققانلار دىننى تۇتالمايدۇ ، دېگەنلىك بولىدۇ ، ـ دېدى داموللا دۇدۇقلاپ .

ـ بۇ كىمنىڭ سۆزى ؟

ـ پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى .

ـ سىز ئۇنى ئوقۇغانما ؟

ـ ئەلۋەتتە ئوقۇغان ، بۇ مەشھۇر ھەدىسلەردىن .

ـ ئوقۇغان بولسىڭىز نىمە ئۇچۇن ئەمەل قىلمايسىز ؟ سىز ئۆلما تۇرۇقلۇق ئەمەل قىلمىسىڭىز ، ئۇنىڭ " مۇكاپاتى " نىمە بولۇشى كېرەك ؟ داموللا بىرنىمە دېمەكچى بولدىيۇ لېكىن تىلى سۆزگە كەلمىدى .

ـ ماقۇل بۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن ، ـ دېدى مەھمۇت سىجاڭ ، ـ ئۆتكەن كۈنى سىز ماڭا : سىز ھەربىي ئادەم ، مەمۇرىي ئىشقا ئارىلاشسىڭىز بولمايدۇ ، پۈتۈن سۆزنى مەن قىلىمەن ، دەپ مېنى سۆزلەشتىن توستىڭىز . ئەجەبا ۋاقتى كەلگەندە گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالدىڭىز . سىز ئالىم ، ئۆلىماغۇ . ھەق سۆزنى سۆزلەش سىزنىڭ بۇرچىڭىز ئەمەسمىدى ؟ قىنى ئېيتىپ بېقىڭا ، ھەققانىي ئىشلارغا قارشى سىز نىمە دېمەكچى ۋە نىمە قىلماقچى ؟ .....

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ، مەھمۇت سىجاڭنىڭ غەزىپىدىن بىزنىمۇ سۈر بېسىپ ، چىقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدۇق . مېھمانلار ئارىسىدىكى ھۇسەنجان ھاجىمۇ يىقىندىلا مەھمۇت سىجاڭدىن قاتتىق تەنبىھ ئالغاچقا ، ئۇنىمۇ تىترەك باستى . ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ زەپەردەك ساپسېرىق چىرايىدىن قان قېچىپ مۇردىدەك تاتىرىپ كەتتى . مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئاچچىقى سەل يانغاندىن كېيىن ، داموللىمۇ ئۇستىدىن بىر يوغان تاش چۈشۈپ كەتكەندەك بىر ئاز يېنىك نەپەس ئالدى ۋە ئاغزىدىكى ئاشنى يۇتىۋېتىپ ، ئۇزۇن ئاقساقاللىرىنى بويلاپ تامچىلاۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتتى .

مەھمۇت سىجاڭ ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ كېتىۋېتىپ سورىدى :

ـ داموللا ئۆرۈمچىگە قاچان ماڭىسىز !

ـ بۈگۈن كەچقۇرۇن يۈرۈپ كېتىمەن دەۋاتىمەن .

ـ ئانداق بولسا بىر سوۋغىتىم بار ئالغاچ كېتەرسىز .

مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئەسەرلىرىدىن " ئاقائىدە زۆرۈرىيە " بىلەن " ئىبادەتى ئىلامىيە " دېگەن كىتابلارنى قەشقەر مەتبەئەسىدە 12 مىڭ نۇسخا باستۇردۇم . شۇنى ئېلىۋېلىپ ، پەيزىۋاتتىن باشلاپ ، ئۈرۈمچىگە بولغان يول ئۈستىدىكى يۇرتلارنىڭ بارلىق مەكتەپلىرىگە تارقىتىپ بېرىسىز . مۇدىر مۇئەللىملەرگە قاتتىق تاپىلاڭ ، ئوقۇغۇچىلارغا ئوبدان ئۆگىتىپ ، بىلدۈرسۇن .

مەھمۇت سىجاڭنىڭ داموللىنى شۇنچە قاتتىق ئەيىبلىشى كۆتۈلمىگەن ئىش ئىدى . ئەمما داموللىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون قوماندانى لوبىنىنىڭ قېشىغا چىققانلىقىنى ھەقلىق ئەيىبلىگەنىدى . چۈنكى ئۇ ۋىلايەتنىڭ باش مەنسەپدارى بولغان بىلەن قۇۋ ، مەككار ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ ھەرقېتىم كونىشەھەرگە كىرگەندە قىلغان شۇملۇقلىرى ھەممىگە ئايان ئىدى .

شۇ كۈنى نۆۋەتچىلىكىمنى تۈگىتىپ ، كەچ سائەت 10 دە ئىشتىن چۈشتۈم ، ئۆيگە كېتىۋاتقىنىمدا ۋادەك ئالدىدا داموللا ھاجىغا ئۇچراپ قالدىم ، باش نۆۋەتچى ئۇنى سىجاڭنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى . ئۆيگە يېنىپ كىرىپمۇ : " ھەربىي باشلىق بىلەن دىنىي باشلىق ئوتتۇرىسىدا ئەجەب بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى ! " دەپ ئويلاپ كەتتىم .

شۇ ئاخشىمى تاغامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، بارلىق ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردىم . تاغام ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى .

- ئۇ راستىنلا قورقۇنچاق ئادەم ، - دەپ گەپ باشلىدى تاغام ، - پەيتنى تاپقاندا كۆككە ئۆرلەيدىغان ، ۋاقتى كەلگەندە چاشقاننىڭ تۆشۈكىنى ئىجارىگە ئالىدىغان زات . 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاۋغۇستتىكى ئەھۋالدىلا ئۇنىڭ مەۋقەسى بەلگىلىنىپ بولغانىدى . ئۇ ئەسلىدە مەرھۇم تۆمۈر سىجاڭنىڭ يېقىن مۇقەررەبلىرىدىن ئىدى . تۆمۈر سىجاڭ ئۇنى ئالىم ، ئۆلىما دەپ ئىززەتلەپ ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەرگەن ، قەشقەرگە باش قازى ھەم ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ بەكمۇ ھۆرمەتلىگەنىدى . لېكىن ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ۋاپاسىزلىق قىلدى . تۆمۈر سىجاڭنى ماجەنساڭنىڭ ئادەملىرى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەندە ، ئۇ ۋاپادارلىقنى كۆرسەتمەي ، بىر بۇلۇڭغا مۆكۈۋالدى . بۇنىڭ ئورنىغا سىلىم ئاخۇن خەلپىتىم قازىلىق سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ماجەنساڭلارنى ئەيىبلىدى .

- ئۇكام ! يېقىندا ئۈرۈمچىدىن بىرنەچچە ۋەكىل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ھېساب ئالىمىز ، دەپ كېلىشىپتىكەن . لېكىن ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھېساب بېرىشنى رەت قىلغانلىقتىن تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپتۇ . ئېھتىمال ئابدۇغوپۇر داموللا ئۇلارغا سۆز قىلىشنى ھۆددىگە ئالغا بولسا كېرەك ، ئەمما مەجلىستە گەپ قىلماي ئولتۇرىۋالغانلىقتىن ، مەھمۇت سىجاڭنىڭ غەزىپى كېلىپ ، باشقا گەپ قىلمايلا " ھېسابىنى مانا مۇشۇ بېرىدۇ ! " دەپ تاپانچىسىنى شىرە ئۈستىگە

جاققىدە تاشلاپ ، مەجلىستىن چىقىپ كەتكەن . شۇنداق قىلىپ ، نەچچە كۈنلۈك تالاش ـ تارتىشنى تاپانچا ھەل قىلغانىدى .

ئابدۇغوپۇر داموللا ئەسلى پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ شاپتۇل يېزىسىدىن بولۇپ ، شۇ يېزىدا ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن ناھىيەدە ۋە قەشقەردە مەدرىسلەردە ئوقۇغان . 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيزىۋاتتا قازى ، قەشقەرگە كېلىپ مۇدەررىس بولغان . ئۇنىڭ بەختىگە مىلادىيە 1914 ـ يىلى قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلامى ۋە بۈيۈك ئۆلىماسى باۋدۇن مەخدۇم ۋاپات بولۇپ ، ھوقۇق ئاخۇنبايوف ئۆمەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى . ئابدۇغوپۇر داموللا دەرھال ئۆمەر باينىڭ ئىشكى ئالدىدىكى چاسۇ ( چارسۇ ) مەدرىسىگە ئىمام ۋە مۇدەررىس ، كېيىنكى كۈنلەردە " خانلىق مەدىرىسىگە مۇدەررىس بولدى .

ئابدۇغوپۇر داموللا يېتىشكەن ئالىم بولغانلىقتىن مۇدەررىسلىك قىلىش داۋامىدا نۇرغۇن تالىپلارنى ئوقۇتۇپ ، نۇرغۇن كىشىلەرنى سۆزمەنلىكى بىلەن ئۆزىگە جەلب قىلغان . شۇنىڭ بىلەن " شاپتۇل ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى دەپ تونۇلغان . ئەينى چاغدىكى دوتەي ماشىياۋۇنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان . 1933 ـ يىلى قەشقەر شەھىرى دېھقان ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ سىجاڭ تۆمۈر ئېلى ھوقۇق يۈرگۈزگەن چاغدا ئابدۇغوپۇر داموللا تۆمۈر سىجاڭنىڭ يېقىنىغا ئايلىنىپ ، قەشقەرنىڭ باش قازىلىقىغا كۆتۈرۈلگەن . كېيىن سابىت داموللا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ئۇنىڭ ئامىتى قېچىپ ، كونا ھېسابلارنى بېرىشكە قىستالدى . ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىدى : خوتەن تەرەپ 1933 ـ يىلى 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا خوتەن ئەمىرلىرى بىلەن تۆمۈر سىجاڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا ئابدۇغوپۇر داموللا سەۋەبچى ، ئۇنى دارغا ئېسىش كېرەك ، دەپ قارايتتى . سابىت داموللا تەرەپ مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ھاجىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدە ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجىنىڭ قولى بار . ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش كېرەك دەپ قارايتتى . شۇ چاغلاردا قەشقەردە " ئابدۇغوپۇر داموللا دارغا تارتىلمىش " دېگەن پاراڭمۇ كەڭلا تارقالغانىدى . لېكىن ، ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كىلىشى بىلەن داموللا بۇ بالا قازالاردىن قۇتۇلۇپ قالدى .

ماجۇڭيىڭ باسمىچىلىرى قەشقەردە دەۋران سۈرگەن يېرىم يىل داۋامىدا ، ئۇ قېچىپ يۈرۈپ جان ساقلىدى . 1934 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۇنىڭ يۇلتۇزى ئېگىز كۆتۈرۈلدى . سىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە ، ئابدۇغوپۇر داموللا ئۇنىڭ يېقىنى بولۇۋالدى . مەھمۇت سىجاڭ ئۇنى دىنىي ئۆلىما ، ئالىم دەپ سانىدى . چۈنكى ، تۇرپان ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ شاگىرتلىرى كۆپ ئىدى . مەھمۇت سىجاڭ ئۇنى ھۆرمەتلەپ ،

ئەتىۋارلاپ ئۆزگە مۇشاۋۇر قىلىۋالدى . ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشتى . ھەتتا قەشقەر " مىللەت مەجلىسى " نىڭ رەئىسى قىلىپ تىكلىدى . شۇنىڭدەك 1935 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان قۇرۇلتايغا قەشقەرنىڭ خەلق ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتتى . ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈمىتلەرنى كۈتكەنىدى . لېكىن ، ئابدۇغوپۇر داموللا قۇرۇلتايدىن قايتىپ كېلىپ ، خەلقنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە ، ھۆكۈمەتنى ماختاپ ، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ " ئالتە بۈيۈك سىياسەت " نى كۆككە كۆتۈردى . ئابدۇغوپۇر داموللا ئۈرۈمچىگە بارغاندا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئالاھىدە كۈتىۋېلىنغانلىقىنى ، شېڭ شىسەينىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە چىققانلىقىنى ، قايتقاندا ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەنىدى . بۇ ھالدىن ھەممەيلەن گۇمانلانغانىدى .

چۈشتىن كېيىن مەن دىۋىزىيە شتابىدىكى خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىرگە ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقىلى ماڭدىم . شەھەر خەلقى تۈمەن دەريا تەرەپكە سەلدەك ئېقىپ كېتىۋاتاتتى . بىز تۈمەن دەرياسىنىڭ 1 ـ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىنىمىزدە ، ئۇ يەردىن 2 ـ كۆۋرۈككىچە بولغان كەڭ ئارىلىقتىكى بوشلۇق ئادەم بىلەن تولغانىدى . كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن خىلمۇ خىل روھىي ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . گاھىلار ھازا ئېچىپ يىغلىسا ، گاھىلار تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى . قارا كالتەكلىك ساقچىلار ئامانلىق ساقلاپ يۈرەتتى . ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ جەسىتى ساھىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بورا ئۈستىدە ئاق خەسە بىلەن يېپىقلىق ياتاتتى . ئەتراپىنى قوراللىق ئەسكەرلەر قوغداۋاتاتتى . يان تەرەپتە سەللىلىك تالىپلار ئۇزۇن سەپ تارتىپ تۇراتتى . ئاياغ تەرەپتىرەك سىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى بېشىغا سەللە ئوراپ ، ئۈستىگە ئۇزۇن تون كىيىپ ئۆرە تۇراتتى ، ئەتراپىدا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر قوغداپ تۇراتتى . ئۇنىڭ چىرايى مەيۈس ، يوغان قارا كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

ساھىلنىڭ باش تەرىپىدە " ئىزچى " ئوقۇغۇچىلار ئالا كالتەك تۇتۇپ تەرتىپ ساقلىماقتا . نېرىراقتا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون قوماندانى لوبىن بىلەن ۋالىي شۈيلەن ، شەھەر ھاكىمى ھەمدۇللا باشچىلىقىدىكى ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭ باشلىقلىرى سۇكۇت ئىچىدە ئۆرە تۇرۇشاتتى . شەھەرنىڭ قازى ، ئۆلىمالىرى يان تەرەپتە سەپ تۈزۈپ تۇراتتى .

6 ـ دىۋىزىيىنىڭ 31 ـ ، 34 ـ پولكلىرى كېچىدىن تارتىپ قاتلىنى ئىزدەپ ، بۇ ئەتراپنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، شامالباغ ، نەزەرباغ ، قوغان ئەتراپلىرىدا قوراللىق ھەرىكەتلەنگەنىدى .

بىز ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىلگىرىلەپ ماڭالماي ، كەلگەن يېرىمىزدە تۇرۇپ قالدۇق . كىشىلەر ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە تۈرلۈك مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزۈشەتتى . گاھىلار ھەسرەتلەنسە ، گاھىلار " داموللا ئۇلۇغ ئادەم ئىكەن ، شېھىتلىك ماقامىنى تېپىپتۇ ............ " دېيىشەتتى . گاھىلار قاتىلنى قارغىسا ، گاھىلار داموللىنى ھۆكۈمەت

يوقتۇتتى دېيىشەتتى . يەنە بەزىلىرى " ئۆزۈڭنى بىل ! ئۆزگىنى قوي ! دېگەندەك ، داموللا ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشماي ئۆز يولىغا ماڭغان بولسا ، بۇ ئاقۇۋەتكە قالمىغان بولاتتى " دېيىشەتتى .

شۇ ئارىدا ، نېرىراق تۇرغان ئەپەندى سۆپەت ئىككى يىگىت سۆزگە ئارىلاشتى .

- ئاكىلار ، - دېدى بىرى ـ دۈشمەنلەرنىڭ ئارىمىزدا تارقاتقان ئۆسەك گەپلىرىنى تەكرارلىماڭلار . بۇ داموللىگىزلار سىزلەر ئاڭلىغاندەك ئادەم ئەمەس . " ئەلقىساسۇ مىنەلھەق " ، بۇ كىشىنى ئابدۇقادىر داموللىنىڭ قىساسى بوغدى . چۈنكى ، 12 يىل ئىلگىرى ئۇ زاتنى ئۆلتۈرۈشتە بۇ داموللىنىڭ ھەسسىسى بار ئىدى .

كىشىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، يىگىتكە قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى . يەنە بىر يىگىت سۆزگە ئارىلاشتى .

- ئابدۇغوپۇر داموللا شۇنداق كاتتا ئالىم تۇرۇقلۇق شېڭ شىسەينى پەيغەمبەر قىلماقچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى . ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى " ئادىل " دەپ كۆككە كۆتۈردى . ئالتە سىياسەتنى " قۇرئان " بىلەن سېلىشتۇرۇپ قەسەم ئىچتى . بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ قەسىمى ئۆزىنى بوغدى .

ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ جەستى قان يۇقى كىيىملىرى بىلەنلا جىنازىغا سېلىنىپ ، نامىزى چۈشۈرۈلدى مەھمۇت سىجاڭ باش مۇسىبەتدار بولۇپ جىنازا ئالدىدا ھازا تۇتۇپ ماڭدى . كەينىدىن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ، ئاندىن داموللىنىڭ ئەۋلادلىرى ، تالىپلىرى ماڭدى . ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ جەستى ئاپپاق خوجا مازىرىغا بارىدىغان يول تۆپىسىدىكى بىر قەبرىستانلىقتا ( ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ جەستى بۇرۇن بىر تەرىپى بەشكېرەمگە ، يەنە بىر تەرىپى ئافاق خوجا مازىرىغا ماڭىدىغان كونا يول دوقمۇشىغا دەپنە قىلىنغان . كېيىن بۇ جايغا 1950 ـ يىللاردا خۇمدان سېلىنىپ ھاك ۋە خىش پىشۇرۇلغاندى . بۇ جاي ھازىرقى قەشقەر شەھەر تۆشۈك دەرۋازا " ھەزرەت يولى " بويىدىكى 10 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇدۇلىدىكى دوقمۇش ، يەنى 1 ـ بىناكارلىق شىركەت ئائىلىكلەر قورۇسىغا ماڭىدىغان يول دوقمۇشىغا توغرا كېلىدۇ ) قويۇلدى .

" بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا " دېگەندەك ئىش بولدى . ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلمۈمى سىرلىق بولغان بولسىمۇ ، ئەمما ھۆكۈمەت گۇمانلىق كىشىلەر دەپ قاراپ ، قەشقەردە زور رول ئويناۋاتقان ئابدۇراخمان ھاجى بىلەن ئەخمەت قۇل ھاجىلارنى قولغا ئالدى .

ئابدۇراخمان ھاجى ئەسلى ئاتۇشلۇق بولۇپ ، ئىلى ، چۆچەك تەرەپلەردە تىجارەت بىلەن ئۆتكەن ، مەلۇماتلىق ، قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى . ئۇ 1935 ـ يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ھەم

www.kitaphumar.com

ئۇيۇشمىغا رەئىس بولۇپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . مەدەنىيەت ـ مائارىپنى راۋاجلاندۇرغان ، دارىلئېتام ، دارىلئاجىزىنلارنى قۇرۇپ يوقسۇل ،يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغان . قەشقەردە ياغاچ مەتبەئەنى يولغا قويۇپ ، " يېڭى هايات گېزىتى " نى چىقارغان ، دەرسلىك كىتابلارنى باستۇرغان . ئۆز خىراجىتى بىلەن يارباغنىڭ غەربىدە بىرقانچە سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرغان . ئۇ داموللا پاجىئەسىدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرىلا " مىللەت مەجلىسىنىڭ بىر يىغىنىدا ئابدۇغوپۇر داموللا بىلەن بىر مەسىلە ئۈستىدە توقۇنۇشۇپ قالغانىدى . شۇنداق قىلىپ قەشقەر يەنە يارامىلىق ئىككى ئادىمىنى قۇربان بەردى .

ئابدۇغوپۇر داموللا ئۈرۈمچى هۆكۈمىتى ئالدىدا ئىناۋەتلىك كىشى بولۇپ ، هۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە ئۇ " مىللەتلەر دوستلۇقىنى چىڭىتىش ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەشكەن بۈيۈك باهادىر " ( ئابدۇغوپۇر داموللا هاجى يازغان رىسالىدىكى شېڭ شىسەينىڭ بېغىشلىمىسىغا قارالسۇن ) ئىدى . ئۇ هۆكۈمەت تەرىپىدىن " داموللا شانلىق ئاپرېل ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى بولغان مۇقەددەس ئالتە سىياسىي شوئارنى شىنجاڭ تارىخىدا ئەڭ قىممەتلىك تارىخىي ۋەقە دەپ باهالاپ ، ئۆزىنىڭ يېڭى هۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ رەهبەرلىرىنىڭ تۇتقان سىياسىي يولىغا تولۇق رازى بولۇپلا قالماي ، بەلكى خەلققە شۇ سىياسەتنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۈرۈش ، خەلقنى هۆكۈمەت بايرىقى ئاستىغا توپلاش يولىدا بىباها ، قىممەتلىك ، هەقىقىي ۋە سەمىمىي سانىسىز خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن ( ئابدۇغوپۇر داموللا هاجى يازغان رىسالىدىكى شېڭ شىسەينىڭ بېغىشلىمىسىغا قارالسۇن ) ، " ئۇ سۆيۈملۈك ئالىيجاناب هەقىقىي بىر دىنىي داهىي بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە قەهرىمانە خىزمەت قىلغان بولسا ، هازىرقى خەلقپەرۋەر ، ئادالەت ۋە مۇساۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان يېڭى هۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئالتە سىياسىي شوئارىنىڭ دىن ۋە قۇرئان كەرىمگە مۇخالىپ هېچقانداق يېرىنىڭ يوقلۇقىنى تەكىتلەش بىلەن قانائەتلەنمەي ، بەلكى بىزنىڭ هەققانىيەتلىك يولىمىزنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە هەدىس شېرىپلەردە زىكرى بولۇنغان ۋە شۇنداق يول بىلەن مېڭىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى تەكىتلىگەن " ( ئابدۇغوپۇر داموللا هاجى يازغان رىسالىدىكى شېڭ شىسەينىڭ بېغىشلىمىسىغا قارالسۇن ) كىشى دەپ ماختالغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، داموللىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان هامان ، ئۈرۈمچىدە زور ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ماختاپ شېڭ شىسەي نۇتۇق سۆزلىگەندى .

ئابدۇغوپۇر داموللىنى هۆكۈمەت شۇ قەدەر ماختىغان ، ئۇنىڭ ئۆلىمى ئۈچۈن شۇنچىۋالا قايغۇرغان ، هەتتا : " مەرهۇم داموللىنىڭ يېڭى هۆكۈمەت ۋە يېڭى ئادىل سىياسەت دەۋرىدە ، شىنجاڭنىڭ يېڭىدىن ئادالەت ، مۇساۋەت ( باراۋەرلىك ) ئاساسىدا جەبىر ـ زۇلۇمسىز

تەرەققىياتقا قەدەم قويغان دەۋردە يېزىپ ، سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز تارىخىي خىزمەتلەرنى قىلىپ ، خەلق ۋە ھۆكۈمەت خائىنلىرىنىڭ رەھىمسىز ۋە ۋەھشىيانە قوللىرىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇشى ، سۆيۈملۈك دوستىمىزنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن يوقىلىشى يېڭى ھۆكۈمەت ۋە بىز دۇبەن ، جۇشى ۋە فۇجۇشىلار ئۈچۈن ۋە بارلىق شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ماتەملىك ، ئېسىمىزدىن چىقمايدىغان قايغۇلۇق بىر ئەھۋالدۇر ..... شۇنداق قىممەتلىك ، ئالىيجاناب دوستىمىز يوقالدى . بۇنىڭغا بىزنىڭ ۋە بارلىق خەلقنىڭ يۈرەكلىرىمىز داغ بولدى . لېكىن ، مەرھۇم يوق بولغان بىلەن ئۇنى تارىخىي خىزمەتلىرى يېڭى شىنجاڭ تارىخىنىڭ بىرىنچى سەھىپىسىگە ئالتۇن قەلەم بىلەن يېزىلىپ ، دائىم خاتىرىدە ساقلانغۇسىدۇر .. يېڭى ھۆكۈمەت قاتىلنى تېپىش ۋە ئۇنى قاتتىق جازالاش يولىدا قەتئىي چارىلەر كۆرمەكتە " ( ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى يازغان رىسالىدىكى شېڭ شىسەينىڭ بېغىشلىمىسىغا قارالسۇن ) دەپ جاكارلىدى . ئەمما قەشقەر خەلقى ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن سۆزلەشكەندە چىقارغان " يولدىن ئازغان ، شەرىئەت جازاسىدىن چىققان كىشىنىڭ تىلى كېسىلىپ ، ئاغزى يىرتىلىپ ، كانىيى بوغۇزلىنىشى كېرەك " دېگەن پەتىۋاسىنى ئاڭلاپ ، ئۇنى " ئۆلۈم پەتىۋاسى " ( كېيىن " ئۆلۈم ۋەدىنامىسى " ) دەپ ئاتاشتى ۋە داموللا مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۆلىمگە پەتىۋا چىقىرىپتىكەن ، شۇ بويىچە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ، دېيىشتى ۋە ئۇنىڭغا باشقىچە كۆزقاراشتا بولدى.

ئابدۇغوپۇر داموللا ئۆلتۈرۈلۈپ 10 ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ، 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2- كۈنى ( جۈمە ) مەھمۇد مۇھىتى چەتئەلگە چىقىپ كەتتى . شۇ چاغدىلا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى ئوچۇق ئاشكارا " خائىن " جاھانگىرلارنىڭ قويرۇقى " دېدى ۋە ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ رىسالىسىنى نەشىردىن چىقىرىپ ، خەلققە ھەقسىز تارقىتىپ بېرەلىدى .

ئابدۇغوپۇر داموللا بۇ كىتابنى قەشقەردە يازغان . ئۇ كىتابىدا دىنىي ، سىياسىي ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ، شەيخ سەئىدى يازغان " تۈلكىنىڭ ھېكايىسى " نەقىل كەلتۈرۈپ ، خەلقىمىزنى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە تايىنىشقا دەۋەت قىلغان ھەم شۇنداق قىلغاندىلا روناق تاپالايدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ ساتقان . 1935 ـ يىلى ئابدۇغوپۇر داموللا قەشقەر ۋەكىلى بولۇپ ، ئۈرۈمچىگە قۇرۇلتايغا بارغاندا بۇ كىتاب شېڭ شىسەي تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ، " شىنجاڭ گېزىتى " ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەنسۇر ئەپەندى ( ۋەتەن ئوغلى ) نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە 1936- يىلى 11 ـ ئايدا " شىنجاڭ گېزىتى " باسمىخانىسىدا 5000 نۇسخا بېسىلدى .

ئابدۇغوپۇر داموللا ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق يازغانىدى : " كاشغەر ئەئيانلىرى بۇ ھەقىر بىئېتىبارنى ئۈرۈمچى سىڭغا ۋەكىل قىلىپ ئىبەرگىنىدە ، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ تۇتقان يولى شەرىئەتىمىزنىڭ قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق بولغىنى ئۈچۈن كامال خۇرسەند

بولغىنىمدىن مەجلىسى مەئبۇساندا بىر ، ئىككى ئايەت ۋە ھەدىس بىلەن سۆيلىنىپ ، بـۇ ۋەزدە مۇتەئەسسىر بولغان ( تەسىرلەنگەن ) بەزى ئەئىيانلار : مۇنـداق نەپئى ( پايدىسى ) ھەممە شىنجاڭ خەلقىگە يەتسۇن ، بەلكى ھەممە دۇنياغا كەتسۇن ، دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن ئۇشبۇ رىسالىنى بـۇيرۇپ ئىدى . ئۇنىـڭ ئۇچـۇن قـۇۋۋەت ، ئىسـتىداتىمنىڭ يېتىشىچە يېزىپ ھەر مىللەت ۋەتەنداشلارغا ھەديە قىلدىم .

....... بۇ رىسالە 1335 ـ ھىجرىيە يىلى مۇھەررەمنىڭ بېشى تامام بولدى " .

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا دۇبەن شىڭ شىسەي بىلەن ئۆلكە رەئىسى لـى يـۇڭلار ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ بېغىشلىما يازغاندى .

شىڭ شىسەينىڭ بېغىشلىمىسىدا مۇنداق دېيىلگەن :

" بىسلىغۇسى مەرھۇم ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ بۇ رىسالىسى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ، ھايـاتى ئۈچـۈن چـوڭ ئـوررۇن ئالـدىغان قىممەتلىـك ۋەقەدىرلىـك تـارىخىي ، سىياسـىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر رىسالىدۇر .

بۇ رىسالە ھۆرمەتلىـك مەرھۇمنىـڭ 2 ـ قۇرۇلتايـىدا بـارلىق مىللـەت ۋەكىللىـرى ئالدىـدا سۆزلىگەن ، ھەقىقەتكە ئاساسلانغان نۇتۇقىنىڭ ۋە 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بارلىق غەيرەت ۋە ئىجتىھاتى ، ھەقىقىي دىلى بىلەن خەلققە قىلغان تەشۋىق ۋە تەرغىباتلىرىنىڭ مەنتىقى داۋامىدۇر .......

مەرھۇم ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ بۇ ئەسىرىنى شىنجاڭ خەلقى ۋە زاتىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە يەنە بىر مەرتەم ئىشەنسۇن ۋە مەرھۇم باشلاپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ ، يېڭى ھۆكـۈمەتكە ھەقىقىي ئىشـەنچلىرى كۈچىيىـپ دۇنيـا ۋە ئـاخىرەتتە بەختلىـك ۋە سـائادەتلىك خەلقلەردىن بولسۇن دەپ چىقاردۇق " .

ئۆلكە رەئىسى لى يۇڭنىڭ بېغىشلىمىسىدا مۇنـداق يېزىلغانـدى : " مەرھـۇم ئابـدۇغوپۇر داموللىنىڭ بۇ ئەسىرى بىز ئۈچۈن غايەت بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر . چۈنكى ، ئالتە سىياسەت شوئارىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىق دىنىغا قارشى بولماي ، بەلكى مۇۋاپىـق ئىكەنلىكى مەرھـۇم بـۇ ئەسىرىدە ئوچۇق كۆرسىتىپ يازغانـدۇر ، بـۇ ھەقتە شـىڭ دۇبەن ۋە فۇجۇشـلارنىڭ يازغان مۇقەددىمىسىگە مەن تولۇق قوشۇلۇشۇم بىلەن بىرگە بۇ ئەسەرنىڭ پات ئارىدا بېسىلىپ خەلق ئارىسىغا تارقىلىشىنى تىلەيمەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز كۆپ مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدۇ ـ دەپ چىن كۆڭلۈم بىلەن ئىشىنىمەن " .

ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى " تۆندىكى پـاجىئە " تـارىخىي ئۆتمۈشـكە ئايلىنىـپ قالدى.

شۇ يىللاردا مەن 6 ـ دىۋىزىيە باش شتابىدا خوجۇلۇق باشقارمىسىدا ئىشلەيتتىم . دىۋىزىيىنىڭ قورال ـ ياراغ ۋە ھىساباتىنى باشقۇراتتىم . ئۆيىمىزمۇ دىۋىزىيە شتابى جايلاشقان يۇملاق شەھەرگە يېقىن ئەنجان كوچىسىدا ئىدى . مەھمۇت سىجاڭ يېنىدا دائىملىق خىزمەتتە بولغانلىقىمدىن ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى بىلەنمۇ پات ـ پات ئۇچرىشىپ قالاتتۇق ، قەشقەر شەھىرىدە يۈز بەرگەن تۆرلۈك ۋەقە ـ ھادىسىلەر بولۇپمۇ شۇ " پاجىئە " نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەھۋاللاردىن ھەر ۋاقىت خەۋەردار بولۇپ تۇرغان شاھىتلارنىڭ بىرى بولغىنىم ئۈچۈنمىكىن ، ئۇ كارتىنىلار خۇددى تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەندەك كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ . شۇڭا بۇ ئىشلار خەلقنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولمىسۇن ، دەپ خاتىرىلەپ قويدۇم .

مەنبە : تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى . تۈزگۈچى غەيرەت ئەيسا

# كورپيەنىڭ شىنجاڭغا ئائىت تەتقىقاتلىرى

نەنشاڭ گېك (كورىيە)
تەرجىمان : ئىمىن تاجى تۆرگۈن

كورىيەدە شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ئەمەس ھەم تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ كۆپ ئەمەس. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى سەۋەبلەرگە نەزەر سېلىپ ئۆتىمىز. ئاۋۋال ئېيتىشقا تېگىشلىكى. بىرىنچىدىن، جۇغراپىيىۋى جەھەتتە، كورىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ ئارىلىقى 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، بۇ مۇقەررەركى بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى چەكلەپ قويغان. ئىككىنچىدىن، ئۇزۇندىن بېرى شەرق-غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى قارشىلىقلار (دۈشمەنلىشىشلەر) كورىيە، جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ نورمال ئالاقىسىگە توسقۇنلۇق قىلغان. ئۈچىنچىدىن، كورىيە بىلەن جۇڭگو 1992-يىلى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن ئىككى دۆلەت رەسمىي بېرىش-كېلىش قىلىشقا باشلىغان.

تارىختا قارايدىغان بولساق، بۇددا دىنى كورىيەگە تارقالغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان راھىبلار جۇڭگوغا ياكى غەربىي يۇرتقا ئوقۇشقا كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتكەن ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىنى قالدۇرغان. ئەمما بۇلار ناھايىتى ئاز بولۇپلا قالماستىن، كورىيە يېزىقىدىمۇ يېزىلمىغان. بۇلارنى پەقەت جۇڭگو يازما ماتېرىياللىرىدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلاملاشقاندىن كېيىن بولۇپمۇ 9-ئەسىردىن 15-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، چاۋشيەن يېرىم ئارىلى كىدان، جورجىت، مۇڭغۇل قاتارلىق شىمالدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرغان يۈز يىل جەريانىدا ئاتالمىش كۆپ مىقداردىكى «رەڭدار كۆزلۈكلەر» چاۋشيەن يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ تەسىرى كۆرۈنەرلىك بولمىغان.

چاۋشيەندە جۇ ئىقىمى (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كورىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولغان، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن پەيلاسوپ جۇشى (朱喜) كوڭزىچىلىق، بۇددا دىنى ۋە تويىن دىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىپ بىر ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ ئېقىم كورىيەگە تارقالغاندىن كېيىن بىر مەزگىل كورىيە ئىدىيە ساھەسىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان ـ تەرجىماندىن ئىزاھات)

يەتەكچىلىكى دەۋرىدە جوڭگو، ياپونىيە ۋە جورجىتلار بىلەن بولغان ئالاقىدىن باشقا، سىرت بىلەن ئالاقىمۇ قىلمىغان. غەربى يۇرت ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ يوق دېيەرلىك.

19 ـ ئەسىردىن كېيىن چاۋشيەن يېرىم ئارىلى غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان. بۇ خىل شارائىتتا شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە مومكىن بولمىغان، شىنجاڭ ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى جوڭگو يازما ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىلغان. ياپون جاھانگىرلىكى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ ئۇلار ئارقىلىق شىنجاڭنى بىلىش ۋە چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە غەرب ئالىملىرىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسيانى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېتلاردا «شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت تارىخى» دېگەندەك دەرسلەر تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭ تارىخى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىغان.

ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاتالمىش «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرى» باشلانغان. 1950 ـ يىلى چاۋشيەن ئۇرۇشى پارتىلىغاندىن كېيىن بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەن. كورىيەنىڭ شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىمۇ تەبىئىي ھالدا ناھايىتى زور تەسىرگە ئۇچرىغان.

جوڭگودا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، كورىيەلىكلەر شىنجاڭغا ئەركىن ھالدا ساياھەتكە كېلەلەيدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا بولغان دىققىتى قوزغىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىپەك يولىنىڭ جوڭگودىكى قىسمى دېگۈدەك شىنجاڭدا بولغاچقا ھەممە «يىپەك يولى» دېگەن بۇ نام كىشىگە بىر خىل سىرلىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. بۇ مۇقەررەركى كىشىلەردە بۇ نامەلۇم جايغا بولغان قىزىقىشنى قوزغايدۇ. 1980 ـ يىلى كورىيەنىڭ KBC تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ياپونىيەدە ئىشلەنگەن «يىپەك يولى» ناملىق فىلىمنى قويغاندىن كېيىن، كىشىلەر شىنجاڭغا تېخىمۇ دىققەت قىلغان ۋە «غەربى يۇرت» دېگەن نامنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن.

1990 ـ يىلى كورىيە مۇڭغۇلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى، كورىيە ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى دېگەندەك ئىلمىي جەمئىيەتلەر قۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە كورىيە ئىلىم ساھەسىدە شىمالدىكى رايونلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدىكى تەتقىقاتلارمۇ خېلى جانلىنىشقا باشلىغان.

كورىيە ئىلىم ساھەسى شىنجاڭنى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە ھەر قايسى تىللارغا ئائىت ماتېرىياللار ئىنتايىن كەم ئىدى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن. ھازىر خېلى ياخشى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. جوڭگو ھۆكۈمىتى غەربىي

www.kitaphumar.com

ئېچىش ئىستىراتېگىيىسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان كورىيە كارخانىلىرى جوڭگوغا كىرىشكە باشلىدى. بۇ كارخانىلارنىڭ غەلبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشى بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق ، چۈنكى مۇكەممەل ئىلمىي تەتقىقات كارخانا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى . شۇڭىغا ئىشىنىمىزكى، كورىيەدىكى شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى چوقۇم ئالغا قاراپ تەرەققى قىلىپ، تېخىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگۈسى.

## 1. تارىخ تەتقىقاتى جەھەتتە:

1 .جىن بىك مو ( كورىيانچە ئىسمى، كىم بىيۇك مو)

« قەدىمكى كورىيە بىلەن غەربى يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، «كورىيانشۇناسلىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1988-يىللىق 14-سانىغا بېسىلغان.

2. جىنروك خەن ( كورىيانچە ئىسمى،كىم يوك بۇم)

«خەن لېرەن تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە»، «مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1997-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان.

خەن لېرەن : چاۋشيەن مىللىتىدىن ، لوڭجىڭدا تۇغۇلغان،شاڭخەي گۈزەل-سەنئەت مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، فىرانسىيەدە ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۈزۈن مۇددەت شىنجاڭدا گۈزەل-سەنئەت تەتقىقاتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە گۈزەل-سەنئەت تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسى زور.

3. جىن خاۋدوك (كورىيانچە ئىسمى، كىم خو دوك)

« 1864-يىلىدىكى شىنجاڭ مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى جەريانى»، «شەرقىي ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1986-يىللىق 24-سانىغا بېسىلغان.

«14-20 ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ ۋە كورىيە مۇناسىۋىتىگە ئائىت يازمىلار». «شەرقى ئاسىيا مەدەنىيىتى» ژورنىلىنىڭ 1987-يىللىق 25-سانىغا بېسىلغان.

« تۈرك-ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىر قانچە مەسىلە»، «شەرقىي ئوكيان تارىخ ئىلمىي تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1987-يىللىق 25-سانىغا بېسىلغان.

« ‹ خۇاشياچە - بەدۋىيچە سۆزلۈكلەر قوللانمىسى› (‹مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان يات تىللار› دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ ــ تەرجىماندىن) دىكى نامۇم كوراگان يازمىلىرى ھەققىدە ئىزاھات»، « ئالتايشۇناسلىق ئىلمى » ژورنىلىنىڭ 1989-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

« مۇغۇل خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مۇسۇلمانلار توغرىسىدا»، «تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1988-يىللىق 119-سانىغا بېسىلغان.

«مۇغۇل خانلىقىنىڭ ۋارىسلىق تالاش-تارتىشلىرىدىن شىمالدىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئالاھىدىلىكىگە نەزەر»، «شەرقى ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1990-يىللىق 33-سانىغا بېسىلغان.

«زوزوڭتاڭنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشى ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى»، «شەرقى ئاسىيا مەدەنىيىتى» ژورنىلىنىڭ 1991-يىللىق 29-سانىغا بېسىلغان.

«ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇسۇلمان ئەلچىلەرگە چوقۇنۇش ئىدىيىسى توغرىسىدا»، «جەنۇبى ئىلمى ژورنىلى» ژورنىلىنىڭ 1991-يىللىق 74-سانىغا بېسىلغان.

«15-16 ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى كۆچمەنلەر گورۇھىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى»، « سئول ئۇنىۋېرسىتېتى روس تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1993-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان.

« 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا قەشقەر بىلەن ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، « ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى » ژورنىلىنىڭ 1996-يىللىق تۇنجى سانىغا بېسىلغان.

1997-يىلىدىكى غەربى ۋە شەرقى ئاسىيا تەتقىقاتىغا نەزەر»، «تارىخشۇناسلىق ژورنىلى» ژورنىلىنىڭ 1998-يىللىق 159-سانىغا بېسىلغان.

« تارىخشۇناس شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ ‹تارىخ› ناملىق ئەسىرىدىكى تارىخ قاراش ۋە ئۇنىڭ چەكلىملىكى»،

« گۇننار ياررىڭ توپلىغان ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت يازما ماتېرىياللار»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2000-يىللىق 5-سانىغا بېسىلغان.

« غەربى يۇرتتا پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىغا ( خوجىلارنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مومكىن - تەرجىماندىن ئىزاھات) بولغان چوقۇنۇش - تۇرپاندىكى ئالىپ ئاتا ھەققىدە»، 1992-يىلى جوڭگۇنىڭ تەيبېي شەھىرىدە ئېچىلغان 35-قېتىملىق خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.

« مۇسۇلمان پەيغەمبەرلىرىنىڭ (خوجىلارنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مومكىن —— تەرجىماندىن ئىزاھات) 14-16-ئەسىرلىرىدىكى غەربى يۇرتتىكى پائالىيىتى توغرىسىدا»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1996-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

« مۇغۇللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى تارىخى : چاغاتاي خانلىقى ئابىدىسى»، 1998-يىلى

4. نەنشاڭ گېڭ ( كورىيانچە ئىسمى، نام ساك گاك)

« تۈرغۇتلارنىڭ شىمالىي شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى جەريانى»، «مۇڭغۇلشۇناسلىق» ژورنىلىنىڭ 2005-يىلى 2-ئايدىكى كورىيە مۇڭغۇلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىنىدا ئوقۇلغان.

« ملىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياستى»، «مۇڭغۇلشۇناسلىق» ژورنىلىنىڭ 18-سانىغا بېسىلغان. 2005-يىلى 2-ئايدىكى كورىيە مۇڭغۇلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى يىغىنىدا ئوقۇلغان.

« مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئە سىياستى»، 1996-يىلى مۇڭغۇلىيەنىڭ ئۇلانباتور شەھرىدە ئېچىلغان 10-قېتىملىق مۇڭغۇلشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.

« 18-ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇڭغۇل-توڭگۇس قەبىللىرىنىڭ مانجۇرىيەدىن غەربكە كۆچۈشى ھەققىدە»، 2000-يىلى مۇڭغۇلىيەنىڭ ئۇلانباتۇر شەھرىدە ئېچىلغان 10-قېتىملىق مۇڭغۇلشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.

« 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا مۇڭغۇل-توڭگۇس تىللىق مىللەتلەرنىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانى ھەققىدە تەتقىقات»، « 14-نۆۋەتلىك كورىيە مۇڭغۇلشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن.، 2001-يىلى 7-ئاي.

5. بەنىنشۇن (كورىيانچە ئىسمى، مىن بىيۇڭ خۇن)

«تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە قىسقىچە بايان»، « مەركىزي تارىخ ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1989-يىللىق 6-سانلىرىغا بېسىلغان.

« غەربىي يۇرتتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى»، « مەركىزي تارىخ ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1999-يىللىق 12-13 سانلىرىغا بېسىلغان.

« دۆلەتلىك مەركىزىي مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان ئابى تاكىئو يىغما بويۇملىرى ھەيئىتى ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2000-يىللىق 5-سانىغا بېسىلغان.

6. پۇجوڭپىك (كورىيانچە ئىسمى،ۋۇ جىڭ پىك)

« مۇسۇلمانلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ۋە جايلاشقان ئورۇنلىرى »، « ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتى» نىڭ 1999-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

7. شىن باۋجى (كورىيانچە ئىسمى،شىن خىيوڭ شىك)

« سىللا ۋە غەربىي يۇرت»، « سىللا مەدەنىيىتى» ژورنىلىنىڭ 1991-يىللىق 8-سانىغا بېسىلغان.

8. يۇ دېشەن (كورىيانچە ئىسمى، ۋۇ دوك چان)

« ئىككىنجى تۈرك خانلىقىدىكى قەبىلە قۇرۇلمىسى ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1998-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان.

« ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئىسلام ئەسلىيەتچىلىك ھەركەتلىرى ھەققىدە تەتقىقاتلار»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2000-يىللىق 5-سانىغا بېسىلغان.

« قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنغان Tatabi لار ھەققىدە تەتقىقات»، « فۇشەن تارىخشۇناسلىقى» ژورنىلىنىڭ 1997-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

« تۈرك تارىخى ھەققىدىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە تەتقىقات»، « چەتئەل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1996-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

« 7-6 ئەسىرلەردىكى كۆگرېيۇ (گاۋگالى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ ــ تەرجىماندىن ئىزاھات) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە تەتقىقات»، « كورىيە ئوتتۇرا شەرقى ئىلمىي جەمئىيىتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى » نىڭ 2004-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان.

« رورەن ۋە ئاۋارلارنىڭ ئورتاق ئەجداد قارىشى ھەققىدە قايتا تەكشۈرۈش»، « چەتئەل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 2003-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان.

« شەرقى تۈركىستاندىكى كۆچمەن ئىمپېرىيىلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىش ھەققىدە تەتقىقات»، « جوڭگو ئوتتۇرا شەرق ئىلمىي جەمئىيىتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1999-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

« رورەن تەتقىقاتىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى»، « چەتئەل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 2001-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

9. لىيۇبىڭ سەي (كورىيانچە ئىسمى،رۇن بىيۇڭ جەي)

« قايىدۇ ئۇلۇسىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە تالاس قۇرۇلتىيىنىڭ بىكىتىلىشى»، « مۇڭغۇلشۇناسلىق » ژورنىلىنىڭ 18-سانىغا بېسىلغان.

10. لى لەنيىڭ (كورىيانچە ئىسمى،يى ران يۇڭ)

« بىرلىككە كەلگەن سىللا ۋە غەربى يۇرت»، « شىنتاڭ ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ 1994-يىللىق 20-سانىغا بېسىلغان.

11. لىچېڭ گوي ( لى چېڭ گيۇڭ)

« خەن ۋۇدىنىڭ غەربى يۇرتقا يۈرۈش قىلىشى، تەختىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، خۋاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى تىزگىنلەش ۋە يۇ، غەربى ئۇماي ئانا رىۋايىتى » ، « شەرقى ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 2000-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

12. لى لوڭفەن (كورىيانچە ئىسمى،يۇڭ بۇم فان)

www.kitaphumar.com

« كۆگرېيۇ (گاۋگالى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ ـ تەرجىماندىن ئىزاھات)نىڭ غەربى لىياۋ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە تۈركلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى»، « تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1959 ـيىللىق 4 ـسانىغا بېسىلغان.

13.لى يۈ خۋا (كورىيانچە ئىسمى،لي ۋۇ خۋا)

« 16 ـئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇغۇل ئىمپېرىيەلىرىنىڭ ۋارىسلىق تۈزۈمى ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2004 ـيىللىق 9 ـسانىغا بېسىلغان.

14. چوەن جىڭ شىيەن (كورىيانچە ئىسمى، كىم جىڭ شۈن)

« زوروئاستىرىزم شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇشى ھەققىدە»، « فۇدا تارىخشۇناسلىقى» ژورنىلىنىڭ 1995 ـيىللىق 19 ـسانىغا بېسىلغان.

15. چوەن دېزەي (كورىيانچە ئىسمى،كىم دوك جەي)

« كورىيەلىكلەرنىڭ قەدىمكى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە تەتقىقات» ، « تارىخ ۋە چېگرا» ژورنىلىنىڭ 2006 ـيىللىق 58 ـسانىغا بېسىلغان.

16. جىڭ شۈيى (كورىيانچە ئىسمى،جۇڭ سۇ يىل)

« كورىيە ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى چەمبىرىنىڭ ئۇچرىشىشى»، « گۇمانىتار پەنلەر» ژورنىلىنىڭ 2003 ـيىللىق 85 ـسانىغا بېسىلغان.

« خۇيچاۋنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسى ۋە بەش دۆلەت تەزكىرىسى»، « كورىيە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2000 ـيىللىق 27 ـسانىغا بېسىلغان.

« يىپەك يولى ئۇقۇمىنىڭ كېڭىيىشى ـ ھاياتلىق ۋە دىن»، « مەركىزىي ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى» ژورنىلىغا بېسىلغان. 2005 ـيىلى كۆزدىكى كورىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ چوڭ يىغىنى.

« ئىككى شائىرنىڭ غەربى يۇرتقا سىياسىتى»، « كورىيە ئوتتۇرا شەرق ئىلمىي جەمئىيىتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1989 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان.

« غەربى يۇرت ھەققىدە تەتقىقات»، « تارىخ تەزكىرىسى» ژورنىلىنىڭ 1990 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان.

« كورىيە ۋە غەربىي يۇرت كېيىم ـكېچەكلىرىدىكى ئورتاقلىق »، «كورىيەكېيىم ـكېچەكلىرى» ژورنىلىنىڭ 1993 ـيىللىق 11 ـسانىغا بېسىلغان.

« خۇيچاۋنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى ھەققىدە تەتقىقات»، « شەرقشۇناسلىق » ژورنىلىنىڭ 1990 ـيىللىق 68 ـسانىغا بېسىلغان.

« يىپەكنىڭ غەربكە تارقىلىشى»، «خۇكجەينى خاتىرلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1997-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

17. دىڭ زەيشۇن (كورىيانچە ئىسمى،جۇڭ جەي خۇن)

« دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ياغلاقار-ئۇيغۇر ئىمپېرىيەلىرى(795-744) خانلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى ھەققىدە»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1998-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان.

«ئۇيغۇرلارنىڭ بىشبالىققا كىرىشى ۋە ئادىئىز ئۇيغۇرلار ئىتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى»، « شەرقى ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1998-يىللىق 64-سانىغا بېسىلغان.

« ئۇيغۇر خانلىقى تەتقىقاتىغا نەزەر»، « تارىخشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1998-يىللىق 160-سانىغا بېسىلغان.

« ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى»، « شەرقى ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1999-يىللىق 68-سانىغا بېسىلغان.

« ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانى دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ خارەكتىرى»، « تارىخشۇناسلىق ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 2000-يىللىق 168-سانىغا بېسىلغان.

« ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە كۆچمەنلەر ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىللىنىشى»، « شەرقى ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2001-يىللىق 76-سانىغا بېسىلغان.

« ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارا بالاساغۇن ھەققىدە»، « شەرقى ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2003-يىللىق 84-سانىغا بېسىلغان.

« تۈرك خانلىقىدا تۇنيۇقۇق ئوبرازىنىڭ ئورنى»، « شەرقى ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1994-يىللىق 4-سانىغا بېسىلغان.

« سۈي ۋىندىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش غايىسى ۋە ئىچكى-تاشقى سىياستى»، «جوڭگو تارىخ تەتقىقات» ژورنىلىنىڭ 2001-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

18.سۈي شياۋزى (كورىيانچە ئىسمى، چۈي سو جا)

« چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، « مىڭ، مىڭ تارىخى تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1995-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

« ئىلى ۋەقەسى ھەققىدە تەكشۈرۈش»، «لىدوك تارىخ مەجمۇئەسى» نىڭ 1964-يىللىق 4-سانىغا بېسىلغان.

19.خوڭزەي شۈەن (كورىيانچە ئىسمى،خۇڭ جەي خۇن)

« تـاڭ دەۋرى شـېئىرلىرىدا ئەكـس ئەتـكەن خەنـزۇ ۋە چېگرادىكـى باشقا مىللەتلەرنىـڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، « جوڭگو گۇمانىتـار پەنلىـرى» ژورنىلىنىـڭ 2003-يىللىـق 26-سـانىغا بېسىلغان.

### 2. تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتە :

20. گاۋدوڭفىڭ (كورىيانچە ئىسمى،گو دوك خۇ)
« شىبە تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسى ھەققىدە تەتقىقات»، « ئالتايشۇناسلىق تەتقىقـاتى» ژورنىلىنىڭ 2004-يىللىق 14-سانىغا بېسىلغان.
21. جىن دوڭجاۋ (كورىيانچە ئىسمى،كىم دوڭ سو)
« شـىنجاڭدىكى توڭگـۇس تىللىـق مىللەتـلەر ۋە ئۇلارنىـڭ تىلـى»، « ئالتايشۇناسـلىق تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1998-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.
« شىبە تىلى تەتقىقاتىغا كىرىش»،
« ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1996-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.
22. چىن شياۋ جىڭ (كورىيانچە ئىسمى، كىم خيۇ جىڭ)
« ھازىرقى زامان ئۇيغـۇر تىلىـدا ئىسـىم ياسـىغۇچى قوشـۇمچىلار ھەققىـدە تەتقىقـات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1998-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان.
23. لىيۇ يۈەنشيۇ (كورىيانچە ئىسمى،رىيان ۋۇ سۇ)
« چۆچەك ئاشىر داغۇرلىرىنىڭ شىۋىسى ھەققىـدە تەتقىقـات»، « ئوتتـۇرا ئاسـىيا ئىلمىـي جەمئىيىتىنىڭ 200-يىلى كۈزدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.
24. جىنتىڭ لوڭ (كورىيانچە ئىسمى،كىم دوڭ جو)
« قەدىمكى كورىيە تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە»، « ئۇلـۇغ ئوكيـان مەدەنىيەت تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1998-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.
ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تىللارنىڭ (تۈرك، مۇڭغۇل، توڭگـۇس ، مـانجۇ ۋە كـورىيە تىللىرى) بايان پېئىلى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، « ئۇلۇغ ئوكيان مەدەنىيەت تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1984-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.
25. سۈي خەنيۇ (كورىيانچە ئىسمى،چۈي خەن ۋۇ)
« تـارىخى سېلىشـتۇرما تىلشۇناسـلىق نۇقتىسـىدىن كـورىيە بىـلەن ئوتتـۇرا ئاسـىيانىڭ مۇناسـىۋىتى ھەققىـدە تەتقىقـات»،«ئالتايشۇناسـلىق ئىلمىـى» ژورنىلىنىـڭ 1997-يىللىـق 1-سانىغا بېسىلغان.

« ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ بۇگۇنى ۋە تەتقىقاتى تېمىلىرى»، « خەلقئارا رايون تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2001 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان.
« ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىن ۋە مىللەت مەسىلىسى»، « ئوتتۇرا شەرق تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1995 ـيىللىق 14 ـسانىغا بېسىلغان.
« ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇغراپىيىۋى مەدەنىيەت مەسىلىلىرى تەتقىقاتى»، « خەلقئارا رايون تەتقىقاتى» نىڭ 2002 ـيىللىق 2 ـسانىغا بېسىلغان.
« تۈرك تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدىكى تىل ئالدى تاۋۇشى e ھەققىدە»، «تىلشۇناسلىق» ژورنىلىنىڭ 1994 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان.
« كورىيە تىلىغا تۈرك تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر»، « ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي ژورنىلى» ژورنىلىنىڭ 1995 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان. « تۈرك تىلى بىلەن كورىيە تىلىنىڭ فونتىكىلىق سېلىشتۇرمىسى»،« ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي » ژورنىلىنىڭ 1989 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان.
« ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتچىلىك ھەركىتى ۋەگاۋۇلىلىقلار گورۇھى مەسىلىسى»، « ئوتتۇرا ئاسىيا تېنچى ئوكيان رايون تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2000 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان.
« سوۋىت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھالىتى ۋە كورىيەلىكلەر مەسىلىسى»، « جەمئىيەت ۋە تارىخ» ژورنىلىنىڭ 1996 ـيىللىق 48 ـسانىغا بېسىلغان.
« ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ھالىتى ۋە خىرىستىئان دىنىنىڭ تارقىلىشى»، « دىنىي جەمئىيەت ۋە كورىيە مەسىلىلىرى» ژورنىلىنىڭ 1994 ـيىللىق 24 ـسانىغا بېسىلغان.
26. سۈي خىڭ يۈەن (كورىيانچە ئىسمى،چوي خيۇن ۋۈن)
« ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ۋە مۇڭغۇللارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەپسانىلىرى»، « مۇڭغۇلشۇناسلىق» ژورنىلىنىڭ 15 ـسانىغا بېسىلغان.
« ‹گىسار› داستانىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تەتقىقات»، « مۇڭغۇلشۇناسلىق» ژورنىلىنىڭ 1 ـسانىغا بېسىلغان.
« تۈرك ۋە مۇڭغۇل تىلىدىكى رەڭنىڭ سىمۋوللىقى ھەققىدە»، «ئالتايشۇناسلىق ئىلمى » ژورنىلىنىڭ 1999 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان.
« مانجۇ ۋە مۇڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان بۇرۇنسكىي(Burinsk) شەرتنامىسى ھەققىدە»، «ئالتايشۇناسلىق ئىلمى » ژورنىلىنىڭ 1997 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان.
« 18 ـئەسىردىكى قالماق ماتېرىياللىرىدىكى سۆزلۈكلەر ھەققىدە تەتقىقات»، «ئالتايشۇناسلىق ئىلمى » ژورنىلىنىڭ 1997 ـيىللىق 1 ـسانىغا بېسىلغان.

www.kitaphumar.com

### 3. گۆزەل ـسەنئەت تەتقىقاتى جەھەتتە :

27. جۇن نىڭ بى (كورىيانچە ئىسمى،كۇۋن نيوُك پىل)

« شۇەنزاڭنىڭ رەسىمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ‹ھايۋانات ئۈرۈشى› شەكىلدىكى گۈزەل-سەنئەت شەكىللىرى»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1996-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

« كورىيەدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى ۋە گۈزەل ـسەنئەت تارىخى تەتقىقاتى» ، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2001-يىللىق 65 ـسانغا بېسىلغان.

« خەنلىرەننىڭ سەنئەت ھاياتى»، « كورىيانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1993-يىللىق 5-سانىغا بېسىلغان.

28. جىن نەنيۇن (كورىيانچە ئىسمى،كىم نام يوُم )

« بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 38-غارىدىكى مانى دىنىغا ئائىت تام رەسىمى ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2001-يىللىق 10-سانىغا بېسىلغان.

29. ۋىنشىشۇن(كورىيانچە ئىسمى ، مىن بىيوُك خۇن)

« شىنجاڭدىكى ھەر قايسى دىنلار ۋە خارابىلەر»، «گۈزەل-سەنئەت تارىخى تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1999-يىللىق 13-سانىغا بېسىلغان.

« شەرق-غەرب مەدەنىيەت تارىخىدىكى ‹خىيالى سەنئەت› » ،« گۈزەل سەنئەت تارىخى تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1996-يىللىق 10-سانىغا بېسىلغان.

30.لى رىن شۇ (كورىيانچە ئىسمى يى يىن سوك)

« ئالتۇن ۋە ئەينەك ---5-4 ئەسىرلەردىكى قەدىمكى كورىيە ۋە يىپەك يولى بويۇملىرى»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1997-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان.

31. لىنلىڭ ئەي (كورىيانچە ئىسمى ، يى رىيوُك ئەي)

« قەندەھارنىڭ سىۋات (Swat) دېگەن يېرىدىكى بۇددىزىم شەكىللىرىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ھەققىدە قايتا ئىزاھات»، « بۇددىزىم سەنئىتى تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1997-يىللىق 4-3 سانلىرىغا بېسىلغان.

« غەربىي يۇرت ئويمىلىرى ئارقىلىق شەرق-غەرب مەدەنىيەت، گۈزەل-سەنئەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، « بۇددىزىم سەنئىتى تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1997-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

32. لىن فەنشاڭ (كورىيانچە ئىسمى يىم بوُم جەي)

«يىپەك يولى گۈزەل ـسەنئەت تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «ئېستىتىكا ۋە سەنئەت تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1995 ـيىللىق 5 ـسانىغا بېسىلغان.

33.چىنزەي خۈي (كورىيانچە ئىسمى ،سىيۇك جەي شا)

«تۈرپان ئاستانا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى نۇۋانىڭ رەسمى ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2003ـيىللىق 8 ـسانىغا بېسىلغان.

## 4. كېيىم ـكېچەك تەتقىقاتى جەھەتتە :

34،جىنيوك سەي (كورىيانچە ئىسمى ،كىم يۇك جەي)

كۇسەن كېيىم ـكېچەكلىرىدىكى يۇملاق شەكىللىك يەڭلەر ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1997 ـيىللىق 2 ـسانىغا بېسىلغان.

35.جىن روگۋېن (كورىيانچە ئىسمى ، كىم يۇك مان)

«شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى كېيىم ـكېچەكلەر ھەققىدە تەتقىقات»، «كېيىم ـكېچەك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1996 ـيىللىق 2 ـسانىغا بېسىلغان.

« تاجىك ۋە كورىيەلىكلەرنىڭ كېيىم ـكېچىكى»، «مۇزىكا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2000ـ يىللىق 9ـ8 سانىغا بېسىلغان.

«كۇسەن كېيىملىرى»، «كېيىم ـكېچەك» ژورنىلىنىڭ 1995 ـيىللىق 24 ـسانىغا بېسىلغان.

« ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاچ شەكلى ۋە باش كېيىملىرى»، « كورىيە كېيىم ـكېچەكلىرى» ژورنىلىنىڭ 1994 ـيىللىق 12 ـسانىغا بېسىلغان.

« تۇرپاندىن تېپىلغان كېيىم ـكېچەكلەر ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1966 ـيىللىق 3 ـسانىغا بېسىلغان.

« تاجىكلارنىڭ چاچ تاراش ئۇسۇلى ھەققىدە تەتقىقات»، « تۇرمۇش مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1989 ـيىللىق 3 ـسانىغا بېسىلغان.

« كىروران توقۇلما بۇيۇملىرى»، « تۇرمۇش مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1994ـ يىللىق 18 ـسانىغا بېسىلغان.

36. پۇ جىڭزى (كورىيانچە ئىسمى ،پارك گىيۇك جا)

« كىروران پادىشاھلىرىنىڭ كېيىم ـكېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1997 ـيىللىق 2 ـسانىغا بېسىلغان.

37. پۇ شيېن جۇ (كورىيانچە ئىسمى ،پارك خيۇن جۇ)

www.kitaphumar.com

« كۇسەندىكى بۇددىزمچە كېيىم-كېچەكلەر ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2003-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان.

38. سىنبىن سو

« قازاق، قىرغىز ۋە تاجىكلارنىڭ كېيىم-كېچەكلىرى ۋە توقۇلما بويۇملىرى ھەققىدە تەتقىقات»، « كورىيە كېيىم-كېچەك ئىلمىي جەمئىيىتى تەزكىرىسى» ژورنىلىنىڭ 2001-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان.

39. يىلاڭ لاۋ (كورىيانچە ئىسمى ،يۈن ياڭ رو)

« شىنجاڭدىن تېپىلغان كېيىم-كېچەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلار»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2004-يىللىق 4-سانىغا بېسىلغان.

## 5. مۇزىكا تەتقىقاتى جەھەتتە :

40. ۋۇ جېنخۇەن (كورىيانچە ئىسمى ،ئوخ چۇل خۋان)

« قەدىمكى كۇسەن مۇزىكىسى ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1996-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

41. يىگۇاڭ فىك (كورىيانچە ئىسمى ،يۈن گىيۇڭ بوك)

« غەربىي يۇرت مۇزىكا شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە»، « بەدىئىي ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1987-يىللىق 4-3 سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.

42. لى خۇيچۇ (كورىيانچە ئىسمى ،يى خىيې گۇ)

« كۇگرىيۇ (گاۋگالى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ - تەرجىماندىن ئىزاھات) ۋە غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى»، « ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ 1995-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان.

43. چۈەن رېن پىك (كورىيانچە ئىسمى ،كىم يىك پىيۇڭ)

« ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە تەتقىقات»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1998-يىللىق 3-سانىغا بېسىلغان.

« ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ مۇزىكىلىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش دوكلاتى»، « كورىيە مۇزىكا تارىخى ئىلمىي ژورنىلى » نىڭ 1991-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان.

## 6. ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى جەھەتتە :

44. پۇ ياڭجېن (كورىيانچە ئىسمى ،پارك ياڭ جىن)

www.kitaphumar.com

« جوڭگۇ شنجاڭنىڭ مىس قوراللار مەدىنىيىتىنى تەكشۈرۈش»، « مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2002-يىللىق 7-سانىغا بېسىلغان.

## 7. ئىلمىي ، تەرجىمە ئەسەرلەر ۋە ساياھەت خاتىرىلىرى

45. جىن خاۋ دوڭ (كورىيانچە ئىسمى ،كىم خى دوڭ)
« ئوتتۇرا ئاسىيا يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىنقىلاب ۋە ئۆكتۈشىسىزلىقلار»، 199-يىلى، ( ئىلمىي ئەسەر)
« سېرىق دېڭىزدىن تەڭرىتېغىغىچە»، 1999-يىلى، ( ئەسلىمە)
« شەرقتىكى خىرىستىئان دىنى ۋە شەرقى-غەرب مەدەنىيىتى»، 2002-يىلى ئىلمىي ئەسەر.
ھەمكارلاشما ئەسەر:
« ياۋرو-ئاسىيانىڭ مىڭ يىلى»، 2002-يىلى نەشرى
جىن خاۋ دوڭ، لىيۇ يۆەنشىۇ، دىڭزەي شىيەن قاتارلىق بىرلىكتە تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر:
« ياۋرو-ئاسىيادىكى كۆچمەن ئىمپېرىيەلەر تارىخى»، 2000-يىلى نەشرى.
« ماركوپولۇ ساياھات خاتىرىسى»،
« شەرقتە كۆرگەنلىرىم»، 2000-يىلى نەشرى.
« قەبىلە ، مىللەتلەر تەزكىرىسى» (1-توم)، 2002-يىلى نەشرى.
« چىڭگىزخان خاتىرىلىرى»( تارىخى ماتېرىياللار 3-توپلىمى) ، 2003-يىلى نەشرى.
« قاغاننىڭ ئەۋلادلىرى» ( 3-توم)، 2005-يىلى نەشرى.
46. نەنشاڭگىيك (كورىيانچە ئىسمى ، نام ساڭ گاڭ)
ھەمكارلاشما تەرجىمە ئەسەر :
« مۇڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، 1997-يىلى نەشرى.
47. جاۋ بىڭشۈ (كورىيانچە ئىسمى ، جو بيوۇڭ خاك)
« ئەڭ ئاخىرقى مۇڭغۇل كۆچمەن ئىمپېرىيەسى»، ئاق تاغ نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى.
« شىنجاڭدىكى 15 كۈنلۈك ساياھەت»( ساياھەت خاتىرىسى)، « كورىيە ئىلمىي ئۆچۈرلىرى» غا بېسىلغان، 2005-يىلى،
48.شۈي شىشۇ (كورىيانچە ئىسمى ،خۆج سەي ۋۆك)

www.kitaphumar.com

« يىپەك يولى مەدەنىيىتى ساياھەتچىلىكى»(ساياھەت خاتىرىسى)، 1996-يىلى.
49. پۇ يۋەنجى (كورىيانچە ئىسمى ،پارك ۋۈن گىل)
« ياۋرو-ئاسىيا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە فولكلورى»، « فولكلور» ئىلمىي ژورنىلىغا بېسىلغان، 2001-يىلى ( ئىلمىي ئەسەر).
« ياۋرو-ئاسىيا يايلاق ئىمپېرىيەلىرىدىكى شامان دىنى»، « فولكلور» ئىلمىي ژورنىلىغا بېسىلغان، 2001-يىلى ( ئىلمىي ئەسەر).
50. جىڭ شۇ يىن (كورىيانچە ئىسمى ،جۇڭ سو يىل)
« قەدىمكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلۇش تارىخى»، 2002-يىلنەشرى،
« يىپەك يولىشۇناسلىق ، ئىجادىيەت ۋە تەنقىد»، 2002-يىلى نەشرى
« مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى تەتقىقاتى»، 2004-يىلى نەشرى، (تەرجىمە ئەسەر)
« ھىندىستاندىكى بەش دۆلەت خاتىرىسى» ( ئىلمىي ئەسەر )، 2004-يىلى

**تەرجىمە ئەسەرلىرى :**

« جوڭگوغا نەزەر»، 2002-يىلى
51. لىيىڭ لەي (كورىيانچە ئىسمى يى پىيۇڭ رەي )
« مەركىزىي ياۋرو-ئاسىيا تارىخى»، 2005-يىلى نەشرى
52. چۈەنىڭ بى (كورىيانچە ئىسمى ،كۇۋن يۇڭ پىل)
« يىپەك يولىدىكى گۈزەل-سەنئەت - ئوتتۇرا ئاسىيادىن كورىيەگىچە»، 1997-يىلى
53. دىڭ زېيشۈن (كورىيانچە ئىسمى ،جۇڭ جەي خۇن)
« ئۇيغۇر كۆچمەن ئىمپېرىيە تارىخى (744-840)»، ئەدەبىيات ۋە بىلىم، 2005-يىلى
54. يۈدېشەن (كورىيانچە ئىسمى ،ۋۇ دوك چان)
« مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدىن قىسقىچە بايان»، فۇشەن چەتئەل تىلى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998-يىلى 6-ئاي نەشرى
55. لىسو يۇڭ
تەرجىمە ئەسەر :
« تەكلىماكان»، دورۇۋۇرى نەشرىيات چەكلىك شىركىتى، ( تەكشۈرۈش دوكلاتى)
56. كىم سۇكخى
تەرجىمە ئەسەر :
« يىپەك يولى»، يەسان نەشرىيات چەكلىك شىركىتى، ( تەكشۈرۈش دوكلاتى)

www.kitaphumar.com

57. گاۋ سۇجىن (كورىيانچە ئىسمى ،گو يىك جىن)
« يىپەك يولى ( 1 ـتومدىن 10 ـتومغىچە) »، 1987 ـيىلى، ( ساياھەت خاتىرىسى)
58. ۋىنمىڭ دا (كورىيانچە ئىسمى ،مۇن مىۇك دەي)
« پروفېسسور ۋىنمىڭ دانىڭ يىپەك يولىنىڭ جوڭگۇ بۆلىكىدىكى ساياھىتى» ( ساياھەت خاتىرىسى) ، كورىيە تىل ماتېرىياللىرى مەقمۇئەسى كېڭىشى، 1993 ـيىلى.
59.لىگۇي تەي (كورىيانچە ئىسمى ،يى گيۇ تەي)
« ئەلچىلەر يولى ـ يىپەك يولى» (ساياھەت خاتىرىسى) ، شەرقى نۇرى مەدەنىيەت شىركىتى، 1985 ـيىلى .
60. زامان ـماكان تەھرىر بۆلۈمى نەشرگە تەييارلىغان :
« يىپەك يولى ــ قۇملۇقتىكى تەۋەككۇلچىلەر» ( تەكشۈرۈش دوكلاتى) ، زامان ـماكان بايقالما كىتابلىرى مەجمۇئەسىگە بىسلغان، زامان ـماكان نەشرىياتى، 2000 ـيىلى نەشرى.
61. لىجىڭ زەي (كورىيانچە ئىسمى ،يىجەي سۇك)
« يىپەك يولى تارىخى ۋە مەدەنىيىتى»، مىللەتلەر مەجمۇئەسى، 1994 ـيىلى.

ماقالىدىكى كورىيە يەر ناملىرى ۋە شەخسلەر ئىسىملىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مەكتيپىمىزنىڭ تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتوتى مىللەتشۇناسلىق كەسپىنىڭ 2009 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى ساخ يان ساكىنىڭ (كورىيان مىللىتىدىن) ياردىمىگە ئېرىشتىم، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

بۇ ماقالە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـيىلى نەشىر قىلىنغان « شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» ( شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقاتى ئىنستىتوتىنىڭ باشلىقى، تارىخ پەنلىرى دوكتورى تىيەنۋېجياڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە نەشرگە تەييارلانغان) ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمان : ئىمىن تاجى تۇرگۇن ( شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتىتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتوتى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

كەسپى : شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى

بۇ ماقالە «جوڭگو مىللەتلىرى» ژورنىلىنىڭ 2011 ـيىللىق 4 ـسانىدا ئېلان قىلىنغان.

www.kitaphumar.com

# تۈركلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ پاكىستان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

سىماناقۋى (پاكىستان)

پاكىستان مەدەنىيىتى ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەتلەرنىڭ-ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈرك، ھىندى-ياۋروپا، ئىران، ئەرەب، موغۇل ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، ئارىلاشما تىپى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان مەدەنىيەتتۇر. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركلەر مەدەنىيىتىنىڭ پاكىستان مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى، ئارىلىقتىكى ئورتاق نۇقتىلار ۋە پاكىستان مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنكى شەكلىنى ئالغانغا قەدەر ئەسىرلەر بويى قانداق يۇغۇرۇلۇشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقتىم. كۆنىمىزدىكى پاكىستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق ۋە تۈرك ئەجدادلىرىدىن ئالغان مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەققىدە ئوچۇق چۈشەنچە بېرىش ئۈچۈن، ھازىرقى پاكىستان زېمىنىنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىمۇ نۇقتىلىق توختىلىشقا تىرىشتىم.

## تارىخچە

پاكىستان خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ تارىخى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000-يىللارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۈگۈن پاكىستان بولۇپ قۇرۇلۇپ دۇنياغا تونۇلۇۋاتقان زېمىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىگىلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىش ئىنتايىن قىيىن. بۇ رايوننىڭ دەسلەپكى ئارخولوگىيەلىك نەتىجىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1500-3000-يىللار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىققان پەرقلىق بىرقانچە مەدەنىيەت ئىزىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ يەردىكى ئىندوس ۋادىسىدا ناھايىتى پارلاق مەدەنىيەتنىڭ يارىتىلغانلىقىغا ئائىت پاكىتلارنى قولغا چۈشۈردى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 200-يىللار ئەتراپىدىكى كونا تارىخى دەۋردە بۈگۈنكى پاكىستان زېمىنىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

پاكىستان مەدەنىيىتى ئەڭ ئاساسلىق ئۆلچەمدە مۇسۇلمان ئەجداتلىقتۇر ۋە بۇ سەۋەبتىن قويۇق ئىسلام مەدەنىيىتى خاراكتېرىگە ئىگەدۇر. ئىسلامىيەت پاكىستاننىڭ بىر بۆلىكى بولغان سىندقا ئەرەبلەر تەرىپىدىن 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ كىلىنگەن ۋە يوقالماي داۋاملىق

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. تەخمىنەن ئۈچ ئەسىر كېيىن ئافغانلار ۋە تۈركلەر پاكىستاننىڭ شىمالى ۋە غەربى-شىمالى تەرەپلەرگە ئىسلامىيەتنى ئېلىپ كەلگەن. ئىسلام كۈچى ۋە مەدەنىيىتى ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىقىنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلىپ كېتەلمىگەنلىكى ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تەسىرى رايونلار ئارىسىدا پەرقلەرنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئىسلامىيەت ئەڭ بالدۇر كىرگەن بۈگۈنكى پاكىستاننى تەشكىل قىلغان رايونلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك بىر تۈرغۇنلۇقى بار ئىدى. بۇ رايونلاردا ئىسلامىيەت پەقەت بىر يېتەكچى دىن بولماي تۇرۇپمۇ قەيەردىلا بولمىسۇن پۈتۈن خەلق تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلگەنىدى. مۇشۇنداق قىلىپ تارىخ بويىچە ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىقىنىڭ بىر بۆلىكى بولغان بۈگۈنكى پاكىستان بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ باشقا رايونلىرىدىن كەسكىن بىر مەدەنىيەت پەرقى سەۋەبى بىلەن ئايرىلغانىدى. بۇ ئايرىم رايوننىڭ 8-ئەسىردە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ نىسبەتەن دىنىي مەركەز قىلغان ھالدا تەرەققى قىلىشىدىن ئېتىبارەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق تېخىمۇ ئاشكارا بولۇشقا باشلىغان. تۈركلەر ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ،ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يېيىلىشى ئۈچۈن باشلامچىلىق رول ئوينىغاشقا باشلىدى. غەزنە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گورلۇق تۈرك ھۆكۈمرانلار ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىقىغا كەلگەن تۇنجى مۇسۇلمان تۈركلەردىن ئىدى.

غەزنە سۇلتانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان سوبۇق تېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ، بۇخارادا بۈيۈك بىر سىياسى ۋە مەدەنى ھاكىمىيەت قۇرغاندا پاكىستاننىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرى تۇنجى بولۇپ سۇلتان مەھمۇت غەزنىۋىنىڭ باشچىلىقىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋە لاھور بۈيۈك بىر ئىسلام مەركىزى ھالىتىگە كەلگەن. بۈگۈنكى پاكىستاننى تەشكىل قىلغان رايونلاردا غەزنە سۇلتانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى 200يىلغا يېقىن داۋاملاشقان.12 -ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەزنە سۇلتانلىقىنىڭ ئاستانىسى بولغان غەزنە شەھىرى ۋەيران قىلىنغان ۋە ناھايىتى كۆپ سەنئەتكار، شائىر، يازغۇچى ۋە پەيلاسوپلار بۇ شەھەرنى تەرك ئېتىپ لاھورغا كېلىپ يەرلەشكەن. ئۆزلىرى بىلەن بىللە ناھايىتى يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن ۋە يۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئېلىپ كەلگەن، بۇ كىشىلەر تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ، ناھايىتى كۆپ تەرەپتىن ئەملىيەتتە لاھوردىمۇ بىر يېڭى غەزنە دۇنياسى ياراتقان.

غەزنە سۇلتانلىقىدىن كېيىن ھاكىمىيەت گورلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. گور ھۆكۈمدارلىرىدىن ئەڭ ئاۋال كەلگەنلىرىدىن بولغان مۇھەممەت گورى ئوغۇل ۋارىسى قالدۇرالماي ئۆلۈپ كەتكەندە ، ئۇنىڭ ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىقىدا ئۇتۇق قولى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئەمىر لەشكىرى قۇتبىددىن ئايبەك مۇھەممەت گورىنىڭ تۈرك ئەمىرلىرى تەرىپىدىن سۇلتانلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن. ئايبەك ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز ئورنىنى ئەسلى تۈرك

ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئىلتۇتمىش قا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. سۇلتان ئىلتۇتمىش ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىغىدىكى تۇنجى تۈرك سۇلتانلىغىنىڭ ھەققى قۇرغۇچىسىدۇر. سۇلتانلارغا خاس ئالدىن كۆرەرلىككە ۋە مەسلىلەرنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولغان ئىلتۇتمىش ھاكىمىيەت ھارۋىسىنى ناھايىتى ياخشى تەرەپكە بۇراپ ئېلىپ ماڭغان. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ئەڭ يارامىلىق ۋەزىرى نىزامۇل مۈلك ياردەم قىلغانىدى.

ئىلتۇتمىشنىڭ ئۆلۈمى بىر مەزگىللىك داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىلتۇتمىشنىڭ لەشكەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىدارىسىدە بولغان تۈركلەر ئەڭ ئاخىرى ئىلتۇتمىشنىڭ ۋارىسى ۋە ئۆزىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان قىزى رازىيە سۇلتاننىڭ ئەتراپىغا توپلانغان. شۇنداق قىلىپ ملادىيە 1236 -يىلى رازىيە سۇلتان ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىغىدىكى تۇنجى مۇسۇلمان سۇلتان ئايال بولۇپ قالغان. رازىيە سۇلتان ئىمپىراتورلىقىدا قانۇن-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلغان ۋە ئەركان دۆلەت ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئىشلارنى قىلغان.كىيىم كىيىش جەھەتتە ئاياللارغا خاس كىيىم كىيىشنى تاشلاپ ئەركەكلەردەك كىيىنىشكە باشلىغان، ھەم ساراي ئىچىدە ۋە ئۇرۇشتا ئۆزىنى كۆرسەتكەن. نىمە سەۋەبتىنكىن، 1240 -يىلى ئەركان دۆلەت رازىيە سۇلتاننىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان.

ملادىيە1266-يىلى بىر تۈرك ئېسىلزادىسىنىڭ ئوغلى بولغان غىياسىددىن بالبان سۇلتان تەختكە چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۈتۈق قازانغۇچى بىر ھۆكۈمدار ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىدى. ھالبۇكى، ئۆلۈمدىن كېيىن ئۇنىڭ خاندانلىقى ھالاك بولدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا جالالىددىن فەرۇزە شاھ تەرىپىدىن قۇرۇلغان خىلجى خاندانلىغى چىقتى. بۇ خاندانلىقنىڭ ئورنىنى 1320-يىلى6-ئاينىڭ 8-كۈنى ئەسلى ئىسمى غىياسىددىن تۇغلاق شاھ بولغان غازى مالىكنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن تۇغلاق خاندانلىغى ئالدى. تۇغلاق ئائىلىسىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى ملادىيە 1412 -يىلى ئۆلدى. ئۇلارنىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە سەييىد خاندانلىقى ۋە لودى خاندانلىقىنىڭ ئافغان ھۆكۈمرانلىرى تەقىپ قىلدى.

ملادىيە1524-يىلى چاغاتاي تۈركلىرىدىن بىرى بولغان بابۇر ئىبراھىم لودىنىڭ لەشكەرلىرىنى يېڭىپ لاھورنى ئىشغال قىلدى. 1526-يىلى بولسا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مەشھۇر پەنەپەت ئۇرۇشىدا ئىبراھىم لودىنىڭ سان جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان لەشكەرلىرى ئۈستىدىن كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە زەپەر قازىنىپ ، ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىغىدا موغۇل خاندانلىغىنىڭ باشلانغانلىغىنى ئىسپاتلاپ باردى. موغۇل خاندانلىقىنىڭ كۈچى ھەم ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بىر مۇسۇلمان ھاكىمىيەتنىڭ ئىزلىرى ۋە مەدىنىيەت بايلىقى 16-ئەسىردىن18-ئەسىرگىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى.

www.kitaphumar.com

## يېمەك ـ ئىچمەك

كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركلەر بولغان مۇسۇلمانلار ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنىمۇ ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ئېلىپ كېلىشكەنىدى. بەك ئازلىرىنى يەرلىك خەلقتىن ئالغان ئىدى. بۇ ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ قانچىلىكىنىڭ نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ۋە ھازىرمۇ شۇنىڭغا پاكىستانلىقلارنىڭ ئىشىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە ، بۇ ئىش بىزنى چۆچۈتمەي قالمايدۇ. مىسالغا ئالساق ،بۈگۈن پاكىستاندا ئېتىلىۋاتقان تائاملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەردىن تولۇپ پەرقى پىشۇرۇش جەريانىنىڭ سەل-پەل ئوخشىماي قالغانلىقىدۇر. پاكىستانلىقلار زەيتۇن يېغى ۋە ساپ سۈئىي قايماقنى بۇغداي ۋە ئايچېچەك يېغىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىدۇ ۋە تائاملارغا ناھايىتى كۆپ باھارەت ئىشلىتىدۇ.ھەتتا پاكىستان يېمەكلىكلىرىنىڭ ۋە يەيدىغان ماددىلىرىنىڭ بەك كۆپىنىڭ ئېتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن. مىسالغا ئالساق،پىشۇرۇلغان گۈرۈچ تامىقى «پولۇ»،قازان نېنى (قوتۇرماچ)«نان»، ئەت«گوش»، سوغان«پىياز»دېيىلىدۇ ۋە ئەلۋەتتە بەزى ئورتاق سۆزلەر تۈركچىدىكى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. «كاۋاپ»،«ھالۋا»، «شالگام»، «شورپا»ۋە باشقىلار.

## تىل

پاكىستاننىڭ مىللىي تىلى بولغان «ئۇردۇ» ئاتالغۇسى تۈركچىدىكى «ئوردۇ» (لەشكەر)دىن كەلگەندۇر. بۇ ئاتالغۇ ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىغىدا تەخمىنەن 1000يىل ئىلگىرى كەلگەن تۈرك لەشكەرلىرىنىڭ لاگېرىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولسا كېرەك. ئوردۇ تىلى پەيدا بولۇشىدىن پاكىستاندىكى بۈگۈنكى ھالغا كەلگىچە ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. دەسلىپىدە كونا مۇسۇلمان «سۇفى» لىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بۇ تىلنى تەرەققى قىلدۇرغان، كېيىن بازارلارغا ، ئېلىم-سېتىم مەركەزلىرىگە ئېلىپ بېرىلغان، سارايلارغا ۋە ئاستانىلەرگە كىرگەن، بۇ ئۇزاق ۋە زور بولغان سەپەردە بۇ تىل ئۆزىنى پۈتۈنلەي يەرلىك دېئالېكتلەر بىلەن تويۇندۇرغان ۋە ناھايىتى ئەبجەش ھالەتكە كەلگەن. ئەسىرلەر بويى يېڭى ئېقىملارنىڭ تەسىرلىرىنى ئۆزىگە قوشقان، مەدەنىيەت يىلتىزى بولغان تۈرك تىلىنى يەنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسىي يىلتىزى ھالىتىدە ساقلاپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندە ئوردۇ تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ 6000دىن ئارتۇق ئورتاق سۆزى باردۇر.

## مۇراسىملار

پاكىستاندا ساقلىنىپ قالغان مۇراسىملارنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكلىرى مۇسۇلمانلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا دىنىي مۇراسىملارمۇ بار. دىنىي مۇراسىملارغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان شۈكۈر قىلىشنى ئىپادە قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىنى سۆيۈندۈرۈش ئورتاق ئارزۇسىدا قوبۇل قىلىنغان بايراملار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرى ئىككى ھېيتتۇر. رامىزاننىڭ خەيرلىك ھالدا تاماملىنىشى روزى ھېيتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئاللاھنىڭ ئارزۇسىغا بويسۇنۇپ ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربان قىلىشنى تەكلىپ قىلىشى قۇربان ھېيتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزغان.پاكىستاندا قويلارنىڭ قۇربان قىلىنىشى بىلەن ھەر يىلى قۇربان ھېيت خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ۋە قۇربانلىق گۆشلىرى ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن ھالدا خىش-ئەقرىبالارغا، قېرىنداشلارغا ، قوشنا-خولۇملارغا ۋە پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

پاكىستاندا توي ياكى تۇغۇت سەۋەبى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارغىمۇ ئىسلامى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھاۋاسى ھاكىمدۇر. بىر بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇپ ئۈزاق ئۆتمەي ئائىلىنىڭ ئەڭ چوڭى تەرىپىدىن بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئۇنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇماق ۋە تونۇتماق ئۈچۈن «ئەزان» ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاقنىڭ ئائىلىسىنى ئۇرۇق-تۇققانلار ۋە قېرىنداشلار زىيارەت قىلىدۇ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى كۆرۈشكە ، قۇتلۇقلاشقا كېلىشىدۇۋە ئۇنىڭغا ھەدىيە ياكى پۇل بېرىشىدۇر.

پاكىستاندا توي قىلىش ئەڭ چوڭ ئىش ھىساپلىنىدۇ. قەدىمدىن بېرى تىپىك بىر پاكىستان قائىدىسى بويىچە توي قىلغانلارنى بىر ھەپتىگىچە داۋام قىلاتتىكەن، ھازىر بولسا ئۈچ كۈنگىچە داۋاملىشىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە كۈيوغۇلنىڭ كېلىننى ئېلىش ئۈچۈن بىر توي كۈنى باردۇر. «نىكاھ»مۇشۇ كۈنى ئوقۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر مۇشۇ بىر جۈپ ياشنىڭ تۇتقان ئۆيى بەختكە تولسۇن، دەپ خەيرلىك تىلەكلەردە بولىدۇ، شېكەر تارقىتىدۇ، كۈيوغۇل ئالدى بىلەن كېلىنىنىڭ ئانىسى، ئاندىن باشقا تۇققانلىرىنىڭ نەق پۇل، ئۈزۈك ۋە باشقا ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.بۇ بىر جۈپلەرگە يەنە «جاھەز»، يەنى قىز مېلى ئۈچۈن ھازىرلانغان تۈرلۈك بۇيۇملارمۇ ئەۋەتىلىدۇ، يەنە بىر كۈنى كۈيوغۇلنىڭ ئائىلىسى بۇ تويىنى قۇتلۇقلايدۇ ۋە ئۆز ئائىلىسى ۋە دوستلىرى بىلەن كېلىنىنىڭ ئائىلىسىنىڭ شەرىپىگە بىر زىياپەت بېرىدۇ. بۇ «ۋالىما»دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە كۈيوغۇلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كېلىنگە يېڭى كىيىم ۋە زىبۇ-زىننەتلەرنى تاقايدۇ ياكى قولىغا نەق پۇل بېرىدۇ.

يەنە كىشىنى ئەڭ جەلىپ قىلىدىغان ۋە كەڭ تارقالغان مۇراسىم«خېنە قويۇش» مۇراسىمىدۇر. توي كۈنىدىن بىر كۈن ئاۋال قۇتلىنىدۇ. بۇ مۇراسىمگە دائىم ئەرلەر قېتىلىشۋالسىمۇ ، ئەسلىدە بۇ مۇراسىم ئاياللار ئۈچۈندۇر. بۇ قۇتلۇقلاشتا كېلىن بىلەن كۈيەۋ ئائىلىلىرى

www.kitaphumar.com

تەرپىدىن بەزى ئومۇملاشقان سىمۋوللۇق ھەركەتلەر بىلەن ئىپادە قىلىنغان.ئۆيلىنىشكە مۇناسىۋەتلىك بەك كۆپ ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۆيلىنىشكە ھازىرلىنىدۇ،كېلىنىنىڭ سىڭىللىرى ، باشقا قىزلار ئاياللار بىلەن بىرلىكتە خېنە ناخشىلىرىنى ئېيتقاچ كۈيەۋنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىدۇ. قوللىرىدىكى چىرايلىق بىزەلگەن،ئۈستىگە بىرەر شام يېقىلغان خېنە كاسىلىرىنى يەرگە قويىدۇ،ئۇلارنىڭ بەختىنى قۇتلۇقلاش ۋە بۇنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن كاسىلارنىڭ ئەتراپىدا ئۇسۇللارنى ئوينىشىدۇ ۋە كۈيەۋگە يەتتە خىل شىكەر ئىكرام قىلىدۇ. بۇ ، كۈيەۋ ھاياتىنىڭ شۇ شېكەردەك مول ۋە تاتلىق بولۇش تىلىكىنىڭ سىمۋولىدۇر.يېقىندا ئەسمە يېڭىدىكى بىر بازاردا ئادەتتىكى بىر تۆرك تويىنىڭ مۇراسىمىگە قاتنىشىش پۇرستىگە مۇيەسسەر بولدۇم ۋە بۇ تويدا كۆرگەن ئادەتلەرنىڭ پاكىستاندىكىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى مەمنۇنىيەت بىلەن پەرق ئەتتىم. مۇراسىمدىكى مېھمانلاردىن تۆركىيەنىڭ كىچىك بازار ۋە شەھەرلىرىدە مۇشۇنداق ئومۇملاشقان توي مۇراسىملىرىنىڭ «خېنە كېچىسى» نامىدا «خېنە قويۇش» مۇراسىمىنىڭ ھازىرمۇ بار ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

## ئويۇنلار

ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەجداتلىرىمىزدىن بىزگە ھەدىيە قىلىنغان مەدەنىيەت ئەۋزەللىكلىرىنىڭ ئىچىدە ئويۇنلارمۇ باردۇر، مىسالغا ئالساق، چەۋگەن، ئاتقا مىنىش مۇسابىقىسى، ئوۋچىلىق، ئوقيا ئېتىش ۋە باشقىلار. بۇ ئويۇنلار ھازىر پاكىستاندا ناھايىتى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە.

## ئەدەبىيات

ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىغىدىكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار پاكىستانغا بۈيۈك بىر ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى باشلاپ بەرگەندۇر. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ داڭلىقى ۋە «ئوردۇ» تىلىنى قوللانغان تۇنجى يازغۇچى ئەمىر خۇسرەۋ ئىدى(1253ـ1325). ئەمىر خۇسرەۋ پەقەت شائىر بولۇپلا قالماي ، ئۆز زامانىدىكى داڭلىق بىر ئېنىسىكلوپېدىك ئالىم،ئاكادېمىك،تارىخچى ۋە مۇتەسسەۋۋۇف ئىدى. ئۇنىڭ ئۇردۇچە شېئىرلىرى پاكىستاندا ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ ، ناھايىتى كۆپ ناخشىچى تەرىپىدىن ئېيتىلغاندۇر. خۇسرەۋ يەنە ئۆز زامانىسىدا بەزى يېڭىچە ئۇسلۇپلارنىڭ ۋە يېزىقچىلىق ئىستىللىرىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىدى.

ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىقىغا تارىخ يېزىش سەنئىتىنى تونجى بولۇپ مۇسۇلمان-تۈرك يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىندى. مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىشى بىلەن خەلقنىڭ ياشاش ئۇسۇلى، سىياسىي ۋە ئىژتىمائىي قۇرۇلمىلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ تارىخ-تەزكىرە ئەسەرلىرىنى يېزىشتى، بىز پاكىستان خەلقىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي تارىخىدىن، يەنى ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدىغان مول مىقداردا تارىخىي ماتېرىياللارغا ئېرىشتۇق. تارىخچىلارنىڭ بەك كۆپى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن بولمىغانلىقى ياكى بەزى چاغلاردا ئانچە-مۇنچە ئەمەل تۇتۇپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسەن شەخسىي ھېسسىيات نۇقتىسىنى چىقىش قىلغان ھالدا يېزىلغاندۇر.

## مۇزىكا

مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ موغۇللار (تۈرك-ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن چاغاتاي ئەۋلادلىرى) ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ناھايىتى كۆپ مىقداردا مۇزىكا ئەسەرلىرى، چالغۇ ئەسۋاپلار ۋە مۇزىكانتلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەرەب، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇزىكا جەۋھەرلىرى ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلىقىنىڭ مۇزىكىسىنى بېيىتقان. راۋاب، غىجەك، چاڭ، تەمبۇر، شاھرود ياكى سارود، قالۇن، نەي ۋە ناغرا يېڭى بىر گۈرۈپپا مۇزىكا چالغۇ ئەسۋاپلىرى قوشۇلغان. بۇ يېڭى سازلار مۇسۇلمانلارچە ئاممىۋى تۈس ئالغان ھالدا ئېلىپ كېلىنگەن، ئەينى زاماندا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بار بولغان تارىلىق، يەللىك ۋە ئۇرۇلىدىغان سازلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇسلۇبى بىلەن ئۆزگەرتىلگەن. يېڭى مۇزىكا ئىسىملىرى بارلىققا كەلگەن ياكى «راگالار»بويىچە ئاتالغان. بۇ ئۇسلۇپنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىجادچىسىمۇ ئەمىر خۇسرەۋ ئىدى. خۇسرەۋ پاكىستان مۇزىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە بەك ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان. «ساتار» دەپ نام بېرىلگەن ئاممىۋى چالغۇنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەستىڭ تۈيغۇلىرىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن «قاۋۋەلى» ئۇسلۇبىدا ئاھاڭ ئىشلىگەن.

## رەسىم

موغۇللار(تۈرك-ئۇيغۇرلىشىپ بولغان چاغاتاي ئەۋلادلىرى) ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆزلىرىنىڭ رەسىم ئۇسلۇپلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ۋە بۇ ئۇسلۇب يەرلىك ئۇسلۇبلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، «موغۇل رەسىم ئۇسلۇبى»دىگەن ئۇسلۇب مەيدانغا چىققان. پاكىستاندىكى رەسىم ئۇسلۇبى موغۇل رەسىم ئۇسلۇبىنى ئۆزگىچە سىڭدۈرگەندۇر. بۇ ئۇسلۇبنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەكىلى

ئابدۇررەھمان چۇغتايدۇر (1897ـ1975). چۇغتاينىڭ رەسىملىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىك ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادە قىلىشتا سىمۋولىزىم ئۇسۇلىنى قوللىنىشتۇر. مىسالغا ئالساق، رەسىملەردىن بىرىدە يىرتىق كىيىمنىڭ ئىچىدە زەئىپ بىر تىلەمچى بىلەن چېچەكلەر بىلەن تولۇپ تاشقان بىر دەرەخ بىر-بىرىگە يانمۇيان ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يەنە باشقا بىرىدە ئازاپ چەككەن بىر ئايالنىڭ يېنىدا بەخت تۇيغۇسى بىلەن سايراۋاتقان بىر قۇش باردۇر. بۇ ئۇسلۇب بىر تەرەپتىن، شەرقنىڭ «قوبۇل قىلىش ۋە ئېتىراز بىلدۈرمەسلىك»ئادىتىنى سىمۋوللاشتۇرغان.

## مىمارچىلىق

ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرى قولغا كىرگۈزگەن بۇ قىتئە پارچىسىنى مىمارلىق ئەسەرلىرى بىلەن زىننەتلىگەن. مىمارى ئۇسلۇبلارغا ئەگىمەش، كامان شەكىللىك، ئىنسانغا راھەت بېغىشلايدىغان ۋە ئوچۇقلۇق ھىسسى بېرىدىغان قۇببە ۋە گۇمبەز شەكىللىك قۇرۇلۇشلار ھاكىم ئىدى. دېكوراتسىيە مۇتىفلىرىدا بولسا كېسىشكەن گېئومېترىيەلىك سەكىللەر، چېچەك موتىفلىرى، قۇرئاندىن ئېلىنغان ئايەتلەر بولغان ھۆسنخەت سەنئىتى بىلەن يېزىلغان يازمىلار بىلەن تولغان.مۇسۇلمانلار بىنالارنى گۈزەللەشتۈرمەك ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك تاشلار، رەسىملەر ۋە ۋە ئالتۇن قاپلىملار ئىشلەتكەن. ئايرىم ئەھۋاللاردا سارايلارنىڭ ۋە بىر قىسىم بىنالارنىڭ تاملىرىغا تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلغانلىقىغا دائىر دەلىللەرمۇ بار. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسلۇپنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە تۈركىيەدە ھازىرمۇ كۆرەلەيمىز.

16ـ18 ئەسىرلەر ئارىسىدىكى موغۇل ھۆكۈمرانلىقى پاكىستاندا ئەڭ بۈيۈك ئىلگىرىلەشلەر كۆرۈلگەن دەۋر ئىدى. بۈگۈن بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆرنەكلىرىنى لاھوردا ،كونا ئولتۇراق رايونلاردا تاپقىلى بولىدۇ. بۇ رايون ئۆزى بېشىدىن كەچۈرگەن دەۋرلەرنى موغۇل مىمارچىلىقىنىڭ كېلىشى بىلەن شەكىللەنگەن پەرقلىق سەھىپىلەر ئارقىلىق سىمۋوللايدۇ. بۈنىڭدىن باشقا يەنە موغۇل دەۋرىنىڭ قالدۇرغان بىر قاتار مىمارلىق ئىزلىرى ھازىرمۇ باردۇر، بۇلاردىن ئەڭ مەشھۇرى لاھور ئەتراپىغا جايلاشقان شەھدارادا ئىمپىراتور جاھانگىرنىڭ مازىرى، ۋەزىر، خان جەمەتى مازىرى ۋە لاھوردىكى مەشھۇر شالىمار باغچىلىرىدۇر. ساتتادىكى جامائە جامەسىمۇ پاكىستاندىكى مۇسۇلمان ئۇسلۇپىنىڭ ئوخشىغۇچىسىز ئۆرنەكلىرىدىن بىرىدۇر. مىلادىيە 1674ـيىلىدا ئەۋرەڭزىپ زامانىسىدا قۇرۇلغان بۈيۈك پادىشاي جامەسىمۇ موغۇل دەۋرىنىڭ دىققەتنى چېكىدىغان شاھ ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ مىراسلار ئىمپىراتور جاھانگىرنىڭ ساركوپاگوسقا ئوخشاش يەرلەردە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئىسلام مىمارچىلىقىدا بەلگىلىك كۈچ ۋە مۇستەھكەملىك جەھەتتە ئەكس ئېتىشىدۇر.

## باغۋەنچىلىك

باغۋەنچىلىك سەنئىتىمۇ بۇ رايۇنلارغا موغۇللار ئېلىپ كىرگەن. موغۇللارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرىنچى ھايات شەرتى باغۋەنچىلىك ئىدى. تولا چاغلاردا باغچىلىرى چىمەننىڭ، گۈل-چېچەكلەرنىڭ ۋە دەرەخلەرنىڭ يوغىنىشىنى ساقلايدىغان بىر ئېقىن سۇنىڭ ئەتراپىغا ئەھيا قىلىناتتى. موغۇللار بۈيۈك بىر ئىلمىي ئۇسۇل ۋە تېخنىكا بىلەن باغۋەنچىلىك سەنئىتىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن ئىدى. باغچە ئۆيگە، سارايغا ياكى مازارغا بىرلەشتۈرۈلگەن شەكىلدە قورشىلاتتى. لاھور ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى باغچىلار بىر-بىرىگە گىرەلەشمە ھالەتتە قورشىلاتتى. لاھور ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھازىرمۇ كۆرۈشكە بولىدىغان بەك كۆپ باغچە ئەھيا قىلىنغاندۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە چېلىقىدىغىنى كۆچۈرمەكچى بولغان شاھلىمار باغچىسىدۇر. بۇ باغچىدا يەر ئالغان ۋە ئەنئەنىۋى تۈرك ھامماملىرىنى ئەسكە سالىدىغان ئېسىلزادىلەر ھاممامىدا شۇ دەۋردىلا ئىسسىق ۋە سوغۇق سۇنىڭ ئېقىشىنى ساقلايدىغان ئۈسكۈنىلەر نىڭ ئىشلىتىلگەنلىگىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## كىيىم

كىيىم خەلقارانىڭ سالاھىيىتىنىڭ ئۈنۈملۈك بىر پارچىسىدۇر. پاكىستاندىكى ئاياللارنىڭ قىياپەتلىرى ئومۇمەن قامەز(كۆڭلەك)، شالۋار(شىم،شالۋۇر) ۋە دۇپاتتا(شارپا) دىن تەركىپ تاپقان. ئەمىلىيەتتە ، پاكىستانلىق ئاياللارغا خاس ھالدا قوللىنىلىۋاتقان بەك كۆپ پەرقلىق ئەنئەنىۋى قىياپەتلەرمۇ يەنە باردۇر. مىسالغا ئالساق، كېلىنلەر توي قىلغاندىن كېيىن «گارارا» كىيىدۇكى، بۇمۇ موغۇل خانىشلىرىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاياللىرىغا خاس كىيىمدۇر. يەنە بەزى ئوخشىمىغان رايۇنلاردىمۇ ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان بىرەر شالۋار(شىم)كىيىدۇ. شالۋار-قەمەز ئەينى زاماندا پاكىستاندىكى ئەرلەرنىڭمۇ ئەنئەنىۋى قىياپىتى ئىدى.غەرپلىشىشنىڭ ئىنسانلارنىڭ ھەۋەسلىرىنى ئۆزگەرتىشكە قارشى ھالدا، ئۆز ئەۋزەللىكى بىلەن چېپىپىدە كېلىدىغان كىيىملەرنىڭ، ئوچۇق قىياپەتلەرنىڭ ئورنىغا شىم، كۆڭلەكلەرنىڭ يەنىلا كەڭ كۆلەمدە كىيىلىشى بىلەن شەھەرلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى قوغدىماقتا. توپكاپى سارىيى مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنغان كىيىم قىياپەتلەرنىڭ بەك كۆپىنىڭ پاكىستاندا بۈگۈنگە قەدەر كىيىلىۋاتقىنى بۇلارنىڭ كۆپىنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەينى زامانلاردا تۈرك يېزىلىرىدا ۋە كىچىك شەھەرلەردە ئاياللار ۋە ئەرلەر پاكىستاندىكىلەرنىڭكىگە بەك

ئوخشايدىغان ئەنئەنىۋى تۈرك كىيىملىرىنى كىيگەنىدى. تۈركلەرچە كىيىلگەن شىم (شالۋۇر)نىڭ نامى ھازىر پاكىستاندا «شالۋار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاپتور:پاكىستاننىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى.

(تۈركچە «ياۋروپا-ئاسىيا تەتقىقاتلىرى» ژورنىلىنىڭ 1995-يىللىق 3-سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : ئابدۇۋەلى كۆكتۇپ.مىراس ژورنىلى 2004-يىللىق5-سانىدىن ئېلىندى)

# ئالته شەھەرگە سەپەر

**نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت**

**( ئىيۇل خاتىرەمدىن )**

ئۆتكەنكى يىللارنىڭ قايغۇ ۋە ھەسرەتلىرىنى كەتكۈزۈپ قەلبىمگە بىر ئاز تەسەللى بېرىش مەقستى بىلەن بىرنەچچە كۈن سەپەردە بولماقنى ئارزۇ قىلدىم . بۈگۈن 4 ـ يانۋار ، 5 ـ6 ھەمراھىم بىلەن ئالتە شەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم . تېكەسنىڭ كەڭ دالاسىغا كەلدىم . بۇ يەردە مەدەنىيەت ئالامىتى ئەسلا كۆرۈنمىدى . ھەر بىر نەرسە تەبىئىي ھالىتى بويىچە ئىدى كۆز كېلىپ ، قايناپ تۇرغان ئىنسانلار ، مەھەللىلەرنىڭ ئالا ـ يېشىل دەرەخلىرى يوق ، تىپ ـ تىنچ ۋە سەلكىن . يالغۇز تۈزلەڭ ئوتتۇرىسىدىلا موڭغۇللارنىڭ بىر گۈزەل ۋەزمىن ئىبادەتخانىسى بىلەن موڭغۇل باللىرىنىڭ ئاندا ـساندا " ئاي ، ئوي ، ئۆي " ـ دېگەن مۇڭلۇق تاۋۇشلىرى تەبىئەتكە بىر تۈرلۈك ئۆزگىرىش بېرىپ تۇراتتى .

يولۇچىلار ئاستا ۋە سالماق ماڭماقتا . كۈن نۇرىمۇ ئاستا ـ ئاستا غايىپ بولۇشقا باشلىدى . بۇ ئارىلىقتا ئاخشام ۋاقتى بولغانىكەن . بىزمۇ ھېلىقى ئىبادەتخانىغا يېقىن بىر جايدىن ئورۇن ئالدۇق . كېچىنىڭ زۇلمىتى غايىپ بولۇپ تاڭ نۇرىنى ئالەمگە چاچتى . موڭغۇل سۇمبىسىدىن جاڭ ـ جۇڭ دېگەن تاۋۇشلار مۇناقلارنى ئىبادەتكە چاقىرغان ، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن مۇڭلۇق تاۋۇش بىلەن ئەزان ساداسى ياڭرىماقتا ئىدى . بىز مۇنداق بىر سۇمبىدە ئەزان ساداسىنى ئاڭلىغانلىقىمىزنىڭ خۇشاللىقىدا ئالدىراشلىق بىلەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئىبادىتىمىزنى بەجا كەلتۈردۇق . شۇ ئەسنادا بىر تۈركۈم كارۋانغا ئۇچراشتۇق . بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا بىز ئاشىدىغان مۇز داۋان ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىمىش . خۇدا ساقلىسۇن ، داۋان ئۈستىدە قار بوران ۋە شۋىرغان بولسا ھەممىمىز ھالاك بولارمىشمىز . يالغۇز خۇدا ئوڭشاپ ، " مۇزارت غوجام " مەدەت قىلسىلا سالامەت ئۆتۈپ كېتىشكە مۇمكىن ئىكەن . ( مۇزارت غوجام تىرىكمىش ) بولمىسا گۇناھى بار بەندىلەرگە " مۇزارت غوجام " ئەسلا يول بەرمەيدىكەنمىش . ئەمدى بۇ ۋاقىتلاردا " مۇزارت غوجام " بىر ئاز يۇۋاشلىشىپ قالغانمۇ ، نېمە ئۈچۈندۇر ، بەزى بۇزۇق ئادەملەرمۇ ئاشالىغانمىش .

www.kitaphumar.com

بىز ھامان ئىلگىرىلىمەكتىمىز ، قەلبىمىزدە ئۆتكەنكى گۇناھ قىلمىش ــ ئەتمىشلىرىمىزنى ئەسلىمەكتە ئىدۇق . ئالدىمىزدىكى قورقۇنۇچلۇق تاغ تۆپىسىدە قار ۋە شىۋىرغان غۇيۇلداپ تۇراتتى . بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز دەھشەتكە چۈشەتتى ، خىياللار ھالاكەت چوڭقۇرىغا ئاغدۇرۇپ ئىتتەرمەكتە ئىدى ، ئاغىنىلىرىمىز بەك چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا چۆمۈلگەن ھالدا ئاستا ماڭماقتا ئىدى . ئۇن ــ تىن يوق ئاخىرى مۇزارتقا يەتتۇق . ئوك تەرەپتىن چىقىۋاتقان شىۋىرغان بىر ئاز راھەتسىز بولسىمۇ ، ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلىمىز خوش ئەمەس ئىدى . ئاللىنىملەردىندۇر بەك رەنجىپ ، نىملەردىندۇر كۆڭۈل شۇركىنەتتى . بىز كۈن بويى ھامان مۇز ئۈستىدە مېڭىۋەردۇق ، شەرق ۋە غەرب تەرىپىمىزدىن ئورىۋالغان ئەينەكتەك كۆپ ــ كۆك مۇز تاغ ئۈستىدە قار شىۋىرغان چىقىپ تۇراتتى . ئاستىمىزدا بولسا جەھەننەم چوڭقۇرى ، خىيالي ھېكايىلەردىلا بولۇشى مۇمكىن بولغان جىن ــ شەيتان ئوردىلىرى ، ئاللىقاچانقى زامانلاردا بۇ يەرلەردە بىر قېرى جادۇگەر موماي ۋە بىر ئەجدىھا بولغانمىش . جادۇگەر موماي جادۇ قىلغانىبىرى مۇز تاغ كۆتىرىلىپ كېتەرمىش . ئەجدىھامۇ تىنچ ياتماسمىش . مانا شۇنداق ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر باتۇرلىرىدىن بىرى چىن تۆمۈر باتۇر ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ ، مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ ، بۇ جادۇگەر موماي بىلەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپتۇ-دە ئالتە شەھەرگە يول ئېچىپتۇ .

## خەيرلىك سەپەر

ھەر نەرسە بولسىمۇ مۇز ئۈستىدە ھامان كېتىپ بارىمىز . ئادەملەر بىر ــ بىرىگە ئەگىشىپ ماڭاتتى . قاتار تىزىلغان تۈرك مۇھاجىرلىرى يالاڭ ــ يالىڭاچ ، ئاچ ــ زېرىن ، بالا ــ چاقا ، قېرى ــ چۆرە ھەممىسى پىيادە ، بەزىلىرى ھالسىزلىقتىن سەنتۈرۈلۈپ، ئۇياق ــ بۇياققا دەلدەڭشىپ كېتىپ باراتتى . بۇ يەردە گۇناھلىق بەندىلەرنىڭ بىرىنىڭ جەسىتىنى تاش تۈۋىگە تاشلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم .

ئەي كىتاب ئوقۇغۇچى قېرىنداشلار تۈرك مۇھاجىرلىرى دېسەك ، بالقانلىقلارنىڭ زۇلمىدىن قاچقان رۇس ئېلى تۈركلىرى ئېسىڭلارغا كېلىۋاتامدۇ ؟ خەير بۇ يەردە بالقانلىقلار يوق . بالقانلىقلاردىنمۇ زالىم بىر كۈچ باركى ، ئۇ بولسا يوقسىزلىق ، نامراتلىق ۋە مەشئەت تارلىقى ، ھە ، ئەپەندىم ئالتە شەھەرنىڭ بەش باللىق بىر ئائىلىسىدە بىر ئانا باللىرىغا قارايدۇ . ئۇلارنى بەزلەيدۇ . ئاتا باللارغا ئوزۇق ئىزدەپ بازارغا چىقىدۇ ، لېكىن كۈن بويى قايتقىنى يوق . باللار ئۆتكەن كۈنى كېچىسى بىر پارچىدىن نان يېگەنىدى . كۈن بويى ھېچنىمە يېمىدى . بىچارە باللار ئانىسىغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئېگىرىشىدۇ . شەپقەتلىك ئانا يەنە بىر تۈرلۈك يالغان سۆزلەر

بىلەن بالىلىرىنى بەزلەيدۇ . قوشنا ئەخمەتتىن ئۆتنە نان ئېلىپ تۇرار ئىدى . بۈگۈن ئۇلاردىمۇ نان يوق . قوزىلىرىم ئاتاڭ نان ئېلىپ كېلىدۇ ــ دەپ يىغلاپ ــ يىغلاپ ئانىلىرىنى بەزلەيدۇ . لېكىن ئۆزى ئىككى كۈندىن بېرى تۈزۈكرەك تاماق يېمىگەنلىكتىن ، كۆزلىرى گىرەمسەن بولۇپ ئالدىدا تۇرغان نەرسىنى كۆرمەيتتى ۋە پۇتلىرى تىترەيتتى . ئاتا كۈن بويى ئىشلەپ تاپقان پۇلى ( ئالتە تيين ) ھېسابىغا بازاردىن نان ئېلىپ ئالدىراپ ــ سالدىراپ ئۆيىگە قايتىدۇ . بۇ چاغدا بۇ ئائىلە ئىچىدىكى خوشاللىق خۇرسەنلىكنى تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس . قاراڭلارچۇ ، 6 تييىنغا ئالتە كىشى قانداق خوشال بولىدۇ ! بۇ ئاجىزلارنىڭ ئىچكەن تاماقلىرىنى ۋە ئۆي ــ تۇرمۇشلىرىنى چۈشىنىڭ . خۇدا كۆرسەتمىسۇن . بۇ ئائىلىدە ئاتا بولغۇچى بىرلا كۈن ئاغرىپ قالسا قىيامەت ھازىر ئەمەسمۇ .دېمەك بۇنداق جاپانى كۆتۈرەلمىگەن ، ئازغىنا بولسىمۇ دۇنيادا ياشاشنى ئويلىغان ئۇيغۇرلار قىش ئوتتۇرلىرىدا بالا ــ چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىلى ۋىلايىتىگە ھىجرەت قىلىدۇ . تەبىئىيكى ، بالىلارغا سوغۇقتىن ساقلانغۇدەك ئەڭلى ــ ئاياغ ، كىيىم ــ كېچەك يوق . پۇلغا يېتەرلىك ئوزۇق كۆپ ئەمەس . سوغۇق بولسىمۇ 3 ياشلىق ئوغلى ، ۋە 3 ئايلىق قىزىنى ئۈستىدىكى كىيىملىرى بىلەن ئوراپ ، ئۇلارغا سوغۇق تېگىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالاتتى . بىچارىلەر ئۆزلىرى بىرلا قار ــ شۇرغان بولسا كۈزنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ كېتەتتى .

مانا قېرىنداش ، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىمدىن كۆرە “ مۇزارت غوجامۇ “ بۇنداق “ گۇناھلىق “ بەندىلەرنى داۋاندىن ئۆتكۈزمەسلىكى ھەقتە . “ ھۆكۈمەت نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدىغاندۇ ؟ بۇ مۇھاجىرلارغا بىر تۈرلۈك قولايلىق ئىشلارنى قىلماسمۇ ؟ “ دېيىشىمىز مۇمكىن .

تۆگەل تۆت ئەتراپ ئىچىدە مېڭىپ ، بەك ھارغان بولساقمۇ ، ئارام ئالغۇدەك جاي تاپالمىدۇق . بۈگۈن 11 ــ يانۋار كۈنى ، ئوڭ تەرىپىمىزدىن يورۇق كۆرۈندى . بۇ بولسىمۇ ئوچۇق دالىغا چىقىشىمىزدىن دالالەت بېرەتتى . كۈنمۇ سوغۇق ئەمەس ، بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈرۈش كۆڭۈللۈك بولۇپ ، ئاستا مېڭىپ زېرىككەن ئاتلارمۇ چاپسانراق مېڭىشقا باشلىدى . ھە، قېرىنداشلار ، يۈرۈگلار دەپ ھامان ماڭماقتا . تىك تاغلار ئارىسىدىكى سايىنىڭ ئاغزىغا يېتەلمەيمىز . بۇ ئارىدا ئاخشام ۋاقتى بولۇپ قالغاندى . يەتتۇق . ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ . ئىككى تاغ ئارىسى سېپىل بىلەن تورالغاندى ، يالغۇز ئوتتۇرىسىدىلا تۆشۈك بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . شۇ يەرگە باردۇق بۇ ئالتە شەھەرگە چىقىدىغان قاپقا ئىدى . قاپقىدىن كىرىشىمىز بىلەن بىر مەمۇر چوڭچىلىق قىلىپ ،خۇددى بىزدىن تازىم ، ھۆرمەت كۈتكەندەك تۇراتتى . لېكىن بىز تازىم بېرىش ئورنىغا تېزدىن يول خېتىمىزنى چىقاردۇق . مەمۇر بىزنىڭ رۇسىيە پۇقراسى ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن ، بىزگە دەرھال خۇش كەلدىڭلار دېدى . قورغان ئىچىدە يەنە بىر ئۇيغۇر ئەمەلدار كۆرۈندى . ئەتراپىمىزغا قارىساق قورغان بۇزۇلغان ، 2ـ ئۆيلا

تۇزۇك تۇرۇپتۇ . لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ، بۇ شەھەر ۋە سىپىلنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن مەھكەم ياسالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى .

ئىپتىشلارغا قارىغاندا چىڭ ھۆكۈمىتى مەملىكەت ئوتتۇرىسىغا مۇشۇنداق بىر سېپىل ۋە شەھەر سېلىشقا مەجبۇر بولغانىكەن . مۇنداق بىر بۈيۈك شەھەرنى 2 نەپەر مەمۇر ئۈچۈنلا ياسالغانمۇ ؟ بۇ كۈندە نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان ؟ بۇنىڭغا ئەقلىمىز يەتمەي سورىساق بۇ سېپىل قورغانلارنى قەشقەر ھاكىملىرىدىن بەدۆلەت جانابلىرى ياساتقان ئىكەن . ئۇ ئىلى تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئىككى تاغ ئارىسىنى سېپىل بىلەن توساتقان ۋە يەنە شۇ شەھەردە 500 مۇنتىزىم قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزغانىكەن .

خىيالغا چۆمدۇق . ئۇ زات بۇ سېپىل بىلەن شەھەرنى قانداق بۈيۈك ئوي ۋە ھېسسىياتلار بىلەن ياساتقان بولغىيتى ؟ بىز گويا 19 ـ ئەسىرگە قايتقاندەك بولدۇق . قورغان دەرۋازىسىدىن شۇنداق خىياللار بىلەن چىقتۇق . خوش ،ئازادلىق ئەسرى . بۈگۈن قىزىل بۇلاق مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدۇق . ھەيران قالدۇق . بىر خانىگە ئورۇنلاشتۇق . خانە ئىگىسىمۇ " خۇش كەلدىڭىز ، ساپ كەلدىڭىز " ، سۆزلىرى بىلەن تەكلىپ ئېتىپ ، ئوچۇق چىراي قوبۇل قىلدى . مۇنداق مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بولغان بىر خىسلەتتۇر . ئاخىر قىزىل بۇلاقتا مەكتەپ بولمىسىمۇ چىرايلىقتىنا بىر خانىقا بار ئىكەن . سورىساق " بىزلەر ئاخىرەت ئادەملىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن دۇنيا مەكتىپى نېمىگە لازىم دېدۇق " ـ دېيدۇ .

## جام شەھرى

ئەمدى ئاقسۇدىن 30 چاقىرىم نېرىدىكى جام شەھرىدە بولدۇق . بۇ خېلى چوڭ ئىسلام شەھرى ئىكەن . جامنىڭ ئۆزىگە لايىق بازىرى بولۇپ ، دۈشەنبە ئومۇمىي بازار كۈنى ھېسابلىنىدىكەن . بۇ كۈنى كوچىلار ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ۋە سىرتتىن كەلگەن خەلق بىلەن لىق تولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەتراپتىكى خەلق توغرىسىدا بىر قەدەر مەلۇمات ئېلىشقا بولىدىكەن . بۇ ئەتراپتىكى ئادەملەر توغرا ، ساپ دىل ، ساددا ، يالغان سۆزلىمەس ،دۇنيا ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئادەملەر . قىسقىسى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن قانداق ياشىسا ھازىرمۇ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپتۇ . بۇ يەردە مەھەللە ئىماملىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بىر مەكتەپ بولسىمۇ ، بۇ تەرەپلەردە مەتبۇئات بولمىغانلىقتىن ھەررىتى بوھتىن قالغان تاختا پارچىلىرىغا يېزىپ ئوقۇيدىكەن . بۇ يەردە ھەپتىلەرگىچە مەيرەم قىلىنىدىكەن . بىزنىڭ بېرىشىمىزمۇ نورۇز مەيرىمىگە توغرا كەلگەنلىكتىن ھەققىي نەق ئەھۋالنى كۆردۇق . خوتۇن ـ قىزلار ، ئەر ـ ئوغۇللار ھەممىسى بىرگە چوقا گۈلەڭگۈچ ، كىچىكلىرى ئۈچقۇچلارغا ئوينىشىپ يۈرۈشەتتى . بۇ

يەردىكى ، ئاياللارنى ، قىزلارنى نامەھرەم دەپ كەمستىشلەر يوقكەن . كەچقۇرۇن چوڭلار ئوغلاق تارتىشماقتا . كىچىكلەرى مىللىي ئويۇنلارنى ئوينىماقتا ئىدى . بىز ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ يېڭى يىلنى مۇنداق قىزغىنلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ ھەيتلەرگىچە مەيرەم ئوينىشىغا ھەيران بولدۇق . بۇ بىچارە خەلقنىڭ ئۆلۈكلەرگە تىرىكلەردىن زىيادە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە بىزلەر گۇۋاھ قاتاردا شاھىد بولدۇق . پېقىر ـ ئاجىزلارنى ھەم جىنس ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ ، قايغۇرۇپ تۇرغىنىمىدا ، بىر بوۋاي بەدۆلەت دەۋرىنى بەك پارلاق تەسۋىرلىدى . ئۇ زاماندا بۇ دىيار ئاۋات ۋە مەمۇر ، كەمبەغەلچىلىك ، مىسكىنلىق يوق ، ئاھالە باي ۋە ئوقەتچان ، ياخشى ياشايدىكەن . مەمۇرلىرى بۇگۈنكى چىلىك مەمۇرلىرىغا ئوخشاش خەلقنى بۇلاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ئاھالە تەرىپىدىن بېرىلگەن پۇلنىمۇ قوبۇل قىلمايدىكەن . ناۋادا بىرلىرى خاتالىشىپ قوبۇل قىلسا قاتتىق قوللۇق بەدۆلەتتىن جازاسىنى ئالاتتىكەن . شەھەرلەر پاكىز ۋە تازا ، ھەر يەرلەردە ئومۇمىي ھاممام . ئەسكەر مۇنتىزىم ، يىگىت ئەسكەرلەر ئاتلىق ، سەرۋازلىرى پىيادە ، ئەسكەر كىيىمى بىر تۈرلۈك تۆمۈر رەڭلىك مووۇت چاپان . قول ئاستىدىكى مۇنتىزىم ئەسكەر 82 مىڭ ھېسابلىنىدۇ . ئەسكەر مەنسەپلىرى : يۈز بېگى ، پەنسات دادخۇۋا ، داخۇۋا دېگەنلىرى ئەسكەر ھەم پۇقرا بېگى ، بۇنىڭ قول ئاستىدا 5 ـ 6 پانسات ئەسكىرى بار . بىرەر بۇيۇك شەھەر پۇقراسى ئەسكەرگە كىرەكلىك ھەممە نەرسىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ . بەدۆلەت ھوزۇرىدا مەھرەم ، ياساۋۇل ، مۇلازىم ۋە بارچە چوڭ ـ كىچىك مەمۇرلار دائىم بولۇپ تۇراتتى . ئوغلۇم خۇلاسە شۇكى ئۇ بەك كۈچلۈك پادىشاھ ئىدى .

ئۇنداق بولسا مانجۇلاردىن نىمشقا يېڭىلگەنكەن ؟ مانجۇ بىلەن سوقۇشسا يېڭىلمەس ئىدى . بىراق تەلەيى شۇنداقتۇر . بەدۆلەت ئوغا ئېچىپ ئۆلدى . قالغانلىرى چىن دۆۋلىتى بىلەن سوقۇشۇش ئورنىغا ئۆزئارا تالاش تارتىش قىلدى . چىڭ چىرىكلىرى سوقۇشماستىنلا دۆۋلەتكە ئىگە بولدى .

بەدۆلەتنىڭ ئوغا ئېچىپ ئۆلۈشىنىڭ سەۋەبى نىمىدىن ؟ شۇ مەزگىلدە چىڭ چىرىكلىرى بەدۆلەتنىڭ تۇرپاندا تۇرغان 17 پانسات ئەسكىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان . بۇلارغا ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن ئۆزبېك ئۇرۇقى بولسا ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن . ئالتە شەھەر ئاھالىسىدىن بولغانلارنى ئەكسىچە ئازاد ئەتكەن . بۇ خەۋەر بەدۆلەت ھەزرەتنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ . ئۇ بۇ چاغدا كورلىدا ئىدى . بۇ ۋەقەدىن بەك قايغۇردى . مانجۇلار بىلەن ئالتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ گېپى بىرمىكىن دەپ گۇمان قىلدى . ئۇ تېزدىن تۇرپان ئەسكەرلىرىگە قوماندان بولغان بىر ئوغلى بىلەن بىر تۆرەمنى ( بوۋاي ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇلۇپ قالغان ) قايتىشقا بۇيرۇق يازدۇ . بىراق ئۇلار قايتمايدۇ . سەۋەبى : قايتساق " شۇنچە نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن سوقۇشماي ، نىمە ئۈچۈن مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدىڭلار " دەپ بىرەر گەپلەرگە ئۇچرايمىز

www.kitaphumar.com

ئىھتىمال دەپ قورققىنىدىن كەلىمەي قالدى . بۇنىڭغا بەدەۋلەت بەك خاپا بولدى . ئۆز ئوغلىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقىنى ئىغىر ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ ئىقبال چولپىنىنىڭ ئۆچكىنىنى جەزىم قىلدىدە زەھەر ئىچىپ ئۆلدى . ئەرنى نومۇس ئۆلتۈرىدۇ دەيدۇ . ( بەدەۋلەت چىك چېرىكلىرىگە قارشى سوقۇشسا شۈبەسىز يەڭگەن بولاتتى ) . “ ئالتە شەھەر بەگلىرىدىن بىرى تەرىپىدىن ئوغا بېرىلدى دېگەن يالغان گەپمىكەن ؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . بەدەۋلەت بەك ئىھتىياتچان ئادەم ئىدى . مۇنداق گۇمانلىق چاغلاردا ئەمەس ، تىنچلىق زامانىدىمۇ ناھايىتى ساق بولاتتى . ئاشپەز ئاشنى ھازىرلاپ كەلتۈرگەندە ئاۋۋال ئۆزىگە سېلىنغان تاماقتىن ئۇنى ئىغىز تەگكۈزۈپ ، كېيىن ئۆزى يەيتتى . مەن بەدەۋلەتنىڭ مەھرەملىرىدىندۇرمەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا بىرى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى دېگەن سۆز توغرا ئەمەس “ دەيدۇ بوۋاي .

بۇ ھالدا ئالتە شەھەر ئاھالىسى ھەققىدە مەن بىرەر سۆز ئاچاي دېگەنىدىم . بوۋاي “ ئوغلۇم سىزمۇ شەھەر ئاھالىلىرىدىندۇر ، ئالتە ئەۋلاد ئۆتتى ، ھە ، سىلەرنىڭ ئېلى ئۆلكىسىگە كۆچۈپ بارغىنىڭلارغا 4ـ5 ئەۋلاد ئۆتتى شۇنداقمۇ ؟ ھە شۇنداق . چىك دۆلتى ئېلىنى ئالغاندىن كېيىن ، ئۇ تەرەپنى ، ئاۋات ، مەمۇر ئەيلەپ ، مەدەنىيلەشتۈرمەك ئۈچۈن بۇندىن كۆچمەن كۆچۈرۈشنى ئويلىغان . خاندىن ئېلى ۋىلايىتىگە ھىجرەت ئەتكۈچىلەرگە تۈرلۈك مۇكاپات ۋە ئىمتىيازلار ۋەدە بېرىلگەن . بۇيرۇق چىققان . بۇنىڭغا قىزىقىپ ، ھىجرەت قىلغۇچىلار كۆپەيگەن . بۇنىڭدا بايلار ، بەگلەر ئۆز ئۇرۇق تۇغقانلىرىنى ئۆز بالا ـ چاقىسىنى كۆچۈرۈشكە تىرىشقان . ھەممىسى شۇنداقلاردىن كۆچكەن . مۇھاجىرلارغا شۇنداق ئەركىنلىك بېرىلگەنكى ، بىر يىگىت بىراۋنىڭ قىزىنى < مەن ئالىمەن ،يۈر > دىسە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قارشى تۇرالمايتتى “ ، ـ دېدى . بوۋاي سۆزىنىڭ ئارىسىدا ئېلىنىڭ ئېلى دەپ ئاتىلىش سەۋەبى توغرىسىدا مۆھتەرەم خالىدىن ھەزرەتنىڭ “ تارىخى خەمسىيە “ سىدىكى ھېكايىنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتتى . بۇ راستىنلا مۇئەررىخ بوۋاي ئىكەن . بۇغراخان ۋە يۈسۈپ قادىرخانلار ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلدى . ئەمدى ئىسمىنى ئېيتاي : بۇ تۇرداخۇن بوۋا ئىدى .

## ئاقسۇ

بۈگۈن 20 ـ يانۋار كۈنى ئاقسۇ شەھىرىگە كەلدۇق . ئاقسۇ بەك ئاۋات قەدىمىي شەھەرلەردىن بولۇپ بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇيغۇر خانلىرىمۇ تۇرغانمىش . يالغۇز 900 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئابابەكرى دېگەن بىر خان بۇ شەھەر ئاھالىسىنى ئەخمەتخان دېگەن بىرىگە تەرەپدارلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تولا قىرغۇزغان . يەنە سالامەت قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى

سۇرگۈن قىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقسۇ 16 يىل ئەتراپىدا خارابىلىقتا تۇرغان . كېيىن سۇلتان سەئىد دېگەن كىشى خانلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، باشقا ئەتراپ شەھەرلەردىن مۇھاجىرلارنى كۆچۈرۈپ ئولتۇرقلاشتۇرغان . سۇلتان سەئىد ئاقسۇ خەلقىدىن 10 يىل ئۆپچۆرىسىدە پادىشاھلىق ئالۋان ـ ياساق ئالمىغان . شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ يېڭىدىن ئاۋات بولغان . مۇئەررىخلەرنىڭ ئاقسۇ خەلقى پىتىراڭغۇ ، پاراكەندە دېگەنلىرىنىڭ مەنىسى شۇ بولسا كېرەك . ئاقسۇ كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك خوش مەنزىرىلىك شەھەر ئەمەس . پەقەت ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ چىققان جايى بولغىنى ئۈچۈن خوش كۆرۈنىدۇ . كوچىلىرى مۇقىم ۋە تەرتىپلىك ئەمەس . كوچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رەتسىز ۋە تارقاق . شەھەردە گۈزەلرەك ياسالغان بىرمۇ ئىمارەت يوق . ھەممە ئادەم دالانلىرىدا يۈرىدۇ . گەمىگە ئوخشاش خانىلاردا كىشىلەر روھسىز ، چۈشكۈن ، نامرات ۋە مىسكىنلىك تەرىپى يېتەرلىك ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى سۇس . ئەكسىچە ئىشانلىرىمىز بەك كۈچلۈك ، ھۈنەر ـ سانائەت كۆپتىن بىرى يوق . ئەمما دېھقانچىلىقى ئۆز لايىقىدا ، ئاش ۋە ئىش ئەرزان ، پەخش ۋە پاھىشۋازلىق خەۋپلىك . كەمبەغەلچىلىك نەتىجىسىدە پاھىشىلىرىنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسمەكتە . موللىلاردا بۇنىڭغا قارشى تۇرغىدەك ئىقتىدار يوق . ئېھتىمال ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بەرمىگەندۇر . بۇ يەردىكى مەمۇرلار " ھارۋا سۇنسا ئوتۇن ، ئۆكۈز ئۆلسە گۆش بولىدۇ " دەپ قاراپ تۇرىدۇ . پاھىشىلەرگە پاھىشىخانىلار يوق . شۇڭلاشقا پاھىشىلەر تۈگكان سارايلىرىدا مۇستەقىل ياشايدۇ . يېنىغا بارساڭ ھامان نازلىنىپ ، ئاشىق ـ مەشۇق قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ بۇلارنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزەڭدىن خورلىنىسەن . خۇسۇسەن ماڭا ئوخشاش باشقا يەردە ئۆسكەن بىر كىشىگە بۇلارنىڭ قىلىقلىرى بەك غۇربەت ۋە يات تۇيۇلىدىكەن . بۇلارنىڭ ئومۇمەن مۇئامىلىلىرى چىنىلىقلار بىلەن بولغانلىقتىن ، ھەممىسى بەڭگى بولۇپ بازارلاردىن قىز يوقىلىدىكەن . شۇڭا بىر ئاز ياشراقلىرى چىنىلىقلارغا ئۆيلىنىدۇ ياكى ئومۇمىي يەرلەردە قىمار ئويناپ ، ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ . بۇ تەرەپلەردە ۋاقىتلىق نىكاھمۇ خېلى تەرەققى قىلغانىكەن . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يوقسىزلىقنىڭ سەمەرىسىدۇر ئاخىر . جوڭگودا قانچە ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىدارە ئالمىشىشلارنىڭ بۇ يەرگە تەسىرى يۇقمىغان . ئىنقىلاپ زامانىدا بىر ـ ئىككى بۈيۈك مەمۇر ئۆلتۈرۈلۈپ ، ئورنىغا ئىنقىلاپچىلاردىن قويۇلغان بولسىمۇ ، بۇ مەمۇرلار ھېلىقى ئادەملەردىنمۇ بەك ناچار ئىكەن . بۇنى يەرلىك ئادەملەر ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ماللاردىن باجنى پەۋقۇلئاددە كۆپ ئالغانلىقىدىن كۆرىدۇ . كۆپتىن بېرى ئۆز ئىچىدىن خەلق مەجلىسىگە ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىڭلار دېگەن بۇيرۇققا بىنائەن ئاقسۇ خەلقى ئۆزلىرىدىن بىر ۋەكىل سايلاپ بەرگەن بولسىمۇ ، نېمە سەۋەبتىندۇر ئۈرۈمچىدىن يۇقىرى كېتەلمىگەن . لېكىن بۇ يەرلەرگە بالقان سوقۇشى نەۋ تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ .

www.kitaphumar.com

مۆتىۋەر بىر ھەزرەتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، ئۇلار ئىستانبۇلغا 210 يامبۇ كۈمۈش يىغىپ ئەۋەتكەن . بۇ پەۋقۇلئاددە بىر ئىش . لېكىن بۇ ئاقسۇ خەلقىدە جەمئىيەت ، دۇنيا ئىشلىرىدىن مەھرۇم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ تەرەپلەردە گېزىت ئوقۇغۇچىلار بولمىغانلىقتىن ، ئاقسۇ خەلقى ئالەم ۋە ئىسلام ۋەقەلىرىدىن خەۋەردار ئەمەس . ئۇلار تۈركلەر ھەققىدە ئىلى ۋە قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ مۇبالىغە خەۋەرلىرىگە ئىشىنىپ يۈرگەن . ئاقسۇدىن 10 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاسىق دېگەن يېڭى شەھەردە چېكىنىڭ مۇنتىزىم مېڭىپ تۇرغان پوچتا ـ تېلېگرافلىرى بولسىمۇ ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار پايدىلانماي تۇرۇپتۇ .

ئاقسۇدا بۇرۇندىن قالغان ئەنجانلىقلار بولسىمۇ ، قازاق ، قىرغىز ، نوغايلار كۆرۈنمەيدۇ . ياۋروپالىقلار تولۇپتىن يوق .“ نوغاي بولماي ئوڭاي بولماس” ئاخىر.

مەنبە : ‹‹ شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى ›› ژورنىلى 2000 ـ يىل ، 3 ـ سان .

( 1991 ـ يىلى ئالمۇتىدا نەشىر قىلىنغان “ يورۇق ساھىللار “ ناملىق كىتاپتىن قىسقارتىپ ئېلىندى. )

www.kitaphumar.com

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇنىڭغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە

## قۇربان تۇران

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى توغرىسىدا تارىخشۇناسلاردىن ھەر كىم ھەر نېمە دەپ باقتى. شۇنداقتىمۇ كۆپ قىسىم پىكىردە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنىڭ كۆل بىلگە تەختكە چىققان 744 ـ يىلى ئۆلچەم قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . ئەمما بۇ خىل پىكىر ئىقىمىدا كىشىنى تازا قايىل قىلالمايدىغان بىر نەچچە گۇمانلىق نۇقتا مەۋجۇت؛ ئالدى بىلەن بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئۆز پىكرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئىسپاتلىيالىغۇدەك نەزەرىيىۋى ئاساسى يوق، ئاندىن قالسا ئۇلار كلاسسىك خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىن يېتەرلىك پايدىلىنىپ كېتەلمىگەن. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلار كۆل بىلگە ئۆزىنى «قاغان» دەپ ئاتىغان 744 ـ يىللاردا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمئىيەت فورماتسىيىسىدە ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق تۈپلۈك ئۆزگىرىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى دىققەتتىن ساقىت قىلىشۇتكەن، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى تارىخي بۇرۇلۇش پەيتىنىڭ نەق ئۆزىنى تۇتالمىغان. شۇڭا مۇئەللىپ ــ بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە تارىخي ماتېرىياللىرىم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قايتا مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈش زۆرۈر دەپ قارايدۇ.

## ئۆلچەم مەسىلىسى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى بېكىتىشتە ، ئالدى بىلەن نېمىنىڭ خانلىق قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تولىمۇ مۇھىم. دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇق ئۇستازى ف.ئېنگېلىس ئۆز ۋاقتىدا مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. ئۇ مۇنداق دېيدۇ: «دۆلەتنىڭ كونا ئۇرۇقداشلىق تەشكىلاتىدىن پەرقى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ رايونلار بويىچە ئايرىلغان خەلق ئىكەنلىكىدە .... شۇڭا رايونلار بويىچە ئايرىلغانلىقنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش ھەممىدە گراژدانلارنىڭ قايسى ئۇرۇق ياكى قەبىلىگە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئاممىۋى ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يول قويۇش زۆرۈر. بۇ خىلدىكى

ماكانلاشقان جايىغا ئاساسەن خەلق بولۇپ تەشكىللىنىش ئۇسۇلى بارچە دۆلەتلەرگە ئورتاقتۇر. ئىككىنچىدىن، ئاممىۋى ھوقۇقنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىدا. بۇ خىل ئاممىۋى ھوقۇق ئەمدىلىكتە ئۆزى قۇراللىق كۈچ سۈپىتىدە تەشكىللىۋالغان ئاھالىگە بىۋاستە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ .... بۇ خىل ئاممىۋى ھوقۇق بارچە دۆلەتلەردە مەۋجۇت بولىدۇ »[3]. ف.ئېنگېلس بۇ يەردە ناھايىتى ئۇچۇق قىلىپ مەلۇم ئۇرۇق ياكى قەبىلىدە ئاممىۋى ھوقۇقنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى ۋە ئىلگىرىكى قانداشلىقنى بەلگە قىلغان چېگرىنىڭ بۇزۇپ تاشلانغانلىقى ـ ئۇنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى چوڭ سەكرەش بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ دۆلەت ھالىتىگە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇڭا ماكان مۇناسىۋىتىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە ئاممىۋى ھوقۇقنىڭ تەسىس قىلىنىشى ـ مەلۇم خەلقنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى بولالايدۇ دېيىشكە تامامەن بولىدۇ . تارىخىي ماتېرىيالىزىمدىكى بۇ خىل نەزەرىيىۋى ئۆلچەمنى ف.ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بارچە دۆلەتلەرگە، جۈملىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغىمۇ تەدبىق قىلىشقا بولىدۇ . چۈنكى تارىخ تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەت ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى تارىخ سەھنىسىگە چىققان شىمالىي ئاسىيا رايونى تارىختىن بۇيان شىمال مىللەتلىرىنىڭ ئاۋۇپ كۆپىيىدىغان رايونى بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى تارىخ-سالنامىلەردىكى «سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، شۇڭا مۇقىم تۇرۇشلۇق شەھەر قەلئەلىرى يوق» دېگەن ئىخچام تەسۋىرنىڭ دەۋرلەردىن بۇيان قايتا-قايتا تەكرارلىنىپ كېلىشى ، بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆچمەن قەۋملەردا ماكان چۈشەنچىسىنىڭ بارلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ئېلىپ باردى. ئورۇنسىز گۇمانغا بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالاقىدار تارىخىي ۋەسىقىلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ كۆرمىگەنلىكى ۋە كۆچمەنلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا يېتەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغانلىقى سەۋەب بولغان. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو كلاسسىك ۋەسىقىلىرىدىكى شىمال مىللەتلىرىنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى توغرىسىدا بېرىلگەن مەلۇماتلار، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئولتۇراق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقلەرگە قارىتا ئېيتىلغان نىسبىي ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ خەرەكتىرى غايەت زور ئاپەت ياكى چوڭ كۆلەملىك ھايات-ماماتلىق ئۇرۇش يۈز بەرمىگەن ئەھۋالدا، كۆچمەن خەلقلەرنىڭ مۇئەييەن ماكان ۋە زامان ئىچىدە ئومۇمەن نىسبىي مۇقىم ھالەتتە تۇرۇشنى بەلگىلىگەن ئىدى. كۆچمەن خەلقلەردىكى ئاتالمىش «يۆتكىلىش» پەقەت تەبىئىي شارائىتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماس ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرغان. تەبىئىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى ـ بىر قەدەر ئاستا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىش بولغاچقا، ئۇلاردىكى بۇ خىل يۆتكىلىشمۇ تەدرىجىي خەرەكتىرلىك جەريان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

www.kitaphumar.com

دەرۋەقە مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدە سۈپىتىدە يۆتكىلىشى (كۆچۈشى) گە دائىر كۆپلىگەن مىساللارنى كۆرستىشكە بولىدۇ . مەسىلەن: تۇخرىلار، ھونلار، ئاۋارلار، قارلۇقلار، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار ۋەھاكازالار. ئەمما ئاشۇ قەۋملارنىڭ چوڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسەن غايەت زور تەبىئىي ئاپەتنىڭ ياكى تاشقى كۈچلەر بېسىپ كىرگەنلىكىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى ئىدى. شۇڭا كۆچمەن خەلقلەرنى ھەر قاچان كۆچۈپ يۈرۈيدۇ دەپ قاراشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

شىمال خەلقلىرىنىڭ ئومۇمىي تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، مۇنداق بىر خىل قانۇنىيەتلىك مەۋجۇتلۇقنى ھېس قىلىمىز: ئاجىز ۋاقتىدا ئۇلار ھەمىشە ئۆزىدىن كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتكە بېقىنىشنى ھار ئالمىغان، سەللا قۇدرەت تاپقاندا بولسا، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك ۋە زېمىن قوشۇۋېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ، تېخىمۇ چوڭ كۆلەملىك يايلاقنى كۆزلىگەن. ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن قۇدرەت تاپالىغان قەۋم ئورخۇن- سېلىنگا- تۇغلا ۋادىسىدىكى رايوننى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ يايلاقنىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە باشقا ئاجىز قەۋملارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. مانا مۇشۇ يوسۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسناسىز ھالدا شىمالىي دالادا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن رايونلار بويىچە ئايرىلغان خەلقلەر تۈركۈمگە قاراپ راۋاجلىنىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ رەسمىي ئىشقا ئاشقان دەۋر مەسىلىسى ئۆز-ئۆزىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

## ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق بولۇپ شەكىللىنىش مەسىلىسى

مەشھۇر تىلشۇناس ل.مورگان بۇنىڭدىن بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا جەمئىيەت توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مۇنداق تەشكىلاتنىڭ تۈپ بىرلىكى ئۇرۇقداشلىق. قەدىمكى زاماندا مىللەت ئۇرۇقداشلىق، قېرىنداشلىق، قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن ھاسىل بولغان، بۇلار رەت بويىچە ئۇلىنىپ كېلىدىغان بىر قانچە باسقۇچتۇر. كېيىنچە ئوخشاش تىروتىرىيەدىكى بىر مىللەتنى تەشكىل قىلىپ، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر جاي ئىگىلىگەن بىر قانچە قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئورنىنى ئالغان. مانا بۇ قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ ئۇرۇقداشلىق مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ قالغان تەشكىلى شەكلى. بۇ قەدىمكى جەمئىيەتتە ئاساسەن ئومۇملاشقان شەكىل ...»[2]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى بۇ ئورتاق قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا

www.kitaphumar.com

بولمىغان. بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇ ھەقتىكى تارىخى جەريانىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ .

يېغىلىق دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 476 - يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلىغىچە) دە كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەن «تاغ-ئېرىزلار قۇرئى» دا: «يەكچەشمىلەر دۆلىتىدىكىلەرنىڭ بىرلا كۆزى بولۇپ ، يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرىدۇ، بۇلار ۋېي (威) ئۇرۇقىدىن»[3] دېگەن بىر بايان بار. يەنە شۇ ئەسەردە يەكچەشمىلەر ئېلىنىڭ «گۇر دۆلىتى» (鬼国) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن [4]. ئاشۇ گۇر دۆلىتى ھازىرقى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگە توغرا كېلىدۇ . «تاز-ئېرىزلار قۇرئى» دىكى بايانلارنىڭ قويۇق رىۋايەت تۈسىنى چىقىرىۋەتكەندە، بۇنىڭ قەدىمكى گۇرلار ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرىلەر ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. گورلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرى بولمىش دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تېگرىكلار (铁勒) بىلەن بىۋاستە ئېتنىك مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ۋاڭ گوۋېي باشلىغان دەۋرلەردىن تارتىپ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىپ كەلدى[5]. تارىشا پۈتۈكلەردە نامى زىكرى قىلىنىۋاتقان گورلار، ئاشۇ تارىشا پۈتۈكلەر پۈتۈلۈشتىن تولىمۇ قەدىمكى زامانلاردا شىمالىي دالادا ئىپتىدائىي شەكىلدىكى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيەتنى باشتىن كۆچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. شاڭ-جۇ سۇلالىرى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلار بىلەن ئاللىقاچان قەبىلىلەر تۈپى ھالىتىگە ئۆتۈپ بولغان گورلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش-توقۇنۇشلار جىددىيلەشتى. بولۇپمۇ گورلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە جەنۇبقا پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ئىلاجسىز پايتەختىنى كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان جۇ خانلىقى ئاخىرى كۈچ توپلاپ گورلارنى ئومۇميۈزلۈك مەغلۇپ قىلدى. نەتىجىدە گورلار تەدرىجىي شىمالغا سۈرۈلۈپ، بايقال ۋادىسىغا ماكانلاشتى ۋە ئۈۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىدى. يېڭى جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ نىسبىي مۇقىم بولۇشى، بولۇپمۇ «جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كۈنسايىن زىچلاشقان ئاھالە - ئىچكى، تاشقى جەھەتتىن تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇشقا مەجبۇر بولۇپ ، تۇغقان قەبىلىلەرنىڭ ئىتتىپاقى ھەممىلا جايدا زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالدى» [6]. ئەنە شۇ ئورتاق زۆرۈرىيەت نەتىجىسىدە ئەمىنىيە - يېغىلىق دەۋرلىرىگە كەلگەندە، شىمالىي ئاسىيادا توڭگۇسلار، ھونلار قاتارلىق قەبىلە ئىتتىپاقلىرى شەكىللەندى. شۇ سەۋەبتىن باتۇر تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىغا يازغان مەكتۇبىدا: «ئوقيا كۆتۈرگەن بارچە ئەللەر بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى»[7] دېگەن ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردە شىمالىي دالادىكى تۈركىي تىللىق قەۋملەرنىڭ ھونلار يادرولۇقىدىكى تۇنجى ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندا، ھونلارنىڭ شىمالىدىكى گورلارنى مەنبە قىلغان دىڭلىڭلار مەجبۇرىي يوسۇندا باش ئەگدۈرۈلدى.

www.kitaphumar.com

ھونلارنىڭ قۇدرەتلىك لەشكىرى كۆچكە تايىنىپ دىڭلىڭلارنىڭ ھاياتلىق ماكانىنى تارتىۋېلىشى، شىمال مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتىدىكى تەبىئىي ھادىسە ئىدى. شۇڭا دىڭلىڭلار ئۆزلىرىگە تەۋە بۇ «ئەڭگۈشتەر» نى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم ھونلارغا قارشى چىقىپ باقتى. بۇلاردىن بىرقەدەر گەۋدىلىكرەك ۋە ئۈنۈملىكرەك بولغىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 71- يىلى يۈز بەرگەن ۋەقە بولدى. شۇ يىلى دىڭلىڭلار، ئۇغانلار، ئاسىيۇلار قاتارلىق قول قىلىنغان قەبىلىلەر ھونلار ئىلىدە ئېغىر تەبىئىي ئاپەت بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھونلارغا قارشى بىرلەشمە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ ھەقتە تارىخىي ھۆججەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ : «ھونلارنىڭ ھالسىرىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دىڭلىڭلار شىمالدىن، ئۇغانلار شەرقتىن، ئاسىيۇلار غەربتىن بىراقلا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى ....... شۇنىڭ بىلەن ھونلار تېخىمۇ ھالسىراپ كەتكەچكە، ئۇلارغا بېقىندى بولۇپ كەلگەن ئەللەرمۇ بارا-بارا پارچىلىنىپ كەتتى. بەزىدە بۇ ئەللەر ھونلارنى بۇلاپ-تالىسمۇ، ھونلار ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي قالدى»[8]. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاشۇ خىلدىكى تۈرلۈك قارشىلىق ھەرىكەتلىرى جەريانىدا دىڭلىڭلارنىڭ ئورتاق بىر گەۋدىلىشىش ئېڭى تەدرىجىي كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە شىمالىي دالادىكى ئوخشاشمىغان جايلارغا تارقاق جايلاشقان دىڭلىڭلار تەدرىجىي ئۇيۇشۇپ، نىسبەتەن چوڭ كۆلەمدىكى رايون خەرەكتېرلىك ئومۇمىي گەۋدىگە ئايلىنىشقا يۈزلەندى. ئەنە شۇنداق ئورتاق ئومۇمىي گەۋدە ئالدىنقى خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206- يىلىدىن مىلادىيە 23- يىلىغىچە) نىڭ ئالدى-كەينىدىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە «شىمالىي دىڭلىڭلار» دېگەن نامدا خاتىرىلىنىشكە باشلىدى.

مىلادىيە 3- ئەسىرلەرگە كەلگەندە، قەدىمكى مەنبەلەردىكى «دىڭلىڭ» دېگەن ئىنتىپاق تەدرىجىي «قاڭقىل» (高车)، «تېگرېك» (铁勒) دېگەن ناملارغا ئالمىشىشقا باشلىدى. ياكى «قاڭقىل» دېگەن نامنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاشۇ قەۋملەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئاتىشى بولماستىن، ئۇلارغا قوشنا بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىنىڭ ئۇلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئېگىز چاقلىق ھارۋا ئىشلىتىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قويۇۋالغان ناملىرى بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە «ھارۋا» ياكى «چاق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى[9]. ئەنە شۇ قاڭقىللار (ئەمەلىيەتتە دىڭلىڭلار) باشچىلىقىدىكى شىمال قوۋملىرى، ھونلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھونلاردىن قالغان شىمالىي دالىنى ئىگىلەپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش ئارزۇسى، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن سىيانپى ۋە ئاۋار ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلاندى. كېيىنچە ئاۋار خانلىقىنىڭ ئېغىر بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن قاڭقىللار 487- يىلى ئاپۇرغۇر باشچىلىقىدا زور كۆلەمدە غەربكە كۆچۈپ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي رايونىدا «قاڭقىل ئۇيغۇر خانلىقى» نى قۇرۇپ چىقتى[10].

قاڭقىللارنىڭ ئاساسى قىسمىنىڭ غەربكە كۆچۈپ كېتىشى بىلەن قاڭقىللار يېتەكچىلىكىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاجىز قەۋملارنىڭ ئىتتىپاقى ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلدى. قالغانلىرى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدا تەدرىجىي تىگرىكلار ئىتتىپاقى بولۇپ شەكىللەندى. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئالتاي ۋادىسىدا كۆك تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى تىگرىكلار ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىي دالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىيىتىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان بېقىندى قەبىلىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۆك تۈركلەر دەۋرىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ قوشۇلۇش دولقۇنىغا كىرىپ كەتتى. 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى شەرقىي تۈرك خانلىقى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن دەۋرلەردە بولسا، ئۇيغۇرلار كۆك تۈركلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىشقا يۈزلەندى.

مىلادىيە 605 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى قارا قاغان تىگرىك قەبىلىلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىنى پاك ـ پاكىز تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تىگرىكلەرنىڭ بىر قانچە يۈز قەبىلە ئاقساقىلىنى تىرىك كۆمۈۋەتتى. «شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار بۆگۈ، توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرگە قارشى چىقىپ، ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتىدى. باشقىلار ئۇلارنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى»[11]. بۇ خاتىرىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بېقىندى ھالەتتە ياشاش تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، مۇستەقىل بولدى. شۇنداقلا تىل، جۇغراپىيىلىك ماكان، ئىگىلىك شەكلى قاتارلىقلاردا بىرلىككە كېلىشكە يۈزلىنىپ، ئورتاق مەنپەئەتداش ئاساسىغا ئىگە مەسلەكداش قەبىلىلەر بىلەن «ئۇيغۇر» نامى ئاستىدا بىر گەۋدىلىشىشكە ئۇيۇشۇشقا باشلىدى. ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققان ۋاقىتتىكى ھالىتى، تېخى شىمالىي دالادىكى كۆچمەن قوۋملار ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك ھېسابلىنىش دەرىجىسىدە ئەمەس ئىدى. تۈرك خانلىقىغا يەككە ـ يېگانە قارشى تۇرالىغۇدەك سەۋىيەدىمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ شۇنىڭدا ئەپادىلەندىكى، ئاشۇ قېتىملىق ۋەقەنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى قىبئار قەبىلىسىدىكى ئاقساقال ئېلتەبىر ئېركىن قىبئار گېلىنىنىڭ «ئەۋچىن قاغان» دەپ ئاتالغانلىقى بولدى [12]. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ئاقساقىلى سۈكۈن تۇنجى «ئېركىن» بولدى ھەمدە نىسبەتەن قۇدرەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن «قاغان» دەپ ئاتالغان قىبئار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى باغا قاغانغا بويسۇندى. تۈرك خانلىقىنىڭ يەنىلا مۇئەييەن دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان تەھدىتى ئالدىدا ھاياتلىق يولىدىكى ئورتاق ئېھتىياج سەۋەبىدىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر گەۋدىلىشىش يۈزلىنىشى بارغانچە كۈچىيىپ باردى.

ئاشۇ قېتىملىق ۋەقەدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئاقساقلىغا بىرىلگەن «ئېركىن» مەردۇنىسى ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىشقا باشلىدى. سۇكۇنىنىڭ ئوغلى بوساد ئېركىن بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە دەسلەپكى ئۆزگىرىشنىڭ بىخلىرى روشەنلىششكە باشلىدى. 627 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى جەنۇبتىن تۈرك خانلىقىغا ھۇجۇم قوزغىغاندا، بوساد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالدىن تۈرك خانلىقىغا تېگىش قىلدى. ئەللىگ قاغان دەرغەزەپ بولۇپ ئوغلى يوقۇق شادنى يۈزمىڭ كىشلىك قوشۇننى باشلاپ ئۇيغۇرلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەبەرتتى. بوساد بەش مىڭ كىشلىك يىنىك چەۋەندازلار قوشۇنى بىلەن «مالىشەن تېغى باغرىدا تۈركلەرنى تارمار كەلتۈردى، ياۋ قاچقاندا تەكرىتاغ ۋادىسىغىچە قوغلاپ بېرىپ يەنە بىر قېتىم قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەسىر ئالدى، شۇندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نامى شىمالنى لەرزىگە كەلتۈردى» [13]. مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇش ـ تۈرك خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىدا ئەجەللىك زەربە بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شۆھرەت قازىنىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئابرۇيىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئۇلارغا قوشۇلغان ۋە سىغىنىشكەن قەبىلىلەرنىڭ سانى ئاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تەدرىجىي قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. شۇ سەۋەبتىن «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ناھايىتى ئۇچۇق قىلىپ «ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرەت تېپىشى بوسادتىن باشلانغان» دېيىلىدۇ .

شەرقىي تۈرك خانلىقى ھالاك قىلىنغاندىن كېيىن، شىمالىي يايلاق ۋەزىيىتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى سۈيىتىدە 628 ـ يىلى سىر ـ تاردۇشلار خانلىقى قۇرۇلدى. ئۇيغۇرلار بولسا بۇ مەزگىلدە قۇدرەت جەھەتتە سىر ـ تاردۇشلاردىنلا قالسا ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. پائالىيەت دائىرىسىمۇ سېلىنگا بويلىرىدىن تۇغلا دەرياسى ۋادىسىغىچە كېڭەيدى، پائالىيەت مەركىزىمۇ مۇناسىپ ھالدا شەرقىي جەنۇبقا سۈرۈلدى. سىر ـ تاردۇشلا خانلىقى 628 ـ يىلىدىن 646 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار ئاتاقتا سىر ـ تاردۇشلارنىڭ بېقىندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خانلىق تىروتىرىيىسىدە ياشاپ كەلدى. بۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇرلار سىر ـ تاردۇشلار بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشىپ جەڭ قىلمىدى. سىر ـ تاردۇشلار خانلىقىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى خورىتىپ بەرمىدى. تاشقى كۈچلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەھدىتلىرىگىمۇ دۇچ كەلمىدى. مانا مۇشۇ تەرىقىدىكى 20 يىلچە تىنچ مۇھىت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى غەلىبىسىگە ئاجايىپ مۇھىم ئاساس يارىتىپ بەردى.

بوسادقا ۋارىسلىق قىلىپ ئېركىن بولغان تۇمىد دەۋرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى غايەت زور بۇرۇلۇش ھادىسىسى روياپقا چىقىشقا باشلىدى. سىر ـ تاردۇشلار خانلىقىنىڭ ئىچكى سىياسەت جەھەتتە تېگىرىكلار ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى ئىتتىپاقداش

www.kitaphumar.com

قەبىلىلىرىگە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلمىغانلىقى، ئىتتىپاق ئىچىدىكى ھوقۇق مەركەزلەشكەن نوپۇز ئىگىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقى بارغانسېرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن سىر-تاردۇشلارنىڭ تېگرىكلار ئىتتىپاقىغا سەردار بولۇشقا بارغانچە مۇناسىپ كېلەلمەيۋاتقانلىقى مۇقىملىشىپ قالدى. بولۇپمۇ 645- يىلى تۇربەگ سىر-تاردۇشلارغا قاغان بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى جاھاندا تەڭداشسىز ھېسابلاش خاھىشى بىلەن ھەرقايسى ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرنى نەزەرگە ئېلىپمۇ قويماي، ئۇلارغا كەلسە-كەلمەس پەرمانلارنى يوللىغىلى تۇردى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىنىمۇ چەكلىدى. ئارقىدىنلا قوشۇن تارتىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى چېگرا قورۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئاتلاندى. ئەمما ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ئېغىر تالاپەت يېگەن تېرىندى قوشۇنلىرى بىلەن شىمالغا قايتىپ كەلگەن سىر-تاردۇشلار خانلىقىدا نارازىلىقى چېكىگە يەتكەن ھەرقايسى قەبىلىلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ باشچىلىقىدا قارشى سەپكە ئاتلاندى. مۇئەييەن مەزگىللىك تىنچ مۇھىتتا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ يېتەرلىك ماددىي ۋە لەشكىرى قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلار، مانا مۇشۇ يوسۇندا سىر-تاردۇشلارنىڭ تېگرىكلار ئىتتىپاقىغا سەردارلىق قىلىشىغا قارشى بۇ بىر مەيدان كۈرەشنىڭ بايراقدارىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداقلا تېگرىكلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىنى باسقان بىر ئومۇمىي كۈچ بولۇشتەك سۈپىتى بارغانچە روشەنلەشتى . شىمالىي يايلاقتا مانا مۇشۇنداق تۈپلىك ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، تاڭ سۇلالىسىمۇ قوشۇن چىقىرىپ جەنۇبتىن سىر-تاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپتىن تەڭلا قىلىنغان بۇ ھۇجۇمدا سىر-تاردۇشلار تاقابىل تۇرالماي، قىسقىغىنا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغىنىچە تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ سىر-تاردۇلار خانلىقى يىمرىلىپ تاشلانغان شىمالىي دالادا ئۇيغۇرلار تەبىئىي رەۋىشتە ئەڭ كۈچلۈك قوۋم بولۇپ قالدى. تېخىمۇ مۇھىمى سىر-تاردۇشلا خانلىقىنىڭ يوقۇتىلىشى بىلەن شىمالىي دالا ـ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تۇتاش ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى تىل، تىررىتورىيە، ئىگىلىك شەكلى قاتارلىقلاردا ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ئىتتىپاقداش قوۋملار تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە سىڭىپ بىرلىككە كەلگەن خەلقنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا «تۈمىد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈرۈكلەرگە ئوخشاش تاشقى ئالتە ۋەزىر، ئۈچ ئىچكى ۋەزىر تەسىس قىلدى. ئۇندىن باشقا يەنە تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىرلەشكەر قاتارلىق مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى. (تاڭ سۇلالىسى) تۈمىدكە دىيانەتلىك سانغۇن، دەشت تۇتىقى قاتارلىق مەردىۋىلىرىنى تارتۇق قىلدى» [14]. شۇنىڭ بىلەن بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى بولغان مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال يۈز بەردى: بىرى، تۈمىد ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تۈركلەرگە تەقلىد قىلىپ ئەمەل-مەنسەپ تەسىس قىلدى ۋە ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىدى؛ يەنە بىرى، تاڭ

سۇلالىسى ئوردىسى شىمالىي دالادا بارگاھ قۇرۇپ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان تۇمىدكە مەردىۋە ئاتا قىلدى. ئۆز-ئارا زىددىيەتلىك بۇ ھادىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇشۇ مەزگىلگە قەدەر بولغان ئۇيغۇرلاردىكى ماكان مەسىلىسىنى ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ .

## جۇغراپىيىلىك ماكان مەسىلىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك تۈرك خانلىقىغا بېقىندى بولۇشتىن سىر-تاردۇشلار خانلىقىنى تار-مار كەلتۈرگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ماكان دائىرىسىنىڭ جىددىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە مەنبەلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : «ئۇيغۇرلار سىر-تاردۇشلارنىڭ شىمالىدىكى سېلىنگا دەرياسىنىڭ شىمالىدا ياشايدۇ. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 6900 چاقىرىم كېلىدۇ » [15]. بۇنىڭدىن باشقا «قانۇنلار قامۇسى»، «يېڭى تاڭنامە»، «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى»، «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» قاتارلىقلاردىمۇ بۇ ھەقتە خاتىرە بار[16]. تۈرك- رونىك يېزىقىدىكى «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق دېيىلىدۇ : «.... ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇدىكەن. سۈيى سېلىنگا (دەرياسى) ئىكەن. ئۇ يەردە ئېلى .... ئەركىن ياشايدىكەن» [17]. جۇۋەينىنىڭ ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مۇنداق: ئەينى ۋاقىتتا قارا قورۇمدا ئىككى دەريا بولغان، بىرى سېلىنگا دەرياسى، يەنە بىرى تۇغلا دەرياسى. بۇ ئىككى دەريانىڭ قوشۇلىدىغان يېرىدىكى دۆڭگە چۈشكەن خاسىيەتلىك نۇردىن بەش ئوغۇل بوۋاق يارالغان، بۇلاردىن بوقۇخان ئۇيغۇرلارغا خاقان بولغان[18]. «ئىدىقۇت خانىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان رىۋايەت خاتىرىلەنگەن[19].

يۇقىرىقى ئەسەرلەردە بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى يىغىنچاقلاپ كۆرسەك، ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ كۆكلىگەن جاينىڭ سېلىنگا ۋادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. دېمەك ئەينى زاماندا كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساسى ئىگىلىك شەكلى قىلىپ ياشىغان ئۇيغۇرلار سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ئاساستا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇر (ئەل ئەتمىش) نىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاشتىمۇ «سۈيى سېلىنگا دەرياسى ئىكەن» دېيىلىش بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى ئەنە شۇ ئەھۋالنىڭ ئىنكاسى ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆگۈ، تۇڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ تۈرۈكلەرگە قارشى چىققان ۋە ئۇيغۇر ئاقساقىلى سۈكۈن «ئىبىركىن» دەپ ئاتىلىۋاتقان

مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلار سىلىنگا دەرياسىدىن باشقا جايلارغا كېڭەيمىگەن دېيىشكە بولىدۇ . شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەملى ئەھۋالىمۇ بۇنداق قىلىشقا يار بەرمەيتتى. چۈنكى ئەمدىلەتىن تۈركلەرنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئازاد بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولالماي تۇرۇپلا سىرتقا كېڭىيىپ كېتەلىشى ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا «سۈينامە. شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» دىكى «ئۇيغۇرلار تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ياشايدۇ» دېگەن بايانىنى ئىشەنچلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ .

مىلادىيە 627 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ماكان دائىرىسىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ مەركىزىي بارگاھىمۇ ئەسلىدىكى سىلىنگا ۋادىسىدىن شەرقىي جەنۇبتىكى تۇغلا (تۇرا) دەرياسى بويلىرىغا يۆتكەلدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ سۆكۈن ئېركىن باشچىلىقىدا بىر مەزگىل ئۆزىنى ئوڭشاپ كۈچ توپلاش ۋە قۇدرەت تېپىشقا قاراپ يۈزلىنىش ھادىسىسىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : «جىنگۇەن يىللىرىنىڭ باشلىرى، ئۇيغۇرلار بىلەن سىر-تاردۇشلار تۈركلەرنىڭ شىمالىي چېگرا رايونىغا ھۇجۇم قوزغىدى»[20]. بۇ مەلۇمات «يېڭى تاڭنامە» دىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ[21]. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇم ئىكەنلىكىدە ئىدى. ئاشۇ قىسقا نەقىلنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ ـ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن يېڭىلا ئايرىلىپ چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن سىياسىي ۋە تېررىتورىيە جەھەتتىكى يېڭى تەلەپلەرنىڭ ئىنكاسى ئىدى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن ئۇيغۇرلار بۇساتنىڭ باشچىلىقىدا داۋاملىق جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، يېڭى زېمىنلارنى قوشۇۋېلىشقا كىرىشتى ھەمدە تۈركلەر بىلەن ئۆزلۈكسىز سوقۇشتۇرۇپ ، شىمالىي دالانىڭ خوجايىنلىقىنى تالاشتى. ئەمما رېئال ئەھۋال ئۇلارنىڭ تېخى بۇ نىشانغا يەككە ھالدا يەتكۈدەك ئىقتىدارغا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرغاچقا، ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئۇيغۇرلار سىر-تاردۇشلا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان تېگىرىكلار ئىتتىپاقىدا داۋاملىق تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. «سىر-تاردۇشلا بىلەن بىللە ھۇجۇم قىلدى» دېگەننىڭ ئەسلى مەنىسى مانا مۇشۇ ئىدى. دەرۋەقە شۇ قېتىملىق ھۇجۇمدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يەنە بىر بالداق ئۆرلەش بولدى. شۇ سەۋەبتىن تۈرك خانلىقى بۇ ھۇجۇمغا قوشۇلۇپ كەلگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي يۆلۈنۈش ھۇجۇمىدا يىمىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇرلارنىڭ نامى شىمالىي دالىنى لەرزىگە كەلتۈردى، ئۇيغۇرلار جەنۇبقا سۈرۈلۈپ بۇ يېڭى ماكانىنى ئۆزگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، تۇغلا دەرياسىنىڭ بويىدا بارگاھ قۇردى» [22]. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرا پاسىلى بولۇپ كېلىۋاتقان تۇغلا ۋادىسى ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ شىمالىي دالا رايونى يەنە بىر ئۆتكۈنچى

www.kitaphumar.com

دەۋرگە قەدەم قويدى. شىمالىي دالامۇ بۇ رايونىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئىككى كۆچ بولغان سىر-تاردۇشلا ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىندى. يەنى شىمالىي دالانىڭ شىمالىي يېرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان بولسا، جەنۇبىي يېرىمى سىر-تاردۇشلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

ھالبۇكى، مىلادىيە 646- يىلىغا كەلگەندە شىمالىي دالىدىكى ۋەزىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. سىرتاردۇشلارنىڭ تاشقى سىياسەت جەھەتتە تاڭ سۇلالىسىغا جەڭ ئېلان قىلىپ مەغلۇپ بولىشى، ئىچكى ئىستىراتېگىيەدە ئىتپاقداش قەبىلىلەرنى چەتكە قېقىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلار سىر-تاردۇشلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان ھەرقايسى قەبىلىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە سىر-تاردۇشلا خانلىقىغا قارشى سەپكە ئاتلاندى. مانا مۇشۇ ھەرىكەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئاقساقىلى تۇمىد[23] ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە تالانتىنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە «سىر-تاردۇشلارنىڭ تۇربەگ قاغانى قاتتىق مەغلۇپ قىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا قاراشلىق بارچە قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى ھەمدە سىر-تاردۇشلارنىڭ ئەسلى ماكانىنى ئىگىلىدى» [24]. مەلۇمكى، سىر-تاردۇشلا بىلەن ئۇيغۇرلار شىمالىي دالىنى بۆلۈشۈۋالغاندا، سىر-تاردۇشلارنىڭ ماكانى «كۆنچىقىشتا شىرۋىلار تەۋەسىدىن كۆنپېتىشتا ئالتۇنتاغقىچە، جەنۇبتا تۈركلەر رايونىدىن شىمالدا دەشت رايونىغىچە » [25] بولۇپ بېكىتىلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇمىد باشچىلىقىدا سىر-تاردۇشلا خانلىقىنى گۇمران قىلىپ، ئۇنىڭ ئاھالىسى ۋە زېمىن تېرورتىرىيەسىنى ئىگىلىگەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا شىمالىي دالانى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇ رايوننىڭ بىردىن بىر ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ، ئۆتۈكەن ۋە ئورخۇن ۋادىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى پائالىيەت مەركىزى بولغانلىقىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي تۈردە خەلق بولۇپ شەكىللىنىشكە ماس ھالدا، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ماكانىنىڭمۇ ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللەنگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

## ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋر مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، نەزەرىمىزنى ئالدى بىلەن خەنزۇ كلاسسىك ۋەسىقىلىرىگە قارىتىشقا توغرا كېلىدۇ . «كونا تاڭنامە» دە بۇ توغرىلىق مۇنداق دېيىلىدۇ : «جېنگۈەننىڭ 20- يىلى (مىلادىيە 646- يىلى) .... تۇمىد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئەمەل-مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى» [26]. «يېڭى تاڭنامە» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : «.... تۇمىد يەنىلا ئۆزىنى قاغان دەپ

ئاتاپ، تۈركلەرنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ ئەمەل-مەنسەپ تەسىس قىلدى، بۇلاردىن ئالتە تاشقى ۋەزىر، ئۈچ ئىچكى ۋەزىر، تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىرلەشكەر قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى»[27]. «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : «.... ئۇيغۇرلاردىن تۇمىد ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلىپ، تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئەمەل-مەنسەپ تەسىس قىلدى» [28]. «كىتابلار جەۋھىرى» دە مۇنداق دېيىلىدۇ : «جىنگۇەننىڭ 20-يىلى (مىلادىيە 646-يىلى) .... تۇمىد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى ۋە تۈركلەرگە ئوخشاش ئەمەل-مەنسەپ تەسىس قىلدى» [29].

مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان بۇ نەقىللەرنى ئېرىنمەي تەكرارلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، ئاشۇ بايانلاردىن تۇمىدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغانلىقىغا دائىر ۋەقەنىڭ راست ئىكەنلىكىنى مۇتلەق مۇقىملاشتۇرۇشقا تامامەن بولىدۇ ، شۇنداقلا ئاشۇ بايانلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە بولغان ھەرقانداق گۇماننى ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ . شۇڭا قەدىمكى جۇڭگونىڭ رەسمىي تارىخنامىلىرىدىكى تۇمىد ھەققىدە بېرىلگەن ئاشۇ بايانلاردىن 646-يىلى تۇمىد شىمالىي دالادا ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان دېيىشكە تولۇق ۋە يېتەرلىك ئاساس تاپالايمىز. بولۇپمۇ تۇمىدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغانلىقىدىن سىرت، تۈرك خانلىقىغا تەقلىد قىلىپ ئەمەل-مەنسەپ تەسىس قىلغانلىقى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. تاڭ دەۋرىگە ئائىت ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىسى بولغان «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى»، «كىتابلار جەۋھىرى»، «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، «قانۇنلار قامۇسى»، «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» قاتارلىق خەنزۇچە ۋەسىقە تويلاملىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، تۇمىدنىڭ تۈركلەرگە تەقلىد قىلىپ تەسىس قىلغان ئەمەل-مەنسەپلىرىدىن قاغان (پادىشاھ)، قاتۇن (خانىش)، تېكىن (شاھزادە)، شاد (ئالىي لەشكىرى قوماندان)، يابغۇ (قاغاننىڭ ئورۇنباسارى)، چۇر (قەبىلە ئاقساقىلى)، ئېلتەبىر (قەبىلە ئاقساقىلى)، تۇدۇن (باج-سېلىق ئىشلىرىنى نازارەت قىلغۇچى)، ئېركىن (قەبىلە ئاقساقىلى)، تارقان (قوشۇن سەردارى)، بەگ، بۇيرۇق (ئوردا مەھرەم بېشى) قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇلاردىن باشقا تۇمىد يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەل-مەنسەپ سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان ۋەزىر، تۇتۇق، سانغۇن (جياڭجۈن)، ئەمىرلەشكەر قاتارلىق ناملارنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن «قاغان» باشچىلىقىدىكى مۇكەممەل ۋە بىر يۈرۈش ئەمەل-مەنسەپ سىستېمىسى شەكىللەنگەن.

بىز يۇقىرىدا ئاساسىي نۇقتىنەزىرىمىزنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى 744-يىلى ئەمەس، 646-يىلى قۇرۇلغان دېگەننى شەرھلەشكە قاراتتۇق. ئەمما مىلادىيە 681-يىلى كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە شىمالىي دالانى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ چىنلىقنى يوشۇرۇپ قالالمايمىز. شۇنداق ئىكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىق قۇرۇش ۋە

www.kitaphumar.com

تۈرك دۆلتىنىڭ قايتا تىرىلىشى ئۈتتۈرىسىدىكى مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى قانداق بولغان؟ دېگەن سوئال بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلىدۇ . بۇ ھەقتە خەنزۇچە كلاسسىك ۋەسىقىلەردە يېتەرلىك مەلۇماتلار بار. ئەمما بىز مەزكۇر سوئالنى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىزاھلاپ بېرىش ئۈچۈن قەدىمكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىن بەزى ئۈزۈندى-نەقىللەرنى ئېلىشنى لايىق تاپتۇق.

ئالدى بىلەن «تەس مەڭگۈ تېشى» غا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى گۈزەل شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىنىدۇ: «.... ئۆتكەن زامانلاردا يارالغان ئۇيغۇر قاغانلىرى تەختتە ئولتۇردى، (ئۇلار) دانىشمەن ۋە ئۇلۇغ قاغانلار (ئىدى) .... ئۇلار تەختتە ئولتۇردى، ئۈچ يۈز يىلغىچە كۆپلەپ ئۆز ئەللىرىنى باشقۇردى ....... بەربات بولدى، ..... ئۆتكەن زامانلاردا تابغاچلارغا قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغان ئىدى. ئۇيغۇر قاغان ئون يىل تەختتە ئولتۇردى، (ئاندىن) يەنە يەتمىش يىل ئۆتتى. ... تەڭرىدىن يارالغان ئەل ئەتمىش ئۇيغۇر قاغانى تەختتە ئولتۇردى» [30]. يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەزمۇنلار «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دىمۇ ئۇچرايدۇ: «.... بۇ ئۈچ قاغان تەختتە ئولتۇردى، ئىككى يۈز يىل تەختتە ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ خەلقى غەزەپكە كېلىپ ھالاك بولدى .... مىنىڭ ئەجدادلىرىم تەختتە سەكسەن يىل ئولتۇرغان ...» [31]. يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە مەڭگۈ تاش تېكىستىدىن مەلۇم بولىدىكى، مەزكۇر مەڭگۈ تاشلار ئۇيۇلغان ۋاقىت (8- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى) قا قەدەر ئۇيغۇرلار ئۈچ قېتىم خانلىق قۇرغان: بىرىنچى قېتىملىق خانلىق ئۈچ يۈز يىل (ئىككى يۈز يىل) داۋاملاشقان، ئىككىنچى خانلىق سەكسەن يىل (ئون يىل، يەنە يەتمىش يىل) مەۋجۇت بولغان، يېڭى ئۇيغۇر خانلىقى بولسا كۆل بىلگە قاغان ۋە ئەلئەتمىش بىلگە قاغان (بايانچۇر ياكى مويۇنچۇر) لارغا باغلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان بىرىنچى خانلىق (ئۈچ يۈز يىل ياكى ئىككى يۈز يىل داۋاملاشقان) نىڭ كونكرېت ئەھۋالى توغرىسىدا مەنبەلەرنىڭ يوقلىقى سەۋەبىدىن، ھازىرچە بىر نەرسە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. ئەمما سەكسەن يىل داۋاملاشقان ئىككىنچى خانلىق مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

«تېرخىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئاپتورى بولغان بىلگە تارقان (بايانچۇرنىڭ ئوغلى) سەكسەن يىللىق ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرىنى «مىنىڭ ئەجدادلىرىم» دەيدۇ. شۇڭا سەكسەن يىللىق بۇ خانلىقنىڭ قايسى دەۋرلەردە مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئېنىقلاش مەزكۇر تېمىمىز ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» نىڭ بېشىدىلا مۇنداق دېيىلىدۇ : «... سۇ ... ئۇ يەردە قالغان خەلق ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ، ... ئورخۇن دەرياسى ... تۈرك قىپچاق ئەللىك يىل ئولتۇرغان ئىكەن» [32]. كەمتۈك ۋە بەكلا قىسقا ئاشۇ مەلۇماتنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بۇنىڭ ئەسلىدە بىر پۈتۈن جۈملە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. جۈملىنىڭ ئىگىسى «تۈرك قىپچاقلار»، ئۇلار «ئۇ يەردە قالغان»

ئۇيغۇرلارغا يۈز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان (مەڭگۈ تاشتا مەڭگۈ تاش تىكلەنگەن ئورخۇن ۋادىسىنى بىلدۈرىدىغان «بۇ يەر» دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىلمەستىن، يىراق ماكاننى بىلدۈرىدىغان «ئۇ يەر» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى بۇنىڭغا قۇشۇمچە دەلىل بولالايدۇ)، ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا سەكسەن يىل بولۇپ قالغان بۇ خانلىق (ئۇنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدا ئىكەنلىكى يۇقىرىقى نەقىلدىنمۇ مەلۇم) نى بەربات قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەللىك يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. ھۆكۈمرانلىقنىڭ 50 ـ يىلى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (بايانچۇر) نىڭ ئاتىسى كۆل بىلگە لەشكىريي ۋاستە ئارقىلىق يېڭى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. مۇشۇ بويىچە بولغاندا، بىزگە ئېنىق مەلۇم بولغان 744 ـ يىلى (يېڭى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ) دېگەن يىلنامىدىن ئۆتمۈشكە قاراپ تەتۈر ئىستىرېلكا بويىچە ماڭغان ئەللىك يىل ـ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەن ۋاقتى بولۇپ چىقىدۇ. يەنى ئۇنىڭ (ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشىنىڭ) باشلىنىش نۇقتىسى مىلادىيە 694 ـ يىللار بولىدۇ . چۈنكى بۇ يىلنامە كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

«كونا تاڭنامە» 194 ـ جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كىيي، ئۇلارنىڭ قالدۇق ئاھالىلىرى قۇرالسىزلاندۇرۇلۇپ، كېيىنكى ھەربىي ئىشلارنىڭ زاپاس ئېھتىياجى ئۈچۈن سەددىچىن بويلىرىدا نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ئىدى. 681 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاشۇ قالدۇق تۈركلەردىن قۇتلۇق ئېلتەرىش ئەجدادلىرىنىڭ سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نامىدا كۈچ توپلاپ، تاڭ سۇلالىسىغا قارشى چىقتى. بۇ قېتىمقى ۋەقە «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئاتام ئېلتەرىش خاقان. ..... ئون يەتتە ئەر بىلەن سىرتقا چىقىپتۇ، ئۇلارنىڭسىرتتا يۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەھەردىكىلەر تاققا چىقىپتۇ، تاغدىكىلەر تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ، بۇلار يىغىلىپ يەتمىش ئەر بوپتۇ .... تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلىپتۇ، خاقانلىرى بارلىرىنى خاقانىدىن مەھرۇم قىلىپتۇ، دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرۇپتۇ، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ. ئاتام خاقان ئاشۇنداق قىلىپ دۆلەت قۇرغان ۋە قانۇن-تۈزۈم ئورناتقاندىن كېيىن بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ» [33]. ئېلتەرىش خاقان ئەنە شۇ يوسۇندا شەرقىي تۈرك خانلىقىنى قايتا بەرپا قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇرلار ئېلتەرىش خاقانىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بارغانسېرى كۈچىيىپ بارغان كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. بۇ ھەقتە مەڭگۈ تاش تېكىستىدە مۇنداق دېيىلىدۇ : «ئاتام (ئېلتەرىش) خاقانىنى خاتىرىلەر ئۈچۈن ئالدى بىلەن باز خاقانىنى بالبال قىلىپ تىكلەپتۇ» [34]. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «باز خاقان» بولسا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يەنى

ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى قاغانى بولۇپ ، خەنزۇچە كلاسسىك مەنبەلەردە 比粟 دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئېلتەرىش قاغان قازا قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا سەكسەن يىل بولغان ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى باز خاقان ئېلتەرىش قاغانىنىڭ روھىغا ئاتاپ بوغۇزلانغان، شۇنىڭ بىلەن سەكسەن يىللىق بۇ خانلىقنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقان.

شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلىشى بىزگە ئاساسەن ئايدىڭلاشتى: مىلادىيە 694 - يىلى ئېلتەرىش قاغان قۇرغان شەرقي تۈرك خانلىقى ئۇيغۇر خانلىقىنى يىمىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ سەكسەن يىللىق تارىخىغا خاتىمە بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 744 - يىلىغىچە بولغان ئەللىك يىلدا، ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇپ كەلدى. 744 - يىلى كۆل بىلگە ئۇيغۇر خانلىقىنى يېڭى باشتىن قۇرۇپ چىققاندىن كىيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (بايانچۇر) نىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان مەڭگۇ تاشتا ئاشۇ سەكسەن يىللىق تارىخنى، يەنى سۈكۈن ئېركىندىن باز قاغانغىچە بولغان مەزگىلنى «مىنىڭ ئەجدادلىرىم قۇرغان ئىككىنچى خانلىق دەپ ئاتىدى». ئەمما يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا 646 - يىلى تۇمىدىنىڭ «ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ تۈركلەر ئېلىگە تەقلىد قىلىپ، ئەمەل-مەنسەپ تەسىس قىلىشى، خانلىقنىڭ رەسمىي قۇرۇلغان ۋاقتى ئىدى».

## ئىزاھلار:

[1][6] ف.ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» — «ماركس ـئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، خەلق نەشرىياتى 1972 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 166ـ167 - بەتلەر ۋە 146 - بەت.

[2] لا.مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت » 1 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - قىسىم 9 - بەت.

[3] «تاغ ـ ئېزىملار قۇرئى»، گۇيجۇ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىلى نەشرى، 319 - بەت.

[4] يۇقىرىقى ئەسەر 253ـ، 256 - بەتلەر.

[5] دۇەن لىيەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تۇرالار» 1 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ «ۋاڭ گوۋېي ئەسەرلىرى» 2 - قىسىم، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر كىتابخانىسى 1983 - يىل نەشرىياتى.

[7] سىماچيەن: «تارىخي خاتىرىلەر؛ 110 - جىلد «ھونلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 407 - بەت.

www.kitaphumar.com

[8] بەنگۇ: «خەننامە» 94 ـ جىلد «ھونلار تەزكىرىسى»، 740 ـ 741 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
[9] بۇ قوۋملارنىڭ ئېتنىك ناملىرى ۋە ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋەت ئەھۋالى «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالەم («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 1 ـ سان) دە تەپسىلىي بايان قىلىنغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۇ يەردە قايتا تەكرارلانمىدى.
[10] دۇەن لىيەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تۇرالار» دېگەن كىتابىنىڭ «قاڭقىللار» دېگەن قىسمىغا قاراڭ. ئۇيغۇرچە نەشرى.
[11] «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 6111 ـ بەت.
[12] «سۇينامە» 84 ـ جىلد «شىمالىي دىلار»، 1880 ـ بەت.
[13] «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 1596 ـ بەت.
[14] «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 6113 ـ بەت.
[15] «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 1595 ـ بەت.
[16] «قانۇنلار قامۇسى» 200 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1084 ـ بەت؛ «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 6111 ـ بەت؛ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» 98 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار»، 1743 ـ بەت؛ «تەيپىڭ يىللىرىدىكى ئالەم خاتىرىلىرى» 199 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار»؛ «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» 347 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار»، شاڭۋۇ نەشرىياتى 2718 ـ بەت.
[17] ئاندۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 114 ـ بەت.
[18] ئا.جۇۋەينى: «تارىخي جاھانگۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل نەشرىياتى 1980 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ كىتاب، 62 ـ، 64 ـ بەتلەر.
[19] خۇاڭ ۋېنبىي: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدە تەتقىقات» ـ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1964 ـ يىللىق 2 ـ سان.
[20] «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 1595 ـ بەت.
[21][22] «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» 6113 ـ بەت.
[23] تۇمىد بىلەن بوسادىنىڭ مۇناسىۋىتى قايسى خىلدىكى مۇناسىۋەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر .
[24] «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 5196 ـ بەت.

www.kitaphumar.com

[25] «كونا تاﯕنامه» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 1635 ـ بەت.
[26] «كونا تاﯕنامه» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 1596 ـ بەت.
[27] «كونا تاﯕنامه» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 6113 ـ بەت.
[28] «ئەلنى باشقۇرۇش ئۆرنەكلىرى» 198 ـ جىلد، 6244 ـ بەت.
[29] «كىتابلار جەۋھىرى. تاشقى ۋەزىرلەر»، 11318 ـ، 11372 ـ بەتلەر.
[30] س.گ. كلىياشتورىنىي: «تەس مەڭگۈ تېشى» ـ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى ئىلمىي ژۇرنىلى » 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.
[31] س.گ. كلىياشتورىنىي: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» ـ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان.
[32] ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 14 ـ بەت.
[33] ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 82 ـ، 84 ـ بەتلەر.
[34] ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، 83 ـ بەت.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 2001 ـ يىللىق 2 ـ ساندىن ئېلىندى.

www.kitaphumar.com

# مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئېچىنىشلىق پاجىئە ـ كىتاب كۆيدۈرۈش

(تارىخىمىزدىكى بىر قانچە قېتىملىق كىتاب كۆيدۈرۈش پاجىئەسىگە قىسقىچە ئىزاھات)

**ئىمىن تاجى تۇرگۇن، تۇتىگۈل تۇرسۇن**

مەدەنىيەت ـ بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەپەككۇرىغىچە بولغان ساھەلەردە سىستېما ھاسىل قىلغان مەنىۋىي جەرياندۇر. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەرەققىياتى داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن پىسخىك جۇغلانما ۋە ئەتراپتىكى قوشنا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى مۇقەررەر بىر جەرياندۇر.

ئۇيغۇرلار دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېگىشلىك مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى ئاتا قىلغان مەدەنىي مىللەتنىڭ بىرى. بۇنداق بولۇشىدا ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخى جەريانىدا ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاش، راۋاجلاندۇرۇشنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە يىپەك يولى ۋادىسىغا جايلاشقانلىقتەك ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ شەرق-غەرب مەدەنىيىتىدىن ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىدىغان، تولۇقلايدىغان ئامىللارنى ھەر ۋاقىت قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىنچىكە ۋارىسلىق قىلىشنى تاشلاپ قويمىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. فىلىپ ھېتتى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقتىكى مەدەنىيەتكە ھىرىسمەن ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىرلىقىدەك مىللىي پىسخىكىسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بۇ تۆت تېمىنىڭ ھەممە يېرىگە دېرىزە ئېچىلغان ئۆيگە، گۈللەرنىڭ رەڭگى، پۇرىقى بىلەن ھىسابلاشماي شىرنە يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ.»①

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ دۇنياۋىيلىققا ۋە مىللىيلىققا ئىگە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتقان. كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئالاھىدە بىر قاتلامدۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئەچىلىك تارىخىغا قەدەم قويۇپ، ھەر خىل كىتابلارنى بېسىپ چىقارغان. فرانسىيىلىك ئالىم پائول پىللىئوت دۇنخۇاڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى يېزىش ئۈچۈن تەييارلانغان مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ كۆپلىگەن نۇسخىلىرىنى ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كېتىپ گۇيمېت موزېيىغا ساقلاشقا بەرگەن، بۇ مىخ مەتبەئە نۇسخىلىرى دۇنيادا نىسبەتەن بالدۇر

قوللىنىلغان ۋە كىتاب تىزىشقا ئىشلىتىلگەن مەتبەئە بويۇملىرى سۈپىتىدە ئەتىۋارلانماقتا. تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن ياسىن ھوشۇر فرانسىيىگە بارغاندا ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش شەرىپىگە ئىگە بولغان ۋە بۇ ھەقتە ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان. مىلادى 869-يىلى مىخ مەتبەئەدە يېزىلغان «ئالتۇن يارۇق» ناملىق ئەسەر بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبەتەن بۇرۇنراق يېزىق ئىشلىتىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇتەخەسسىلىرىمىزدىن تۇرسۇن ئايۇپ، ئابدۇقېيۇم خوجا ۋە ئىسرائىل يۈسۈپلەر ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىنىڭ 2000 يىلدىن ئاشىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان② بۇنىڭدىن باشقا تارىخشۇناس قۇربان ۋەلى « تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار مىلادى 5-ئەسىردە سوغدى ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ، تۈرك-ئۇيغۇر تىلىنى يازىدىغان يېزىق ئىجاد قىلغان»③دەپ يازىدۇ . ئۇيغۇرلار نىسبەتەن بۇرۇنراق يېزىق ئىشلىتىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ھەر خىل كىتابلارنى بېسىپ چىققان. ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە مەدەنىيىتى يالداملىرى نىسبەتەن كۆپرەك جايلاشقان جاي- تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭ بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەتبەئەچىلىك ئىنتايىن تەرەققى قىلغان بولۇپ، بۇ دەۋردە ھەر خىل كىتابلار بېسىلىپ چىققان. بۇ ھەقتە تۈركىيە ئالىمى يىلماز ئۆزتۇنا مۇنداق يازىدۇ: « شۇ ۋاقىتتا ئىدىقۇتتا بېسىلغان كىتابلارنىڭ سەۋىيىسى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى .»④

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئۇستازى دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە يەنە تارىخىمىزدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلاردىن ئاپاق خوجا، ياقۇپ بەگ، شىڭ شىسەي قاتارلىقلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭ- سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈپ، ھاكىمىيىتىگە زىيان سالىدىغان خەۋپلىك كۈچلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى، تارىخىمىزدىكى كۆپ قېتىملىق دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىش ۋە مۇشۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن دىنىي ئىنكارچىلىقمۇ مەدەنىيەت تارىخىمىزغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان كەلتۈردىغان ئېچىنىشلىق پاجىئە ـ كىتاب كۆيدۈرۈشكە ئوت پىلتىسى بولۇپ بەرگەن. شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن خەۋەر بىرەلەيدىغان ئەڭ موھىم كىتابلىرىمىز ئاشۇنداق ئەشەددىي كاززاپلارنىڭ قولىدا ۋەيران بولغان.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى مول بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بۇ يېزىقلاردا قالدۇرۇلغان يادىكارلىقلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ساقلانماقتا. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا قەدىمكى تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى دېگەندەك بىر قاتار يېزىقلارنى ئىشلەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلىپ قالدۇرۇلغان يازمىلار نىسبەتەن

www.kitaphumar.com

كۆپ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇشى بىلەن بىرگە يەنە مۇڭغۇل يېزىقى، مانجۇ يېزىقى. شىبە يېزىقلىرىنىڭ شەكىللىنىشلىرىگە زور ئاساس سالغان. چاغاتاي يېزىقمۇ 600 يىل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق مىللەتلىرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى ۋە يېزىقى بولۇپ قوللىنىش داۋامىدا ئىلىم پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە ئائىت كىتابلار يېزىپ قالدۇرۇلغان. تارىخى مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ئەمىر قۇتەيبە ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەمەرقەندكە بېسىپ كىرگەندە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. ئۇنىڭ شىتات باشلىقى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن باش قوماندان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان. ⑤

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى- ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى موھىم دەۋرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ دەۋردە يارىتىلغان مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى كۆپلۈكى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. 840- يىلى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى خانلىق ئىچىدىكى ئىچكى نىزا، تەبىئىي ئاپەت ۋە 100 مىڭ كىشىلىك قىرغىز قوشۇنىنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربكە قاراپ كۆچۈپ يەتتە سۇ ۋادىسى، پامىرنىڭ غەربى، گەنسۇ، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قەشقەر ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كىلىپ بۇ يەرلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خانلىقنى قۇرۇپ چىققان. ئۆگە تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا كىلىپ، قاغانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەردە پاناھلانغان ۋە 841- يىلى ئۆگە تېكىن قاغان دەپ ئېلان قىلىنغان.

ئۆگە تېكىن، ۋەزىر چىشىن، ناسىرچۇر، ئورمۇزد ۋە بوگۇ تېكىن تەرەپدارلىرى 840- يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەن. خەلق كۆچۈشتىن ئىبارەت مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيت، ئاچارچىلىق ۋە باشقا پاتپاراقچىلىقتا تۇرغاندا، بۇلار قىيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ ئورنىغا ئۆز-ئارا دۈشمەنلەشكەن. چىشىن، ناسىرچۇر ۋە بوگۇ تېكىنلەر قاغانغا ئىتائەت قىلماي، خەلقنى ئۆگە قاغاننى ئىتىراپ قىلماسلىققا قۇتراتقان. ⑥بۇنى سەزگەن ئۆگە قاغان ئۇلارنى قاتتىق جازالىغان. ناسىرچۇر ئۆز ئالدىغا ھەركەت قىلىپ چىشىنىڭ 7000 چېدىرلىق ئاھالىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ۋە مال-چارۋىلىرى ئاز قالغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا تېخىمۇ يېقىنلاشقان. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانى جاڭ چۇنجى ئەسكەر چىقىرىپ ناسىرچۇرغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ ۋاقىتتا خۇاڭخى ۋادىسىنىڭ ھىراۋۇلى لىيۇ مىيەن ۋە يوجۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەربى مەمۇرىي ئەمەلدارى جاڭ چۇنۇۋ

پادىشاھىنىڭ سەددىچىنىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقى تەرەپلىرىدە كۆچۈپ يۈرگەن ئۇيغۇرلارنى تىنچلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان.

ئۆگە قاغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدىگەن . مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۆز خەلقىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلاتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۆگەنى ئىغىزىدا ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم بەرمىگەن .⑦ مانا مۇشۇنداق پەيتتە ، ئۆگە قاغانىنىڭ ئەسكەرلىرى يوجۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ لىيۇمىيەنىنىڭ ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلغان. بۇ چاغدا ئۆگە قاغان يەنە ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ يۇرتى ئۇرخۇن ۋادىسىغا كېتىۋېلىش ئۈچۈن ياردەم بېرىشنى ھەمدە تىيەندى شەھىرىدە ۋاقىتلىق تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان. بۇ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان⑧بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاچارچىلىق، ئۆيسىز-ماكانسىزلىق ۋە 843-844 يىللىرىدىكى قاتتىق سوغۇق قاتارلىقلار سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە بويسۇنۇشقا باشلىغان⑨

جىنۇۋ قەلئەسىدە ئورمۇزد تېكىن ئۆزىگە قاراشلىق ئۈچ قەبىلە ۋە 2000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن تاڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن⑩ ئورمۇزد تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن « ئوڭ قانات قوروقچى سانغۇن »ۋە «ئىككىنجى دەرىجىلىك ۋاڭ»دېگەن مەنسەپ- ئۇنۋانلارنى ئېلىپ ، گويىيىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرىسىدا ئۆگە قاغانغا قارشى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغان.

ئۆگە قاغان 847- يىلى جىڭۇۋ قەلئەسى يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ئامان قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن شاخۇشەن تاغلىرىغا قاراپ چېكىنگەن ۋە شىرۋىيلارنىڭ (室韦) لارنىڭ ئىچىدە تۇرغان، كېيىن سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى ئىنەننى قاغان دەپ ئېلان قىلغان. ئىنەن ئۆزىنىڭ بەش مىڭدەك ئادىمى بىلەن شى (奚) قەبىلىسىدىن ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تاڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ قىلغان. ئىنەن بەش يۈزچە ئادىمى بىلەن شىرۋىيلارنىڭ يېنىغا بېرىۋالغان. تاڭ سۇلالىسى سەركەردىسى جاڭ جۇنۇۋ شىرۋىيلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئىنەن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنەن غەربكە قاراپ قاچقان، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قىرغىزلار شىرۋىيلارنىڭ قولىدىن بۇ ئۇيغۇرلار تارتىۋېلىپ گوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىغا ئەۋەتىۋەتكەن⑪ قالغان ئۇيغۇرلار بالا-چاقىلىرى بىلەن تاغ ۋە ئورمان ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ تەدرىجىي ھالدا پان تېكىن تەرەپكە قاراپ

www.kitaphumar.com

يىقىنلاشقان ، پان تېكىن بۇ چاغدا (848-849 -يىللار) گەنجۇدا ياشاۋاتقان ۋە ئۆزىنى يېڭى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانى دەپ ئېلان قىلغان ۋاقىتلار ئىدى⑫

ئىنەن قاغانىنىڭ تەرەپدارلىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، ئورمۇزدىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئەسكەرلەرنى چىگرا ياقىلىرىدىكى بىر قىسىم ئۆلكىلەرگە بۆلۈپ جايلاشتۇرغان، يەنى تاڭ ھاكىمىيتى خەنزۇدىن بولمىغان ئەسكەرلەرنىڭ بىر يەردە تۇرۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى پارچىلىۋەتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەر بۇنىڭغا قارشى چىقىپ، خۇتۇخې دەرياسى ۋادىسىنى بىسىۋالغان، تاڭ ئەسكەرلىرى بۇنى قاتتىق باستۇرۇپ، لىيۇمىيەنىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 3000 ئەسكەرنى تىرىك كۆمگەن، ھۆكۈمەت تەرەپ ئادەملىرى مانى دىنىي كىتابلىرىنى ۋە ھەر خىل دىنىي سۈرەتلەرنى يىغىپ كۆيدۈرگەن ⑬

نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئىككى قېتىم كىتاب كۆيدۈرۈپ كۈتۈپخانىلارنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتقان مۇستەبىتلەرنىڭ بىرى . ھەممىيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك ، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەڭ يۈكسەلگەن دەۋرلەرنىڭ بىرى. بۇ دەۋردە خانلىق دائىرىسىدە ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققى قىلغان. مەشھۇر ئەسەرلەر يېزىلىپ، داڭلىق مەدرىسلەر ۋە كۈتۈپخانىلار قۇرۇلغان. نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ساجىيە مەدرىسى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوردا كۈتۈپخانىسى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كىتابلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا ۋە ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. كېيىن چاغاتايخانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋالىيسى مەسئۇد بەگ 1260 -يىلى بۇ مەدرىسىنىڭ خارابىسى ئورنىغا « مەسئۇدىيە مەدرىسى » ۋە « سائادەت كۈتۈپخانىسى»نى سالدۇرغان.

كۈچلۈكنىڭ يەنە بىر قېتىملىق كىتاب كۆيدۈرۈشى خوتەندە يۈز بەرگەن. كۈچلۈك خوتەن، يەكەن ۋە قەشقەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپ، نىستۇرىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىسلام دىنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ ئەلالىدىن مۇھەممەد خوتەنى باشچىلىقىدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن دىنىي بەس-مۇنازىرىگە چۈشكەن، بۇ مۇنازىرىدە ئۇتتۇرۇپ قويغان كۈچلۈك ئاچچىقىغا پايلىماي 3000 نەپەر ئىسلام دىنى مۇرتىنى ۋەھشىيلەرچە قەتلە قىلغان. ئەلالىدىن مۇھەممەد خوتەنى ھەزرەتلىرىنى مەسجىت دەرۋازىسىغا چاھار مىخ (ئىككى پۇت ۋە قولىدىن مىخلاپ قويۇش) قېقىپ ئازابلىغان. ئەللامە ئاستا-ئاستا قانسىراپ شېھىت بولغان ۋە ئاخىرقى تىنىقىغىچە ئېتىقادىدىن يانمىغان. زالىم جاللات كۈچلۈك بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ئەللامىنىڭ ئېسىل كۈتۈپخانىسى ۋە بارلىق

www.kitaphumar.com

مەسجىدلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. شۇ قېتىملىق كۆيدۈرۈلگەن كىتابلار ئىچىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك » ۋە « قۇتادغۇ بىلىگ»نىڭ قولىيازمىلىرىمۇ بار ئىكەن دەپ قەيت قىلىنىدۇ.»⑭

نايمان شاھزادىسى كۈچلۈكتىن كېيىن تارىخىمىزدا كىتاب كۆيدۈرگەن مۇستەبىت ئاپاق خوجىدۇر. ئاپاق خوجا ـ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئەڭ ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەن ئەشەددىي سىياسى مەلئۇن ۋە مەدەنىيەت قاراقچىسى . ئۇ بىر پۈتۈن سەئىدىيە خانلىقىنى جۇڭغارلارنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىشىغا پۈرسەت يارىتىپ بېرىش بىلەنلا قالماي ، يەنە ئۇيغۇر دىيارىدا 15 يىلغا يەتمىگەن ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە 150 مىڭ دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسىنى قىرىپ تاشلاپ ۋە كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە چېكىندۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شىنجاڭ دىيارىدا ساقلانغان كىتابلارنىڭ (قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا) ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. بەزى تارىخى ماتېرىيال ۋە چوڭلارنىڭ ئاغزاكى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، ئاپاق خوجا كۆيدۈرۈش ئۈچۈن يىغقان كىتابلارنى تۈمەن دەرياسىغا تاشلىغاندا كىتابلارنىڭ كۆپلۈكىدىن تۈمەن دەرياسىنىڭ سۈيى توسۇلۇپ ئىككى تەرەپتىكى ئېتىزلىقلارنى بويلاپ ئاققان . بۇنىڭدىن قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا كۆيدۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا ، ئۇ يەنە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

شېڭ شىسەي ـ ئاپاق خوجىدىن كېيىن مەدەنىيەت تارىخىمىزغا ئەڭ ئېغىر زىيانلارنى سالغان سىياسى سېھىرگەر ۋە ئىككى قولى خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان ئەشەددىي جاللات. ئۇ 1929 ـيىلى شىنجاڭغا كەلگەن، 1933 ـيىلى «12 ـئاپرېل سىياسى ئۆزگىرىشى» دە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ شىنجاڭنىڭ دۇبەنى بولغان.

1931 ـ يىلى قۇمۇل ۋە تۇرپاندا دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن. شۇ ۋاقىتتىكى ئىقتىدارسىز ئەمەلدار جىن شۇرېن بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن شېڭ شىسەينى ئەۋەتكەن. بۇ شېڭ شىسەي ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا قۇمۇل ۋاڭلىقى ئوردا كۇتۇپخانىسى ۋە لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىدىكى بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

### 1 . لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىدىكى كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى:

لۈكچۈن خانلىق مەدرىسى ئۆز دەۋرىدە خېلى مۇكەممەل ئوقۇتۇش تۈزۈمى ۋە تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان مەدرىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ شەرقى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان. ئىمىن خوجا 1763 ـ يىلى بۇ مەدرىسىنى ۋە « ئېگىز ئوردا»نى ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت

www.kitaphumar.com

قىلدۇرغان . خانلىق مەدرىسە كېيىن كىشلەرنىڭ ياردەم بىرىشى نەتىجىسىدە گۈللەپ ـ ياشنىغان. بۇ مەدرىستە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى ئەھمەد خوجامنىياز قۇسۇرى باش مۇدەررىسلىك قىلغان. مەشھۇر مەرپەتپەرۋەر ھۆكۈمران زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ، مۇھەممەد سەئىد خوجا، ئەفرىدۇن خوجا، داڭلىق شائىر مۇھەممەتنىياز، قىزىقچى، ئۇيغۇر تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى موللا زەيدىن، ئىنقىلابچى، جامائەت ئەرbabى ،شائىر نەمەت خەلپەت قاتارلىقلار ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان. ئىمىن خوجا مەرپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا ئىلىم-مەرپەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئەفرىدۇن خوجا دەۋرىگە كەلگەندە بۇ مەدرىس راسا گۈللىنىپ ئوردىدا مەخسۇس كۇتۇپخانىلار قۇرۇلغان. شۇ چاغدا ئوردا كۇتۇپخانىسىدا كىتابلارنىڭ سانى نەچچە مىڭ پارچىغا يەتكەن .⑮ بۇ كىتابلارمۇ جاللات شىڭ شىسەي تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

## 2 . تاشاخۇنۇم ئەزىزنىڭ كىتابلىرىنىڭ كۆيدۈرۈپ تاشلىنىشى:

تاشاخۇنۇم ـ شائىر، يازغۇچى ۋە دۆلەت ئەرbabى سەيپىدىن ئەزىزنىڭ دادىسى بولۇپ،ئۆز زامانىسىنىڭ دىنىي ئالىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئاسترونومىيە تەتقىقاتچىسى ئىدى. ئۇ باشتىن- ئاخىرى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ، دىنىي بىلىمدە خېلى كامالەتكە يەتكەن. ئۇ ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىل- يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى، كونا تۈرك يېزىقى ۋە تاتار تىل- يېزىقىنى بىلەتتى.

ئۇنىڭ ئاسترونومىيە تەتقىقاتى ئاتا- بوۋىلىرىدىن قالغان كونا كىتابخانىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، كىتابخانا ئۆيىنىڭ 36 تەكچىسىگە لىق كىتاب تىزىلغان. ئۇنىڭ كۆپ ساندىكىسى دىنىي كىتاب بولغاندىن سىرت، يەنە دۇنيانىڭ ئەڭ يېڭى ئىلىم-پەن تېخنىكىسىغا ئائىت پەننىي كىتاب ۋە كىتاب- ژۇرناللارمۇ بارئىكەن. كېيىن تاشاخۇنۇم قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆيىدە بىر زامانىۋى كىتابخانا سالدۇرغان. ئۇمۇ ئاتۇشتىكىگە ئوخشاش بولۇپ، كىتابخانا ئۆيىنىڭ تۆت تېمىغا توققۇزدىن 36 تەكچە يۆتكەن. بۇ كىتابخانىغىمۇ ھەر خىل كىتابلار، ئوخشاش بىلىم ئۇستىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار ۋە ھەر خىل تەتقىقاتلار بايان قىلىنغان مەجمۇئەلەر بىلەن تولغان.

تاشاخۇنۇم 1927- يىلى قەشقەردىن غۇلجىغا كۆچۈپ كېتىش ئالدىدا ئاتۇش ۋاق- ۋاق ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى كۇتۇپخانا، رەسەتخانا تەتقىقاتى ئىشخانىسىنى تام ئىشكابى ئورنىتىپ ئېتىۋەتكەن. 1934- يىلى شېڭ شىسەينىڭ تەكشۈرۈپ، مۇسادىر قىلىشى بىلەن بۇ كىتابلار ئاشكارلىنىپ ، قەشقەر ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغان .⑯ تارىخي

ماتېرىياللاردا 36 تەكچە كىتابنىڭ (بىزنىڭ كونا ئۆينىڭ تەكچىلىرىنىڭ چوڭ ـكىچىكلىكىگە قاراپ بۇ كىتابلارنىڭ سانىنى 3ـ4 مىڭدىن كەم ئەمەس دەپ پەرەز قىلدىم) كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن بايقىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكى ياكى بىرەر تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بېرىلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز ، بۇلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ تۈگىتىلگەنلىكى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن.

## 3. قۇمۇل ۋاڭلىقى ئوردىسىدىكى كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى:

قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ ، 1697ـ يىلى ئەبەيدۇللادىن باشلاپ 1931ـ يىلىغىچە بولغان جەريانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخى ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، بۇ 300 نەچچە يىللىق تارىخي جەرياندا قۇمۇل ۋاڭلىقى ئوردا كۇتۇپخانىسىدا نەچچە مىڭ پارچە ھەر خىل يېزىقتىكى قولىيازما كىتاب ۋە باشقا ئەسەرلەر ساقلانغان. 1933ـ يىلى شېڭ شىسەي قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى بارلىق كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

بۇ دەۋردە شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈشى توغرۇلۇق تارىخچى شېرىپ خۇشتار « ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازغان : «بۇ ۋاقىتتا (شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىنى دېمەكچى) ئۇيغۇرلارنىڭ كۇتۇپخانىچىلىقىدىمۇ زور تەرەققىياتلار بولغان . مەسىلەن ، غۇلجا شەھرىدە ئابدۇرۇسۇل مۇتائالى خەلپىتىمىنىڭلا 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتابى، بەيتۇللا مەسچىتى، نۇرئاخۇن ئاقساقال مەسچىدى، تاختىن مەھەللىسى مەسچىدى ، سۇ دەرۋازا مەسچىدلىرىنىڭ ھەر بىرىدە ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 5ـ 6 مىڭدىن ئارتۇق دىنى كىتاب بولغان . شۇنداقلا مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر مۇساباييوفلار توققۇز مەسچىد، تۆت خۇسۇسىي مەكتەپكە كىتاب ئېلىپ بەرگەن ۋە كۇتۇپخانا ئېچىپ بەرگەن . كېيىن بۇ كىتابلار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ، بۇ كىتابلار سان جەھەتتە ناھايىتى زور بولسىمۇ كۆپ ساندىكى كىتابلار ئەرەب، پارس تىللىرىدا بولغانلىقى ئۈچۈن كىتابخانلار بەھرىمان بولالمىغان بولسىمۇ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى دائىرىسىدە ئۇيغۇر كۇتۇپخانىچىلىقى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. غۇلجا شەھەرلىك كۇتۇپخانىنىڭ 1934ـيىلى 11 ـ10،ـئايلاردىكى كىتاب سانى (خەلق ئىئانە قىلغان) 6 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ % 60 ى ھەدىيە قىلىنغان پەننى كىتاب،% 40 ى دىنىي كىتابلار ئىكەن، دىنىي كىتابلارنىڭ 15% ى ئەرەب، پارس تىللىرىدا، % 25 ى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان كىتابلار ئىكەن. 1937ـيىلىدىكى چوڭ تۇتقۇندىن كېيىن مۇسادىر قىلىنغان كىتابلاردىن 20

www.kitaphumar.com

مىگدەك كىتابنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەشۇىقات بۆلۈمى ئېلىپ كېتىپ بۇنىڭ 4000 نى كۇتۇپخانىغا بىرىپ قالغىننى كۆيدۈرۋەتكەن. 1942-يىلى 9- ئايدا جياڭ جيېشىنىڭ ئايالى سۇڭ مىيلىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن كۇتۇپخانىدىكى ئىلغار كىتابلار بىر- بىرلەپ يوقلىشقا باشلىغان. 1943- يىلى 1- ئايدىن باشلاپ گومىنداڭ پىرقە بايرىقى ئېلىدا قادىلىش بىلەن كۇتۇپخانىدىكى كىتابلار ئاشكارا ھالدا كۆيدۈرۈلگەن.»⑰

بۇ يەردە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا ئۆتۈشتەك ئۆتكۈنچى دەۋردە ياشىغان ئالىم تەجەللىنىڭ كىتابلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلىشىمۇ مەدەنىيەت تارىخىمىزغا يەنە بىر قىممىتلىق ئەجەللىك پاجىئە ئېلىپ كەلگەن.

مەشھۇر ئالىم ، ئاتاقلىق شائىر، كۆزگە كۆرۈنگەن تېۋىپ ، مائارىپچى ۋە خىمىيە ئالىمى سەئىد ئەۋلادى ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى 1856- يىلى قاغىلىقتا دىنىي ئالىم، ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىن شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئاتا- ئانىسى ئۇنى مەككىگە ئېلىپ بارغان ۋە باشلانغۇچ مەلۇماتنى مەككىدە ئالغان. كېيىن ئۇنى ھىندىستانغا ئېلىپ بىرىپ ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن دېھلى شەھرىدىكى دېھلى دارىلئۇلۇم مەدرىسىدە، ئاندىن ئىرانىڭ ئىسپاھان دارىلفۇنى ۋە ئافانىستاننىڭ كابول دارىلفۇنىدا ئوقۇغان . ئۇ بۇ جەرياندا خىمىيە، تىبابەت، ئىلمىي نۇجۇم، تارىخ، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگۈنۈش بىلەنلا قالماي يەنە ئەرەب، پارس، ئوردۇ ۋە ھىندى تىللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەنمۇ ناھايىتى پىششىق تونۇشقان ۋە ئاشۇ دەۋردىكى پىشىۋالارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدىمۇ مەلۇم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، بۇ نەتىجىلىرى بىلەن مەۋلۇۋىلىكتە (شۇ ۋاقىتتا ھىندىستان ئىلىم ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇنۋان) ئېرىشكەندىن كېيىن زاماندىشلىرى ئۇنىڭغا تەجەللى-مۇجەللى دېگەن تەخەللۇسنى ھەدىيە قىلغان. ئۇ چەتئەللەردىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ كەلگەندىن كېيىن يەكەندىكى يېشىل مەدرىسىگە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان تالىپلار ئۇنىڭغا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان. شائىرنىڭ شۇ چاغدا يازغان بەزى شېئىرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئۆلىمالار، زىيالىيلار ئارىسىدا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلغان ۋە تارقالغان. ئۇ شۇ ۋاقىتلاردىلا ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆزۈن يىللىق خىمىيە تەتقىقاتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا يۈرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرىنى ۋە بۆگۈنكى كۈندىمۇ داۋاسى تېپىلمايۋاتقان راك (سەرتان) كېسەللىنى يىلان گۆشى (زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپىقىيەتلىك ساقايتالىغان. ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك جەھەتتە قالدۇرغان مىراسلىرىدىن بىرى «تەجەللى رىتسىپلىرى» ناملىق تىبابەتچىلىك

ئەسىردۇر، ئۇ بۇ ئەسەردە 7000 خىل دورىنىڭ نامىنى بىلگەن ۋە 500 نەچچە خىل دورىنى ياساپ چىققان.

مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن ئۇ يەكەندىكى مۇدەررىسلىكىنى تاشلاپ قاغىلىققا كېلىپ قاغىلىق مەدرىسىدە مۇدەررىس بولغان ۋە بۇ جەرياندا 12 ـ ئەسىردە ياشىغان خۇراسانلىق مەشھۇر ئالىم ئەللامە زەمەخشەرىنىڭ «تەپسىرى كەششاپ» ناملىق كىتابىنى يېڭىلاپ يېزىپ ، «تەجدىدى كەششاپ» نامى بىلەن ئىشلەپ چىققان.

ئالىم يەنە دىنىنىڭ زامان تەرەققىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە بەزى ئىلغار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى چۈشەندۇرمەيدىغان،ئۇنى زامان تەرەققىياتى بىلەن قارمۇ-قارشى قويۇپ، ھەممە نەرسىگە مۇتەئەسسىپلىك بىلەن قارايدىغان بىر قىسىم نادان، جاھىل كۈچلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغىنى ئۈچۈن ئۇلار تەجەللىگە نىسبەتەن دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ ئوچۇق ۋە ئاشكارا ھالدا ھەر قايسى يەرلەرگە ئۆز ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئەسەر، كىتابلىرىنى يىغىپ يەكەندە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن» ⑱، مۇشۇ دەۋرلەردىلا چەتئەللەردە ئوقۇپ بىلىم ئالغان ۋە خىلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان ئادەمنىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەققەتەن كۆپ بولۇشى ھەممەيلەنگە ئايان بىر پاكىتتۇر.

20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ 30 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق يىللارنىڭ بىرى بولۇپ، سىياسى سەھنىگە ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن قاتارلىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «خەلق قانچە نادان بولسا، ئۇلارنى باشقۇرۇش شۇنچە ئوڭاي» دەيدىغان ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ شىنجاڭدا بىرەر گېزىتخانا، نەشرىيات ئورگىنى ياكى مەكتەپ سالدۇرمىغان. (ئۆزىگە يارامىلىق ئەسكەرلەر ۋە ئەمەلدارلارنى تەربىيلەيدىغان روسچە سىياسى-قانۇن تېخنىكومىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن بىرەر مەكتەپمۇ ئېچىپ بەرمىگەن، مەكتەپ ئاچقانلارنى بولسا ھەر خىل يوللار ئارقىلىق يوقاتقان) . بۇ دەۋردىمۇ كىتاب كۆيدۈرۈش داۋاملىق بولۇپ تۇرغان. بۇ ھەقتە تارىخشۇناس موللا نىياز 1921 ـ يىلى يېزىپ قالدۇرغان « كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىراتلار» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: بۇنىڭدىن يەتتە يىل مۇقەددەم مەن خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىدە ئىستىقامەت قىلىپ كىتاب سېتىش ، خەتتاتلىق قىلىش بىلەن روزىغارىمنى تەۋرەتتىم. كۆپرەك مەشھۇر تۈرك ئەدىبلىرىنىڭ داڭلىق داستانلىرى، ھېكايە-قىسسەلىرىنى تېپىپ ئۇلارنى كۆچۈرۈپ خىردارلارغا ساتاتتىم، ئەرەب، پارس تىلىدىكى داڭلىق داستانلارنى تېپىپ كۆچۈرۈپ ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقاتتىم. بۇنىڭدىن سىرت مېنىڭ كىتاب دۇكىنىمدا خوجا ھاپىز، ئۆمەر ھەييام، ئابدۇقادىر بېدىل، شەيخ سەئدى ئەسەرلىرى بىلەن بىللە يەنە «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دېمنە»، «مىڭ بىر كېچە»گە ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ

www.kitaphumar.com

ھەممىسنى ئۆز ئارىمىزدىن چىققان مۇتەئەسسىپ، مۇناپىق ۋە بەتخەجلەر مانجۇ، شىۋىت، ئىنگلىز ۋە باشقا قارا نىيەتلەرنىڭ يولىۇرۇقدا قۇتىرىغان خوجا ـ ئىشانلار كىتابلارنى يىغىۋېلىپ ئوتتا كۆيدۈردى. بۇ ھال خوتەندىلا يۈز بېرىپ قالماي يەكەن، قەشقەر ۋە كۇچالاردىمۇ يۈز بەرگەن .⑲

بۇلاردىن باشقا ، دىيارىمىزغا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇماتلار ساقلانغان. 1914 ـ يىلى تۇرپانغا كەلگەن لېكوك بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «مېنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرغىنى، بۇلار (يەرلىك خەلقنى دېمەكچى) قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دېگەننىڭ قىممىتىنى، بىر ئېلىپ كېتىپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە تەئەللۇق قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى » دېدى . لېكوك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ : «شۇ ۋەجىدىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار تويىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بىر ئىش مېنى ئەڭ ئېچىندۇردى. بىر دېھقان بىزگە بىرىنچى قېتىملىق يىراققا يۈرۈش قىلغان ئەترەت بۇ يەرگە كەلگەندە تۇزلەپ زىرائەت تېرىش ئۈچۈن بىر بۇتخانىنى بۇزغاندا ئۇيلىمىغان يەردىن تويتوغرا بەش ھارۋا كەلگۈدەك مانىي دىنىغا ئائىت قولىيازمىلارنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇلار بىر ئاررزۇ قىلىۋاتقان تەتقىقات ئوبيېكتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىستۇرما بېتى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىستۇرما رەسىملەر بولاتتى. لېكىن ، دېھقانلار بۇلارنى بىدئەتلىك دەپ قورقۇپ، شۇنداقلا مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇنى باھانە قىلىپ نۇرغۇن نەرسە تەلەپ قىلىشىدىن قورقۇپ ، بۇ قولىيازمىلارنىڭ ھەممىسنى دەرياغا تۆكۈۋەتكەن.»⑳ گەرچە بۇ كىتابلار كۆيدۈرۈلۈپ تۈگىتىلمىگەن بولسىمۇ ئوخشاشلا كۆيدۈرۈلۈشتەك ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جۇڭگو تارىخىدا سولچىل سىياسەت ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن بىر دەۋر بولۇپ، بۇ مەزگىلدە پۈتكۈل جوڭگو مىقياسىدا قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كونىلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كۆيدۈرۈلۈپ تۈگىتىلگەن.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ئالدىدا كۆيدۈرۈلگەن كىتابلارنىڭ سانىمۇ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغان. بۇ ھەقتە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە زەمىن يېزىسىدىكى 100 ياشلىق مۇھەممەت بوۋاي ئۆز يېزىسىدا تۇرۇپ قەشقەر ھېيتگاھ ئالدىدىكى نەچچە قەۋەتلىك بىنا ھالىتىدە تىزىلغان كىتابلارنى ۋە بۇ كىتابلارنى كۆيدۈرۈشتىن چىققان ئىسنىڭ قەشقەر ئاسمىنىنى قاپلىغانلىقىنى ۋە ئەتراپتىكى بىر قانچە يېزا ـ مەھەللىگە تارالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ، ئۆيمۇ ـ ئۆي يۈرۈپ كىتاب يىغىپ كۆيدۈرۈشتەك بۇ خىل دولقۇندا كىتابلىرى كۆپرەك بولغان ئائىللەرنىڭ كىتابلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشى بۇ چاغدا نورمال بىر ئىشقا

www.kitaphumar.com

ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا ئەدىب مجىت ھەسەن ئۆزىنىڭ «كىروران» ژورنىلىنىڭ 2005ـ يىللىق 3ـسانىدا ئېلان قىلغان «ئاھ، مېنىڭ كىتابلىرىم» ناملىق ئەسلىمىسىدە 3000 نەچچە يۈز پارچە كىتابىنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۆينىڭ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەن قارا كۈچلەرنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ ئۆزىنىڭ ھويلىسىدىلا كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقىنى ئازاب بىلەن خاتىرىلىگەن.»(21)

بۇ مەزگىلدە يەنە ئەھمەتخان ئىبراھىم كىتابلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ ، بۇ مەزگىلدە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ كىتاب يىغىۋېلىش ئادەتكە ئايلانغان. چۈنكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى كونىلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كۆيدۈرۈلۈش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىغان. ئەھمەتخان ئىبراھىم كىتابلىرىمۇ مۇشۇنداق تەقدىرگە ئۇچرىغان.

ئەھمەتخان ئىبراھىم 1889ـ يىلى جىك ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى ئىلىم- مەرىپەتنى سۆيىدىغان كىشى بولغاچقا ، غۇلجىلىق قۇربان خەلپىتىمنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان. 1917ـ يىلى ناسىرھا داموللا چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەندە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئوقۇغان ۋە ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىنى ئىگىلەپ بولغان. 1924ـ يىلى ناسىرھا داموللا ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا 1931ـيىلى قەشقەرگە بارغان ۋە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ كىتاب يىغىش، ساقلاش ۋە كىتاب تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1958ـيىلى «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1969ـ يىلى تۈرمىدىن چىقىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلغان . يەنە يەتتە يىلدىن كېيىن مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى 3000 پارچىدىن ئارتۇق كىتابى ئاختۇرۇلۇپ ئاللىبۇرۇن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بۇ كىتابلار ئىچىدە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق كىتابلىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى، مۇسا جارۇللا، قازى رىزائىدىن ئىبنى پەخردىن، ئەھمەت پەرىنىڭ ئەسەرلىرى ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تارىخ، ئەدەبىياتقا ئائىت نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ.»(22)

ئۇيغۇرلار گەرچە مەدەنىيەت دەۋرىگە بالدۇرراق قەدەم قويۇپ شەھەرلەرنى قۇرۇپ، باسمىچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ھەر خىل يېزىقتىكى ئەسەرلەرنى تارقىتىش شەرىپىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ زالىم ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن مەدەنىيەت تارىخىمىزنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ھەر خىل تۈردىكى موھىم ئەسەرلەر بۇ دۆلقۇندا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان. شۇڭا دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلەر ئىنتايىن ئاز ساندا. مەدەنىيلىكنىڭ موھىم بەلگىلىرىدىن بىرى ـكىتاب ئوقۇش، ساقلاش ۋە ئۇنى ئەۋلادمۇـ ئەۋلاد داۋام قىلدۇرۇپ ئۇنى بىر مەدەنىيەت گىنىغا ئايلاندۇرۇشتۇر.

www.kitaphumar.com

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە : « <دىۋان>دا سۆزلەرنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك، ئاشۇرۇش، سىلىشتۇرۇش، كىچىكلىتىش ۋە تۈرلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر سۆزلەنمەيدۇ ، لېكىن مەن بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن <تۈركىي تىللارنىڭ نەھۋىگە ئائىت جەۋھەرلەر> ناملىق يەنە بىر كىتاب يازدىم»(23) دەپ يازىدۇ . ئالىم «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى يېزىپ مىڭ يىلىدىن كېيىن (1072 ـ 1074 يىللاردىن 1981 ـ يىلى قولىمىزغا يېتىپ كەلگۈچە بولغان ۋاقىت) قولىمىزغا يېتىپ كەلدى. لېكىن ئاپتور ئېيتقان «تۈركىي تىللارنىڭ نەھۋىگە ئائىت جەۋھەرلەر» ناملىق ئەسەر ھەققىدە بىز بۈگۈنگىچە ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. ئېھتىمال بۇ تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن كۆپ قېتىملىق كىتاب كۆيدۈرۈشتەك ۋەھشىيلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى بىر ئېچىنىشلىق پاجىئە. بۇ كىتاب ئېنىقكى ئالىمنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىگە ئوخشاشلا ئىلىم ساھەسىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرىدىغان موھىم ئەسەر بولۇشى مۇقەررەر. ناۋادا بۇ ئەسەر قولىمىزغا يېتىپ كىلەلىگەن بولسا تىلشۇناسلىق ۋە باشقا ئىلىم ساھەلىرىگە ئائىت مەسىلىلەر بالدۇرراق ھەل بولغان بولاتتى.بۇنىڭدىن باشقا ئاپتورنىڭ ئەسىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق،
بۇتخانىنى يىقتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق(24).

دېگەن بايانلىرىدىن شۇنى بىلىۋالايمىزكى، قەدىمكى دەۋرلەردە بۇتخانىدا ياكى مېڭئۆيلەردە تۈركۈم-تۈركۈملەپ كىتاب ساقلىنىدىغان ئادەت بار ئىدى، قاراخانىيلار ئىسلام ئېچىش بىلەن دىنىي ئېدىئولوگىيىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك مانا مۇشۇنداق شەكىللەر ئارقىلىقمۇ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن مول ئۇچۇر بېرىدىغان ئەسەرلەرنى ۋە تارىخى يالداملارنى بۇزۇش، كۆيدۈرۈش ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق ۋەيران قىلغان. قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ قاراخانىيلار دەۋرىدەك ئىلىم-پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە زور گۈللىنىشتەك ۋەزىيەتتە پەقەت ساناقلىقلا كىتابلارنىڭ مەسىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لوغەتىت تۈرك»، «تۈركىي تىللارنىڭ نەھۋىگە ئائىت جەۋھەرلەر » ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ۋە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، ئابدىغاپپار ئالمائىنىڭ «قەشقەر تارىخى» قاتارلىق ساناقلىقلا ئەسەرلەرنىڭ بولۇشلا مومكىن ئەمەس، ھەتتا بۇلاردىنمۇ

سان ۋە سوٚپەت جەھەتتە يۇقىرى بولغان ئەسەرلەرنىڭ بولۇشى ئەمەلىيەتكە يىقىن. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇدھىش قارا جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتنى چەتكە قىقىشى، مىللىتىمىز ئىلىپ بارغان كۆپ قىتىملىق دىنى ئىتىقاد ۋە دىنىي ئىنكارچىلىق، مۇستەبىت ھۆكۇمرانلارنىڭ خەلقنى بىخۇدلۇقتا قويۇشتەك ئەشەددىي سىياسەتلىرى ۋە باشقا ھەر خىل(چەتئەل ئىكىسپىدىتسىيى- چىلىرىنىڭ ھەر خىل ماتىرىياللارنى ئۆز دۆلىتىگە ئىلىپ كىتىشى دىگەندەك) سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قولىمىزغا يىتىپ كىلەلمىگەن.

بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭ ماددى بايلىقلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى نەچچە مىڭ يىللىق ئەجداد-ئەۋلاد مۇناسىۋىتىنىڭ نۇرمال ساقلىنىپ ، كىيىنكى ئەۋلادلار تەرىپىدىن ياد ئىتىلىپ ۋە ۋارىسلىق قىلغۇدەك مەنىۋىي بايلىقلىرىمۇ بىر مىللەتنىڭ ئەڭ موھىم ئەنگۈشتەرىدۇر. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كىتاب ۋە ئۇ ئارقىلىق يارىتىلغان مەدەنىيەت يالدامىلىرى بىر مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنىڭ ئەينەن خاتىرىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق تارىخ ئۇزۈلۈپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى ۋە تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى توغرۇلۇق مەلۇماتلارنى ناھايىتى ئاز قالدۇرغان. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مەلۇماتلار كىتاب كۆيدۈرۈشتەك مۇدھىش قارا بوراندا كۈلگە ئايلىنىپ زور يوقىتىش خارەكتىرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن مانا مۇشۇنداق كىتاب كۆيدۈرۈشلەر جەريانىدا كۆيدۈرۈلگەن كىتابلار بىزنى ئىلىم ساھەسىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرغان. بۇ پاجىئەلەر كىشلەرنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس جاراھەتلەرنى قالدۇرغان بولۇپ كۆپلىگەن ئاپتۇرلارنى قەلەم تەۋرىتىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماس قىلىپ قويغان. ئاشۇ كۆيدۈرۈلگەن كىتابلار بىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە بىر مەھەل چىكىنىشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدەك ئاپەتلىك يىللاردا كىتاب ساقلاش ۋە ئوقۇش كونىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىپ خەلقىمىز ئۆزىنىڭ قىممەتلىك كىتابلىرىنى ساقلاشتىنمۇ قورقىدىغان پىسخىك ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ۋاقىتتا كۆپلىگەن مەتبەئە ئورۇنلىرىمۇ تاقىلىپ قالغان. قىسقىسى مۇشۇ پاجىئەدە كىشلەر قىممەتلىك مەنىۋىي بايلىقىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى غايەت زور يوقىتىش ھىسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز بۈگۈنكى كۈندە ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مول مەدەنىيەت نەتىجىلىرىگە ئىجادى ۋارىسلىق قىلىپ كىتاب ئوقۇيدىغان، ساقلايدىغان ۋە ئۇنى مىللەتنىڭ ئەڭ موھىم مەنىۋىي ساپاسى سۈپىتىدە كۆرىدىغان ئاڭنى يىتىلدۈرۈشىمىز ھەم پەرز ھەم قەرزىمىزدۇر.

-————

## ئىزاھلار:

⑤① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىلى نەشرى، 4-27-بەتلەر.

② ئابدۇقىيوم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1984-يىلى نەشرى، 23-بەت.

③ قۇربان ۋەلى : «بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى، 8-بەت.

④ شىناسى تېكىن : «قەدىمكى تۈركلەردە كىتاب، قەغەز ۋە تامغىلار»، تۈركىيە ئىستانبۇل نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 13-بەت(يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ۋە ئابدۇبەسىر شۈكۈرىلەر يازغان «مەدەنىيەت كارۋانلىرى» ناملىق كىتابتىن ۋاستىلىك سىتاتا ئېلىندى ) .

⑥ ئا. گ. مالياۋكىن : «9-12-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، 1974-يىلى نەشرى ، نوۋوسىبىرسىك، 28-بەت ، (ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربى يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىن ۋاستىلىك ستاتا ئېلىندى) .

⑦ «كونا تاڭنامە»، 18-جىلد، 4-بەت، ئا. گ. مالياۋكىن : «9-12-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، 1974-يىلى نەشرى، نوۋوسىبىرسىك، 28-بەت،(ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربى يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىن ۋاستىلىك ستاتا ئېلىندى).

⑧ ئا. گ. مالياۋكىن : «9-12-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، 1974-يىلى نەشرى، نوۋوسىبىرسىك، 28-بەت،(ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربى يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىن ۋاستىلىك ستاتا ئېلىندى).

⑨ ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان: « ئۇيغۇرلار ۋە غەربى يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، 211-بەت.

⑩«كونا تاڭنامە»، 18-جىلد، 4-بەت، ئا. گ. مالياۋكىن : « 9-12-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، 1974-يىلى نەشرى، نوۋوسىبىرسىك، 28-بەت،(ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان«ئۇيغۇرلار ۋە غەربى يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىن ۋاستىلىك ستاتا ئېلىندى).

www.kitaphumar.com

⑬ «يېڭــى تاڭنـــامە»، 217-جىلــــد، 1-4-بەتـــلەر، ئـــا. گ. مالىيـــاۋكىن : « 9-12-ئەسـرلەردىكى ئۇيغـۇرلار تارىخىغـا ئائىـت ماتېرىيـالالار تـوپلىمى»، 1974-يىلـى نەشـرى، نوۋوسىبىرسك، 28-بەت،(ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان « ئۇيغـۇرلار ۋە غەربى يـۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتىن ۋاستىلىك ستاتا ئېلىندى) .

⑭ رەجەپ يۈسـۈپ : «ئەلـلامە مـۇھەممەت ئەلالـدىن خـوتەنى ھەققىـدە»، «يېڭـى قاشتېشى» ژورنىلى، 1997-يىللىق 4-سان، 93-بەت.

⑮ ئۆمەرجان سىدىق : «سېھىرلىك زېمىن تۇرپان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىلى نەشرى، 141-بەت.

⑯ دىلدار ئەزىزى : «تاشاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكار ئەۋلادلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999-يىلى نەشرى، 30-31-بەتلەر.

⑰ شىرىپ خۇشتار : « ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنىڭ كۇتۇپخانىچىلىقى »، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1994-يىللىق 2-سان، 43-بەت.

⑱ مـۇختەر مـامۇت مۇھەممەدىن نەشـرگە تەييارلىغـان: «تەجەللـى شـېئىرلىرىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، 9-بەت.

⑲ روزى قـادىر : «ئۇلـۇغ ئـۆكتەبىر ۋە ئۇيغـۇر ئەدەبىيـاتى»، ئۆزبېكىسـتان س س ر نەشرىياتى، تاشكەنت، 1971-يىلى، 25-بەت.

⑳ لېكوك [گېرمانىيە]: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (مۇھەممەت ئىلى، مەھمۇد ۋەللار ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان)، شىنجاڭ خەلـق نەشـرىياتى ، 2003-يىلـى نەشرى، 88-بەت.

(21) مىجىت ھەسـەن : «كـرۋران»ژۇرنىلـى، 2005-يىللـىق 3-سـان، «ئـاھ، مېنىـڭ كىتابلىرىم»،67-بەت.

(22) ئابدۇلھاپىز ئابدۇرەھىم ئېلتەبىر : «ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تـۇنجى كىتـابچى- ئەھمەتخان ئىبراھىم»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى»، 2000-يىللىق 4-سان، 108-بەت.

(23)(24) مەھمۇد كاشغەرى : « دىۋانـۇ لۇغەتـت تـۈرك»، شـىنجاڭ خەلـق نەشـرىياتى، 1981-يىلى نەشرى، 1-توم، 3- 448 بەتلەر.

———————

ئـاپتورلار : ئىمىـن تـاجى تۇرگـۇن - شـىنجاڭ پېـداگوگىكا ئۇنىۋېرسـتېتى تـارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى ؛

تۇتىگۈل تۇرسۇن ـ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ 2005 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

مەنبە: پاساھەت ئەدەبىي تەرجىملەر بىلوگى

# ھۇن يېزىقى توغرىسىدىكى يېڭى يىپ ئۇچى

**ما ـ لىچېڭ**

(جېڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە ئارخېولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)

سۇڭ ـ يۋەنرۇ

(شەنشى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنىدىن)

ئابدۇللا غاپپار تەرجىمىسى

تارىخنامىلەردە « (ھۇنلارنىڭ) يېزىقى يوق، تىل ئارقىلىق پۈتىشىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىگە كۆرە، ھۇنلارنىڭ يېزىقى يوقتەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ خۇشيالارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان تىلى بولغانلىقى ئېنىق. «يۈسۈننامە. شاھلار تەزكىرىسى» دە «ھەر تەرەپتىكى خەلقلەرنىڭ تىلى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ» دېگەن خاتىرە بار. رۇڭزىجۈجى (戎子驹支)مۇ «رۇڭلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرى خۇاشيالىقلارغا ئوخشىمايدۇ، پۇلى ۋە تىلىمۇ ئوخشىمايدۇ» دەيدۇ.

ھۇن تىلىنىڭ بىر قىسىم سۆزلۈكلىرى ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن غۇز (胡)، دەنيۇ (单于، تەڭرىقۇت ـ ت)، تۇمەن (头曼)، مودۇن (冒顿 باتۇر ـ ت)، چېڭلى (撑犁 تەڭرى ـ ت)، گۇتۇ (孤涂 قۇت ـ ت)، (若)، يەنجى (ئالچى 阏氏 ـ ت)، جۈسى (居次 قىز ـ ت)، تۇچى (屠耆 تۇغ ـ ت)، گۇلى (谷蠡 قان ـ ت)، داڭخۇ (当户 تۇتۇن ـ ت)، چيېچۈ (且渠 قۇتقۇبەگ ـ ت)، چىليەن (祁连 تىلەن ـ ت)، چىجوۋ (粥 稽 كىوك ياكى قايۇق ـ ت)، ئوۋتو (瓯脱 ئوتۇ، ئوتتۇرا ـ ت)، دوۋلو (逗落)، كىڭلۇ (经络، قىڭراق ـ ت)، فۇنى (服匿)، بىيۇ (比余)، شۈبى (胥比) قاتارلىقلار. ئىككى خەن سۇلالىسىدىكى كىشىلەر ھۇنلارنى «يارىماس، قوپال، گېپى تەتۈر» (其倨反言) («خۇەينەنزى تەزكىرىسى. چى بەگلىكى يۈسۈنلىرى» 11. جىلد) دەيتتى. بۇلار كېيىنكىلەرنىڭ ھۇنلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ۋە تىل تەۋەلىكىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىردىن بىر ماتېرىيال بولۇپ قالدى. بەزى ئالىملار «反言» نى ئالتاي تىللىرىدىكى تولدۇرغۇچى ئالدىدا خەۋەر كەينىدە كېلىدىغان جۈملە تەرتىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىماقتا. (يى لىڭجېن «جۇڭگو شىمالىي مىللەتلەر ۋە

مۇڭغۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئىچكى مۇڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي جەھۇرنىلى 1979 ـ يىللىق 3.،4. سان) بەيىناۋكوجى تىل مەنبەشۇناسلىق ۋە تاۋۇششۇناسلىق نۇقتىسىدىن 17 ھۇن سۆزلۈكىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مۇڭغۇل تىلىغا تەۋە سۆزدىن 2، تۈركىي تىللارغا تەۋە سۆزدىن 2، تۇڭگۇس تىللىرىغا تەۋە سۆزدىن 3، تۈرك مۇڭغۇل تىللىرىغا ئورتاق بولغان سۆزدىن 1، مۇڭغۇل، تۇڭگۇس تىللىرىغا ئورتاق سۆزدىن 4، مۇڭغۇل، تۈرك، تۇڭگۇس تىللىرىغا ئورتاق بولغان سۆزدىن 5 بارلىقىنى بايقىغان. («ئاسىيا تەزكىرىسى»، پارىجھ 1923 ـ يىللىق سانىغا بېسىلغان بەيىناۋ كوجىنىڭ «ھۇنلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە تەتقىقات»، خې جيەنمىن تەرجىمە قىلغان «ھۇنلار ھەققىدە تەتقىقات». لىن خەن تۇزگەن «ھۇن تارىخى تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى» غا قاراڭ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1983 ـ يىلى) فاڭ جۇاڭيوۋ 21 ھۇن سۆزلۈكىنى تەتقىق قىلىپ بۇگۇنكى تۈركچە (تۈركىيە تۈركچىسى)گە يېقىنلىشىدىغان سۆزدىن 11، بۇگۇنكى تۇڭگۇس تىللىرىغا يېقىنلىشىدىغان سۆزدىن12، بۇگۇنكى مۇڭغۇل تىللىرىغا يېقىنلىشىدىغان سۆزدىن 20 بار دەپ ھۆكۈم چىقارغان. (فاڭ جۇاڭيۇ «ھۇن تىلى تەتقىقاتى» «دۆلەت پەسىللىك ئىلمىي جەھۇرنىلى» 2 ـ توم 4 ـ كىتاپ 1930 ـ يىلى) ھازىرقى مۇڭغۇل تىلىدا تۈركچە ۋە تۇڭگۇسچىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىرى ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا دىن ئارتۇقراق بولۇپ، 20 تاۋۇش ئىچىدە يۇقىرىقى ئۈچ تىلغا ئورتاقلىرىدىن تۆت ــ بەشى، تۈركچە ۋە مۇڭغۇلچىغا ئورتاق ئەمما تۇڭگۇسچىغا ئوخشىمايدىغانلىرىدىن ئالتە ـ يەتتىسى، تۇڭگۇسچە ۋە مۇڭغۇلچىغا ئورتاق ئەمما تۈركچىگە ئوخشىمايدىغانلىرىدىن ئالتە ــ يەتتىسى بار، لېكىن تۈركچە ۋە تۇڭگۇسچىغا ئورتاق ئەمما مۇڭغۇلچىگە ئوخشىمايدىغانلىرى بىرمۇ يوق ئىكەن. بۇ ھۇن تىلىنىڭ ھازىرقى مۇڭغۇلچىغا ئەڭ يېقىنلىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇڭغۇل تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋە بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما يەنە بەزى ئالىملار يۇقىرىقىغا ئوخشاش ماتېرىيالدىن باشقىچە ھۆكۈم چىقىرىپ، ھۇن تىلىنى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە دەپ قارايدۇ. (خې شىڭلياڭ «ھۇن تىلىغا دەسلەپكى ئىزاھ» مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي جەھۇرنىلى 1982 ـ يىلى 1 ـ سان) بۇ قاراش غەرپ ئالىملىرىدا كۆپرەك. يەنە بەزى ئالىملار «كىشلەر ھازىرقى زامان تىللىرىدىن ھۇن تىلىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئىزدەشكە كۆنۈشۈپ، يەنە بىر خىل ئېھتىماللىقنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھۇن تىلى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن تىل، ئۇ ھازىرقى ھېچقانداق تىلغا ئوخشىمايدۇ. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مۇڭغۇل تىللىرى، تۈركىي تىللار ۋە تۇڭگۇس تىللىرىنىڭ ھەممىسى يېقىنقى قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى زامان تىللىرى. ئالتاي تىللار سىستېمىسىدا تۆتىنچى بىر تىل ئائىلىسىنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقماسلىق كېرەك» دەپ قارايدۇ. (يى لىڭجېن «جۇڭگو شىمالىي مىللەتلەر ۋە مۇڭغۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئىچكى مۇڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي جەھۇرنىلى 1979 ـ يىللىق 3.،4. سان)

ھۇنلار كۆچەيگەن دەۋرلەردە ئەتراپىدىكى نۇرغۇن قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغان، بۇ قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ ھۇن تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. شۇڭا ھۇن تىلى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ ئارىلاشماسلىقى، بىر بىرىگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە ئۆز ـ ئارا تەسىر كۆرسىتىشى بۇ تىللارنى ئورتاق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرغان. ھۇن ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، بىر قىسمى جەنۇبقا كېلىپ خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى، يۈز مىڭدىن ئارتۇقراقى سىيانپىيلارغا تەۋە بولدى. يەنە بىر قىسمى جەنۇبقا كۆچكەن ھۇنلارنىڭ ئەسلى زېمىنلىرىدا تېلىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىدى. شىمالىي ھۇنلار غەربكە كۆچكەندە مۇڭغۇل تىللىق ۋە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر رايونلىرىدىن ئۆتتى. ھۇن تىلىنىڭ باشقا قەبىلىلەر تىللىرىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ياكى سىڭىپ كىرگەنلىكى مۇقەررەر. ئەمما يەنە بىر ئېھتىماللىقمۇ بار، يەنى ھۇن تىلى موڭغۇل تىللىرى، تۈركىي تىللار ۋە تۇڭگۇس تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەنبە تىل بولىشىمۇ مومكىن.

تارىخى يازمىلارغا كۆرە، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ خەت ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» دە خاتىرىلىنىشىچە خەن خۈيدىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 192 ـ يىلى) «باتۇر تەڭرىقۇت كۈچەيگەن چېغىدا، مەكتۇپ يېزىپ ئەلچى ئەۋەتتى...» (是时冒顿方强，为书使使遗高后...)، خەن ۋېنىدىنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىلى) «ھۇنلار (ئاغا تەڭرىقۇتى 老上单于) خەن سۇلالىسىگە مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېدى....» (遗汉书曰) خەن سۇلالىسى بىلەن تەڭرىقۇت ئارىسىدا يېزىلغان خەتلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە يېزىلغان. ئەمما بۇ خەتلەرنى خەنزۇلارنىڭ يېزىپ بەرگەنلىك ئېھتىماللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. خەنزۇلار يېزىپ بەرگەن دېيىلسە، ئەڭ چوڭ ئېھتىماللىق شۇكى ھۇنلارغا ئەسىرگە چۈشكەن كۈڭزىچىلار يېزىپ بەرگەن. ئۇلار تەڭرىقۇتقا خەت ئالاقىسى قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەن سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش پىلان ـ ھىيلىلىرىنى كۆرسەتكەن. جۇڭخاڭ يۆ تەڭرىقۇتقا ۋەكالىتەن خەن سۇلالىسىگە جاۋاپ مەكتۇپ يېزىپ ئامال كۆرسەتكەن. خەن سۇلالىسى تەڭرىقۇتقا بىر چى بىر سۇڭ ئۇزۇنلۇقتىكى تارشىغا پۈتۈلگەن مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. جۇڭخاڭ يۆ تەڭرىقۇتقا خەن سۇلالىسىغا ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇپنىڭ بىر چى ئىككى سۇڭ تارشىغا يېزىشنى، تامغا ۋە لىپاپىنىڭ چوڭ، ئۇزۇن بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. («تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» 110 ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1982 ـ يىلى) تەڭرىقۇتقا مەكتۇپ يېزىپ بېرىش ئەينى ۋاقىتتا ئەقەللىي قائىدە بويىچىلا بولغان ئىدى.

www.kitaphumar.com

تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ھۇنلارنىڭ خەنزۇ يېزىقى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يۇقىرىدا تەكرىقۇتنىن تارتىپ تۆۋەندە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تامغىسىغا خەنزۇچە خەت ئويۇلغان. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە «خەن شۈەندىنىڭ گەنلۇ 3-يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 51-يىلى) قوغشار تەكرىقۇت خەن سۇلالىسىگە زىيارەتكە كەلدى، خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا تاج، كەمەر، تون، ئالتۇن تامغا ۋە يېشىل تامغا بېغى تەقدىم قىلدى» دېيىلگەن. خەن سۇلالىسى بەرگەن تامغىدىكى خەتتە «مۆھۈر» (玺) ئەمەس، «تامغا» (章) دېيىلگەن بولۇپ، «خەن» (汉) دېگەن خەتمۇ يوق ئىدى. بەگلىكلەر بەگلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنىڭ تامغىسىدا «خەن» (汉) دېگەن خەت بار بولۇپ، «مۆھۈر» (玺) دېيىلەتتى. ۋاڭ ماڭ ھوقۇقنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تەكرىقۇت تامغىسىدىكى خەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئەسلى «ھۇن تەكرىقۇتى تامغىسى» بولۇپ، ۋاڭ ماڭ «شىن سۇلالىسى ھۇن تەكرىقۇتىنىڭ مۆھۈرى» دەپ ئۆزگەرتتى. («خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» 94-جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1962 - يىل) ھازىرغىچە 20 نەچچە دانە ھۇن ئەمەلدارلىق تامغىسى تېپىلدى، ئۇنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە خەتلىك تامغا. مەسىلەن، چىڭخەي ئۆلكىسى داتۇڭنىڭ شاڭسۇنجيا قۇرۇلى دېگەن يەردىن تېپىلغان «خەن سۇلالىسى ھۇن ئادالەتلىك سادىق خان تامغىسى» (汉匈奴归义亲汉长)، دۇڭ شېڭ يىغىپ ساقلىغان «خەن سۇلالىسى چەجۈنيۈتىنىڭ تامغىسى» (印　汉匈奴栗借温愚)، «ھۇن قۇلۇچۇز» (匈奴呼律居訾)، «خەن سۇلالىسى ھۇن قۇلزىش چۇرنىڭ تامغىسى» (汉匈奴呼卢訾尸逐印)، «شۇتۇق بېگى تامغىسى» (休屠长印)، «شۇتۇق ھۇن يۈزبېشى تامغىسى» (休屠胡佰长印)، «ھۇن ۋەزىرىنىڭ قاشتېشى مۆھۈرى» (匈奴相邦玉玺)، «ئوڭ بىلىكخان تامغىسى» (右贤王印)، «زوجى بېگى تامغىسى» (组居侯印)، «تۆت مۈڭگۈز ھۇن خانى تامغىسى» (四角胡王印)، «خەن سۇلالىسى ھۇن ئېسىش باتىسقان تامغىسى» (汉匈奴恶适尸逐王印)، «ھۇن قۇت بىتەچ تامغىسى» (匈奴故涂毕台耆印)، «ھۇن ياتلارنى يوقاتقۇچى سانغۇن تامغىسى» (匈奴破虏长印)، «ھۇن ئادالەتلىك دوست خاقان تامغىسى» (匈奴归义亲汉汉君印)، «جىن سۇلالىسى ھۇن قۇتبالىق قان تامغىسى» (晋匈奴率善邑长)، «جىن سۇلالىسى دوست ھۇن سەردارى تامغىسى» (晋率善胡秋长印)، «جىن سۇلالىسى شەرقىي قىرغاق ھۇنلىرى ھىماتچى سانغۇنىنىڭ تامغىسى» (晋河东匈奴护军印) قاتارلىقلار. بۇ تامغا ـ مۆھۈرلەر قوغشار تەكرىقۇت خەن سۇلالىسگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىنكى بويۇملار بولۇپ، خەن سۇلالىسى ئوردىسى ئىنئام قىلغان تامغىلاردۇر.

www.kitaphumar.com

قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە كۆندىلىك بۇيۇملاردىمۇ نۇرغۇن خەنزۇچە خەتلەر بايقالدى. ئاپا قاغان ئوردىسى خارابىسىدىكى تۆۋرۈككە «تەڭرىقۇت تۈمەن مىڭ يىل ياشىغاي، دائىم شاد ـ خوراملىقتا ئۆتكەي» (天子千秋万岁，常乐未央) دېگەن خەتلەر يېزىلغان. يىۋوركا خارابىسىدىن ئاستىغا خەنزۇچە خەت ئويۇلغان ئەسۋاپلار، «««岁»، «仇»، «党»»» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر ئويۇلغان بىلەي تاشلار تېپىلغان. (داۋىي دوۋا: «يىۋوركا شەھىرى» سانپېتىربورگ 1995 ـ يىلى) نويىن ئۇرادىن تېپىلغان سۈجىكتىو 6م نومۇرلۇق خارابىدىن قولاقلىق ساپال قاچا تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «جيەنپىڭنىڭ 5 ـ يىلى 9 ـ ئايدا...» (建平五年九月工王潭经画工获壹大武省上林) قاچىنىڭ ئاستىغا يەنە «شاڭلىن» خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر سارايىنىڭ نامى ـ ت) دېگەن خەتلەر ئويۇلغان (1 ـ رەسىم). ئۇنىڭدىن باشقا «شىمكوف قەبرىستانلىقى» دىن «جيەنپىڭنىڭ 5 ـ يىلى سىچۈەن ئەمىرى...» 建平五年蜀郡西工造乘舆髹印画木黄瓦小容一升十六仓素工尊肆工袖上工寿铜瓦黄涂工宗工工丰清工自造工夫造护工卒吏巡守长克丞骏琢丰守令史严主) قاتارلىق 69 خەنزۇچە يېزىلغان، بۇلۇت ۋە قۇش نۇسخىلىق قولاقلىق ساپال قاچا تېپىلغان. (قاچىنىڭ بىر بۇرجىكى كەمتۈك بولغاچقا پەقەت 67خەت قېلىپ قالغان). (لۇ جىنكې: «هۇن مەدەنىيىتى ۋە نويىن ئۇرادىكى تەكشۈرۈش» موسكىۋا ـ لېنىنگراد 1962 ـ يىلى؛ دارجى سۈرۈڭ: «شىمالىي هۇنلار»، ئۇلانباتور 1961 ـ يىلى) جيەنپىڭ خەن شۈەندىنىڭ يىلنامىسى. «خەننامە. هۇنلارھەققىدە قىسسە» دە ئوجۇلجۇت تەڭرىقۇت (乌珠留若 单于) نىڭ خەن ئەيدىنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ئەگرى ـ توقاي جەريانى ۋە خەن ئەيدىنىڭ تەڭرىقۇتقا نۇرغۇن ئىنئام بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. «جيەنپىڭنىڭ 4 ـ يىلى ئوجۇلجۇت تەڭرىقۇت خانغا مەكتۇب يوللاپ، كېلەر يىلى زىيارەتكە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ چاغدا خەن ئەيدى ئاغرىق ئىدى. بەزىلەر: ‹هۇنلار يۇقىرىدىن كەلسە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. خۇاڭلۇڭ، جىڭنىڭ يىللىرى تەڭرىقۇت زىيارەتكە كەلگەچكە، شۇ يىللىرى خانلىرىمىز قازاغا ئۇچرىغان ئىدى› دېيىشتى. شۇڭا ئىككىلەنگەن خەن ئەيدى ۋەزىرلەردىن پىكىر سورىدى. ئۇلارمۇ دۆلەت غەزىنىسى قۇرۇغدىلىپ كېتىدىكەن، رۇخسەت قىلماسلىق كېرەك دەپ قاراشتى. ئوجۇلجۇت تەڭرىقۇتنىڭ ئەلچىسى خوشلىشىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇ كېتىش ئالدىدا ئىشىكئاغىسى ياڭ شيۇڭ خانغا مەكتۇپ يوللاپ، كەمىنلىرى ‹ئالتە كىتاب›تىن بىلىشىمچە، ئەل باشقۇرۇشتا ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئالدىنى ئېلىش ھەممىدىن ئەلا، ھەربىيلەرنىڭ ئۇرۇشماي غەلبىگە ئېرىشىشى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ ئىككى نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيە بولۇشى كېرەك. شۇڭا ماھىيەتلىك چوڭ ئىشلار توغرىسىدا سالماقلىق بىلەن ئويلانماي بولمايدۇ. ھازىر تەڭرىقۇت مەكتۇب يوللاپ زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلىۋېدى، بىز

تەرەپتىن ئۆزرە كۆرستىپ رەت قىلىندى. پېقىرنىڭ قارىشىچە مۇشۇنداق بولغاندا، ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. ئۇلار ئەسلى شىمالىي تۇرالار بولۇپ، بەش بۈيۈك پادىشاھ ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىغان، ئۈچ خانىمۇ ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغانىدى. ئۇلار بىلەن سۈركىلىش تۇغدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق دېدى.» بۇ قېتىم تەڭرىقۇت تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىيارەتكە كېلىشنى تەلەپ قىلغان، پادىشاھ ئەيدى ئاغرىق بولغاچقا، خەن سۇلالىسى بۇنى ھۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان، يەنە بىر تەرەپتىن تەڭرىقۇتقا ئىنئام بېرىپ دۆلەت غەزىنىسىنىڭ قۇرۇغدىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن، شۇڭا رەت قىلغان. ئاخىرى ياڭ شيۇڭ ھۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئەسكەرتىپ، ‹دۆلەت چىقىم تارتىسمۇ بۇنىڭغا ئامال يوق› دەپ، پادىشاھ ئەيدىنى قايىل قىلىپ، تەڭرىقۇتقا ئىجازەت قىلغان. ئاقىبەتتە تەڭرىقۇت يولغا چىقماستىنلا ئاغرىپ قالغاچقا، يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ، كېلەر يىلى زىيارەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.› بۇرۇنقى ئادەت بويىچە، ئۇنىڭغا مەشھۇر خانلار ۋە ئەمەلدارلاردىن 200 نەچچە كىشى ھەمراھ بولۇپ كېلەتتى. ئەمما بۇ قېتىم 500 كىشى بىلەن كېلىشنى تەلەپ قىلىپمۇ ئىجازەت ئالغان. يۈەنشۈۋنىڭ 2 ـ يىلى ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت زىيارەتكە كېلىۋىدى، بۇ يىل قۇتلۇق يىل بولمىغانلىقتىن، تەڭرىقۇت شاڭلىن چاربېغىدىكى پۇتاۋ قەسرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە بۇ تەڭرىقۇتقا بولغان پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت ئىكەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى، تەڭرىقۇتمۇ بۇنى چۈشەندى. ئۇنىڭغا يەنە 370 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 30 مىڭ توپ كىمخاپ ۋە تاۋار ـ دۇردۇن، 30 مىڭ جىڭ سەرنەخ تەقدىم قىلىندى. باشقا نەرسىلەر خېپىڭنىڭ 4 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش بولدى. زىيارەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئەمرىنۆكەر خەن كۇاڭ تەڭرىقۇتنى ئۇزۇتۇپ قويۇشقا ئەۋەتىلدى. («خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» 94 ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1962 ـ يىل) نويىن ئۇرادىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان ماتېرىياللار بۇ خاتىرىلەرنى ئىسپاتلايدۇ. جيەنپىڭنىڭ 4 ـ يىلى تەڭرىقۇت «كېلەر يىلى» سالامغا كېلىشكە ئىجازەت سورىغان. كېلەر يىلى ئەلۋەتتە جيەنپىڭنىڭ 5 ـ يىلى بولىدۇ. خەن سۇلالىسى ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن بالدۇرلا سوۋغات بۇيۇملارنى تەييارلاشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئەينى چاغدا يىلنامىنى يۈەنشۈۋغا ئۆزگەرتىش نىيىتى بولمىغاچقا، سوۋغات بۇيۇملارغا جيەنپىڭنىڭ 5 ـ يىلى دەپ يېزىلغان. جيەنپىڭنىڭ 5 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇياش تۇتۇلغاندا يىلنامىنى يۈەنشۈۋغا ئۆزگەرتىپ، ھەر قايسى تەۋە ئەللەرنىڭ سالامغا كېلىشنى كېچىكتۈرگەن. شۇڭا يۈەنشۈۋنىڭ 2 ـ يىلى ئۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت سالامغا كەلگەندە ئىنئام قىلىنغان بۇيۇملار ئىچىدە «جيەنپىڭنىڭ 5 ـ يىلى» دەپ خەت يېزىلغانلىرىمۇ بولغان. بۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال ۋېيي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ياپونىيە سالامغا كەلگەندە ئىنئام

قىلىنغان بويۇملاردىمۇ ئۇچرايدۇ. م6 نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ۋە تارىخىي خاتىرىلەر بۇ قەبرىنىڭ يىل دەۋرى ۋە قەبرە ئىگىسىگە ھۆكۈم قىلىشىمىزنى تولۇق ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ قەبرىنىڭ ئىگىسى ھۇنلارنىڭ ئوجۇلجۇت تەڭرىقۇتى بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادىنىڭ 13 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. قەبرىدىن چىققان بويۇملارنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى يەنى مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خەن سۇلالىسى ئىنئام قىلغان. نويىن ئۇۋادىكى ھۇن قەبرىستانلىقىدىن خەنزۇچە كىيىم ـ كېچەك، قۇرال سايمانلار تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن يىپەك توقۇلما بويۇملارمۇ بار. مەسىلەن، بىر يىپشىل دۇردۇنغا دۇلدۇل مىنىپ بۇلۇتلار ئارا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئالتۇنرەڭ پەرىشتىنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن، سۈرەتنىڭ ئۈستىگە «پەرىزات» (仙境)، «پادىشاھ» (皇) دېگەندەك خەنزۇچە تىلەك سۆزلىرى چۈشۈرۈلگەن. يەنە بىر پارچە ئاقار سۇ، پەرىشتىلەر كەشتىلەنگەن بۇيۇمدا «شىن سۇلالىسى ئەجدادلىرىنىڭ روھلىرى تۇمەن مىڭ يىللار ياشىغاي» (广成新神灵寿万岁) دېگەن خەتلەر ئۇچرايدۇ. ۋاڭ ماڭ ھوقۇقنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى مەركىزى ھۆكۈمەت دۆلەت قۇرغان يىلنى «شوۋچېڭتاڭ» (寿成堂) دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ ھەمدەپنە بويۇملار ۋاڭ ماڭ قۇرغان شىن سۇلالىسى تەڭرىقۇتقا ئىنئام قىلغان بويۇملاردۇر. نويىن ئۇۋادىكى ئاقسۆڭەكلەر قەبرىلىرىدىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى قىممەتلىك يىپەك ماللار «خەننامە. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىكى ۋاڭ ماڭ ھوقۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ ‹نۇرغۇن ئالتۇن، كىمخاپ ـ تاۋارلارنى تەڭرىقۇتقا تەقدىم قىلدى› دېگەن يازمىغا ماس كېلىدۇ. ئەمما بۇ بىر قاتار خەنزۇچە ماتېرىياللار بىر بولسا خەن ئوردىسى تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان، بىر بولسا خەن سۇلالىسى ئەسىرلىرى ياكى ھۇنەرۋەنلىرى ئىشلەپچىقارغان. بۇ ھۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرىگە ئالاقىدار بولۇپ، چوڭ ئېيتقاندىمۇ پەقەتلا ھۇنلار ئارىسىدا خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ھۇنلارنىڭ خەنزۇ يېزىقىنى بىلىدىغانلىقىنىلا چۈشەندۈرىدۇ، ئەمما ھۇنلارنىڭ ئۆز يېزىقى بار ـ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ئاسىيۇ (乌孙)نىڭ غەربىدىن ئارساك (安息)قىچە بولغان ئەللەرنىڭ ھەممىسى ھۇنپەرەس ئىدى. ھۇنلار ئىلگىرى توخرىيلارنى تارمار قىلغانلىقى ئۈچۈن، توخارىستان قاتارلىق ئەللەر دەككە ـ دۈككىدە ياشايتتى. شۇڭا ھۇن ئەلچىلىرى تەڭرىقۇتنىڭ خېتىنى كۆتۈرۈپ بارسىلا، تەخىرسىز ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتا قالدۇرمايتتى.» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «خەت» (信)نى ئىككى خىل چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرى مەلۇم خەۋەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ماددىي بويۇم. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە ھۇنلار بىرەر ئىشنى خاتىرىلىمەكچى ياكى بىرەر خەۋەرنى يەتكۈزمەكچى

www.kitaphumar.com

بولسا ياغاچقا ئۈيۈپ قويدۇ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردىكى خەت بەلكىم ياغاچقا ئۈيۈلگەن بويۇم بولۇشى مومكىن. يەنە بىر ئېھتىماللىق شۇكى، ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى يېزىق بولۇشى مومكىن. تەڭرىقۇتنىڭ غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرگە يازغان خېتى ھەرگىز خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلمىغان. بىر بولسا ئۆزلىرىنىڭ «ھۇن يېزىقى» دا، بىر بولسا غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ يېزىقىدا يېزىلغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، جۇڭخاڭ يۆ تەڭرىقۇتنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ھۇنلارنىڭ ئاھالىسى، مال ـ ۋارانلىرىنى پۈختا تىزىملاش، ھېسابلاپ باج ئېلىشنى ئۆگەتكەن. («تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» 110 ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1982 ـ يىل) ھۇنلارنىڭ يېزىقى بولغاندىلا «تىزىملاپ» يازالايدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ھۇنلار ھەر يىلى كۈزدە ئاتلار سەمرىگەندە دېلىن ئىبادەت ئورمانلىقىغا يىغىلاتتى، ئادەم، ئات ـ ئۇلاقنىڭ ھېسابى ئېلىناتتى دەپ خاتىرىلەنگەن. («تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» 110 ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1982 ـ يىل) ۋەسىقىلەرگە كۆرە، ھۇنلارنىڭ بۇرۇنلا ئۆز يېزىقى بولۇپلا قالماي يەنە خەرىتە ۋە ئەدەبىياتىنىڭمۇ بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى» دە «بى يوشۇرۇن ھالدا خەن سۇلالىسى كىشىسى گوخېڭنى ھۇنلارنىڭ خەرىتىسىنى ئېلىپ (شىخې ۋىلايىتىنىڭ ۋالىي مەھكىمىسىگە) بېرىپ ئۆزىنىڭ بېقىنىش تەلىپىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى» («كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى» 89 ـ جىلد جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1962 ـ يىل) «خەننامە. يۇەندى ھەققىدە قىسسە» دە «جيەنجاۋنىڭ 4 ـ يىلى بىرىنچى ئايدا، خەن يۇەندى چېچى تەڭرىقۇتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تەگرى ۋە يەر ئىلاھىغا ئىبادەت قىلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراق قىلدى. پۈتۈن ئەل بويىچە جىنايەتچىلەر كەچۈرۈم قىلىندى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار خەن يۇەندىگە شاراپ تۇتۇپ ئۇنى مۇبارەكلىدى. خەن يۇەندى چېچى تەڭرىقۇتقا قىلىنغان جازا يۈرۈشى توغرىسىدىكى رەسىملىك كىتابلارنى خانىكە ۋە خانىشلارنىڭ كۆرۈشىگە بەردى» دەپ خاتىرىلەنگەن. («خەننامە. يۇەندى تەزكىرىسى» 9 ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1962 ـ يىل) خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە يەنە ھۇنلاردىن قالغان «تىلەن تېغى ناخشىسى» ناملىق بىر شېئىرمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تېكىستى مۇنداق:

ئايرىلىپ قالغاندا چىلان تاغدىن،
ئاۋۇماس بوپقالدى چارۋا ـ ماللىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغدىن،
مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز ـ ئاياللىمىز.

www.kitaphumar.com

بۇ قسقغىنە شىېردا خەن ۋۇدى دەۋرىدە چوڭ سانغۇن ۋېي چىڭ، خۇ چۋبىڭلەرنىڭ ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قۇرۇلدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ھۇنلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى، چوڭقۇر قايغۇرۇش ۋە بىچارە ھالى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، يۈكسەك بەدىيلىككە ئىگە. خۇددى «تارىخىي خاتىرىلەر» دە ئېيتىلغىنىدەك «ھۇنلار تىلەن تېغىدىن ئايرىلىپ قالسا قانداقمۇ يىغلىماي تۇرالىسۇن».

ئۇنىڭدىن باشقا، غەرپ تارىخىي ماتېرىياللىرى بۇ قارىشىمىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. ۋېللىس ئۆزىنىڭ «دۇنيا تارىخى تېزىسلىرى» (ۋېللىس (ھ.گ. ۋەللىس) «دۇنيا تارىخى تېزىسلىرى» 1 ـ قىسىم، لياڭ سىچېڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان) ناملىق كىتابىدا شەرقىي رىم تارىخچىسى پىرىسكۇس (پىرىسچۇس)نىڭ «ھۇن تەڭرىقۇتى ئاتتىلا ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دىن نەقىل ئېلىپ ئاتتىلانىڭ رىم ئەلچىلىرىنى كۈتىۋالغان زىياپەتتە لاتىن تىلى، گوت تىلى ۋە ھۇن تىللىرىدا ناخشا ۋە كومېدىيىلەر ئورۇنلانغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن: «ئاتتىلانىڭ پايتەختى بىر ھەربىي قەلئە بولۇپ، شەھەر ئەمەس ئىكەن. رىم ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بىرلا تاش ئىمارەت بار ئىكەن. كىشىلەر كەپىلەردە، چېدىرلاردا تۇرىدىكەن، ئاتتىلا، مۇھىم ئەربابلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىر ياغاچتىن ياسالغان سارايدا تۇرىدىكەن. بۇ چوڭ قەلئەدە ئۇرۇشتىن ئالغان غەنىمەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن ئىكەن. ئاتتىلا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئاددىي ـ ساددا خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ياغاچ قاچا، ياغاچ تەخسە ئىشلىتىدىكەن، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىكەن. ئوردا ئالدىكى كەڭرى سەينادا ئات مىنىپ، ئوقيا ئېتىشىدىكەن. ئارىيانلار ۋە مۇڭغۇللارنىڭ ئىپتىدائىي زىياپەت ئادەتلىرى بويىچە شاراپنى بەك كۆپ ئىچىدىكەن. شائىرلار ئاتتىلانىڭ ئالدىدا ئاتتىلانىڭ يۇقىرى ماھارىتى ۋە غەلىبىلىرىگە مەدھىيە ئوقۇغاندا زال ئىچى ئالاھىدە جىمجىتلىقتا چۆمۈپ، مېھمانلار دىققەت بىلەن ئاڭلايدىكەن. ئۇ ھەربىي ئەخلاقنى كۈچەيتىش توغرىلىق نۇتۇق سۆزلىدى. ئارقىدىنلا كومېدىيىلەر ئورۇنلىنىپ، جىددىي كەيپىيات خۇشاللىققا ئۆزگەردى. مورلار ۋە ساكلار غەلىتە كىيىملەرنى كىيىپ، لاتىن تىلى، گوت تىلى ۋە ھۇن تىلىدا ئورۇنلاپ، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى شاتلاندۇردى. پۈتۈن سارايىنى قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك كۈلكە ئاۋازى قاپلىدى. پەقەت ئاتتىلالا ئەسلىدىكى تەمكىن ھالىتىنى ساقلاپ كۈلمەي ئولتۇردى.» 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن خۇڭ يۈن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى ئىزاھلىرىغا تولۇقلىما» ناملىق كىتابىدا «ھۇن خانى ئاتتىلا بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى بېرىش ـ كېلىش قىلغاندا مول زىياپەتلەر تەييارلىناتتى، شېئىر ـ نەزمىلەر ئوقۇلاتتى، ھۇن يېزىقى ئىشلىتەتتى. رىملىقلار ئىچىدە ھۇن يېزىقىنى بىلىدىغانلار، ھۇنلار ئىچىدە لاتىن يېزىقىنى بىلىدىغانلار بار ئىدى، ئەپسۇس بۇ يېزىق بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن» (خۇڭ يۈن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى

ئىزاھلىرىغا تولۇقلىما» 23-جىلد) دەپ يازغان. ئاتىتىلا ئوردىسىدا ئوقۇلغان شېئىرلار، ئوينالغان كومېدىيىلەر خەنزۇ تىلىدا ئورۇنلانغان ئەمەس. غەرپتىكى دۆلەتلەر بىلەن يېزىشقان مەكتۇپلار هۇن يېزىقىدا يېزىلغان، ياكى خەنزۇلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلەتكەندەك، لاتىن تىللىق دۆلەتلەر ۋە گوتلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا لاتىن تىلى ۋە گوت تىلىنى ئىشلەتكەن.

هۇن دۆلىتى كۆپلىگەن چارۋىچى مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، باتۇر تەگرىقۇت دەۋرىدە «شەرققە يۈرۈش قىلىپ تۇڭگۇسلارغا هۇجۇم قىلدى. تۇڭگۇسلار دەسلەپتە باتۇرنى سەل چاغلاپ تەييارلىق كۆرمىگەن ئىدى. باتۇر قوشۇن بىلەن كېلىپ تۇڭگۇسلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈردى ۋە ئادەملىرىنى ئەسىر، ماللىرىنى ئولجا ئېلىپ قايتتى. غەرپكە يۈرۈش قىلىپ توخرىلارغا هۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى قوغلىۋەتتى. جەنۇپتا خېنەن رايونىدىكى لوۋخەن، بەييالا (ئاق قويلۇقلار) خانلىرىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، چىن سۇلالىسى دەۋرىدە مىڭ تيەن تارتىۋالغان هۇن يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىۋالدى ۋە خەن سۇلالىسى بىلەن خېنەن رايونىدىكى كونا قۇرۇللارنى چېگرا قىلىپ تاكى جۇنا، فۇشى دېگەن يەرلەرگىچە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىدىكى يەن، دەي بەگلىكلىرىنىڭ يەرلىرىگە تاجاۋۇز قىلدى... كېيىن شىمالدا خۇنيۇ، دىڭلىڭ، خاكاس، شىنلى ئەللىرىنى بويسۇندۇردى... ياۋچىلار تارمار قىلىندى، قىرىپ تاشلاندى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. روران، ئۇيسۇن، ئوغۇز ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەل تىنجىتىلدى. ھەممىسى هۇنلارغا تەۋە بولدى. بارلىق ئوقيا تۇتقان خەلق بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى.» («تارىخي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىرىسى» 110-جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1982-يىل) هۇنلار ئەتراپىدىكى ئەللەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلغاندا ئوخشىمىغان ئىرق، ئوخشىمىغان تىلدىكى خەلقلەر هۇنلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالغان ۋە مۇقەررەر ھالدا هۇن تىل-يېزىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئۇلارنىڭ تىلىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۈرىۋەتكەن، شۇڭا ئالىملار هۇن تىلىدا مۇڭغۇل، تۇڭگۇس ۋە تۈركىي تىللارنىڭ تەركىبىنى بايقىغان. هۇن تىلىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇنازىرە هازىرغىچە توختاپ قالغىنى يوق.

قىيا تاش رەسىملىرى تەتقىقاتچىسى گەي شەنلىن ئەپەندى چوغاي تېغى قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، برونزا دەۋرىدىن تۆمۈر قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىغىچە بولغان رەسىم ۋە بەلگىلەرنى بايقىغان. بۇ رەسىم ۋە بەلگىلەر ناھايىتى غەلىتە بولۇپ، بەزىلىرى تەكرارلىنىپ كەلگەن، ھەم دائىم بىرقانچىسى بىللە ئۇچرىغان، مەنە ئىپادىلەيدىغاندەك ئىكەن. مەسىلەن، «چوغاي تېغى قىيا تاش رەسىملىرى» ناملىق كىتابتا كۆرستىلگەن 1020-، 1244-، 1245-رەسىملەر مىسال بولالايدۇ. (گەي شەنلىن: «چوغاي تېغى قىيا تاش رەسىملىرى» مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى 1986-يىل) ئۇلاردىن 1020-رەسىم (2-رەسىمگە قاراڭ)دە بىر ئادەم يۈزىنىڭ يېنىغا 3 بەلگە ئويۇلغان، ئاپتور ئۇنى «يېزىق

www.kitaphumar.com

خاراكتېرىگە ئىگە بەلگىلەر ياكى ھەققەتەن بىر يېزىق» دەپ قارىغان. (گەي شەنلىن، گەي جىخاۋ: «ئىچكى موڭغۇل قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مەدەنىيەت يېشىمى» بېيجىڭ كىتاپ نەشرىياتى 2002- يىل) سول تەرەپتىكى يۈز نىقابلانغان ئىلاھ، ئۇنىڭ تەرەپتىكىلىرى روھقا قىلىنغان تىلاۋەت سۆزلىرى بولسا كېرەك. ھۇنلار شامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى، پىرىخونلۇق ئەۋج ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتى بولۇشى مۇمكىن. 1244- رەسىم (3-رەسىمگە قاراڭ) تېخمۇ ئېنىق يېزىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. رەسىمنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىدە بىردىن ئادەم سىزىلغان، ئوتتۇرىسىدا باشقا بەلگىلەر ئۇيۇلغان بولۇپ، مۇكەممەل بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى «چۇغاي تېغى قىيا تاش رەسىملىرى» دىكى 1245- رەسىم (3-رەسىمگە قاراڭ) بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ يېنىغا تىكىسىگە «» قاتارلىق تۆت بەلگە ئۇيۇلغان، بۇ بەلگىلەر بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق ھەم بىر مەنا ئىپادىلەيدۇ، ئۇلارنى ئۆزئارا باغلىغان ئاساستا ئومۇمىي مەنىسىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. بەزىلەر ئۇنى يېزىق ئەمەس، ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلىرىنىڭ بەلگىلىرى دەپ قارايدۇ، ئەمما ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلىرىنىڭ بەلگىلىرى بولغان قەبىلە بەلگىسى، رەسىم، ئات تامغىسى، شەرتلىك بەلگىلەر دائىم يەككە شەكىلدە ئۇچرايدۇ، مۇكەممەل بىر مەنىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. بۇ بەلگىلەر بولسا ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق، تەرتىپلىك تىزىلغان بولۇپ، مەلۇم مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ھەم پۈتۈن «تېكىست» ئەكس ئەتتۈرگەن ئومۇمىي مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى كېرەك. موڭغۇل ياپىلىقىدىكى ئابشىغچ تاش ئابىدىسى (4-رەسىمگە قاراڭ)نىڭ بايقىلىشى تېخمۇ دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بۇ ئابىدە بۇ بەلگىلەرنىڭ ئادەتتىكى قىيا تاش رەسىملىرى بولماستىن، روشەن ھالدا يېزىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن بەلگىلەر ئىچكى موڭغۇل قىيا تاش رەسىملىرىدىكى بەلگىلەر بىلەن ئوخشىشىدۇ، «» قاتارلىق بەلگىلەر بۇ ئىككى ئورۇندىكى بەلگىلەرنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما مىلادى 5-ئەسىردىكى تۈرك يېزىقى ھەرپلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ بەلگىلەر تەرتىپسىز، قوپال، ئاددى، قېلىپلاشمىغان، رەسىملىك خاراكتېرى كۈچلۈك، ئىپتىدائىي ۋە قالاق بولۇپ، يېزىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىگىلا ئىگە، خالاس. بۇ بەلگىلەر بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردىكى يېزىقلارنىڭ شەكىل جەھەتتىكى تېخمۇ كۆپ باغلىنىشلىقلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، نويىن ئۇرا ۋە تاشقى بۇلغار رايونىدىكى باشقا ھۇن قەبرىلىرىدىن تېپىلغان بويۇملاردىمۇ بۇ بەلگىلەرگە ناھايىتى ئوخشايدىغان، ئوخشاش ئۇسلۇبتىكى يېزىق بەلگىلىرىدىن 20 نەچچىسى بايقالدى. (5-رەسىمگە قاراڭ) بۇ ھەرپلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى تۈركلەرنىڭ ئورخۇن -يېنسەي يېزىقىغا ئوخشاش ياكى ئوخشىشىدۇ، بۇ خىل بەلگە (ھەرپ)لەرنى ياۋرۇئاسىيا ياپلاقلىرىدىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بەزى مۇتەخەسسىلەر بۇ

ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ھۇنلارنىڭ قەدىمكى ياۋرۇئاسىيا رۇنىك يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل يېزىقى بولغان، بۇ يېزىق كېيىن قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان دەپ قارايدۇ. (يالۇش ھارماتا باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، شۇ ۋېنكەن، بىڭ چۈەنمىڭلار تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» 2- توم، جۇڭگو چەتئەل تەرجىمە ئەسەرلىرى نەشرىياتچىلىق شىركىتى 2001- يىلى) (6-رەسىمگە قاراڭ) بۇ «يېزىق» نىڭ دەۋرى، چۇغاي تېغى ۋە مۇڭغۇل يايلىقىغا تارقالغانلىقىغا قارىغاندىمۇ، ئەينى چاغلاردا بۇ يەرلەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلار ھۇنلار، بۇ يەرلەر ھۇنلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركەزلىرى بولغاچقا، بۇ يېزىقنىڭ ھۇنلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى يېزىقى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. (گەي شەنلىن، گەي جىخاۋ: «ئىچكى مۇڭغۇل قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ مەدەنىيەت يېشىمى» بېيجىڭ كىتاب نەشرىياتى 2002- يىلى)

بىز بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقىنىمىزدا، ئىنتېرنېت توربېتىدىن مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى ئۇچۇرغا ئېرىشتۇق. شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئولانباتور 11-ئاپرېل تېلېگراممىسى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇڭغۇلىيە ئارخولوگلىرى مۇڭغۇلىيىدىن نۇرغۇن ھۇن قەبرىلىرىنى بايقىغان ھەم 2000 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋالغان. «ئەسىر خەۋەرلىرى گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، مۇڭغۇلىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخولوگى توربات: «ھۇن قەبرىلىرىدىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە جۇڭگونىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ مىس ئەينەك، ئوقيا ئوقى، قىيىن دەرىخى پوستىغا سىزىلغان رەسىم، مىس قازان، تاش سىياھدان ۋە ئالتۇن-كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى بار. مۇڭغۇلىيە بۇرخان ئۆلكىسىنىڭ خوتىگۇۋىندور ناھىيىسىدىن تېپىلغان قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇمكى، ھۇنلارنىڭ ئەينى دەۋردىلا ئورخۇن يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆز يېزىقى بولغان» دېگەن. ئەگەر بۇ خەۋەر ئىشەنچلىك بولسا، بۇ ھۇن تەتقىقاتىدىكى بىر تارىخىي بوشلۇق بولۇپ قالىدۇ. بىز كەلگۈسىدىكى ھۇن يېزىقى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ يېپيېڭى تەرەققىياتىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتىمىز.

ئارخولوگىيە ۋە ئاسار-ئەتىقە جھورنىلىنىڭ 2004-يىللىق 2-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

{ جورنال چىققاندىلا تەرجىمە قىلغان ئىدىم، بىر نەچچە ئۇيغۇرچە ئىلمىي جورنالغا ئەۋەتسەم باسمىدى، ئېلان قىلمەن دەپمۇ بىر نەچچە يىلنى ئىسراپ قىلىۋېتىپتىمەن. ھازىر ئويلىسام، قېرىنداشلارنى تېزرەك خەۋەردار قىلمىغىنىمغا پۇشايمىنىم بار. كىچىككىنە سوۋغان بولسامىمۇ ئېغىر ئالمىغايسىزلەر. }

[ مەنبە: Orkhun.Com؛ تورغا يوللىغۇچى: تۇرانتەكىن ]
تەييارلىغۇچى: ئاپتاپ ، تەييارلانغان ۋاقتى: ساتۇرداي، نوۋەمبەر 08، 2008

www.kitaphumar.com

# پامىردىكى گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ

## رەھمانقۇل

‹‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى›› ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىن باشلانغان بولۇپ، ئاساسلىق ئۇرۇش مەيدانى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن ‹‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى›› دەپ ئاتالغان. مىللىي ئارمىيە يەنى ئات بىلەن تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، شىمالىي ئۇيغۇر رايونىنىڭ يايلاقلىرىنى كېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىنىڭ پامىر ئېگىزلىكى، زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى ۋە باشقا بەزى جايلارغىمۇ ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇردى. ئەينى چاغدا يۈز بەرگەن تاشقورغان ئىنقىلابى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى بىر قاتار ئىنقىلابى پائالىيەتلەر جەنۇبى ئۇيغۇر رايوندىكى تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئىنقىلابى پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر رايونى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ تەركىبى قىسمى. تاشقورغان ئىنقىلابى تاشقورغاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى كۆلۈمى ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق ئىنقىلابى ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ تاشقورغاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخي، ئىنقىلابى تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇرغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنقىلاب.

### تاشقورغان ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى ۋەزىيەت ۋە ئىنقىلابنىڭ تەييارلىقى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ئەينى چاغدا ئۇيغۇر رايونىنىڭ ئوننىچى مەمۇرىي رايونى (يەكەن) نىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. تاشقورغان ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاساسلىق ئېغىزى ئىدى. تاشقورغان ئىنقىلابى پارتلىغاندا بۇ يەردە ئاران 19 مىڭ نوپۇس بولۇپ، ئىقتىسادى ئاجىز، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قالاق، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشىغان ئىدى. 1944 ـ يىلى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى شىڭ شىسەينى يۆتكەپ ۋۇجۇڭشىننى ئۇيغۇر رايونى ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. شىڭ شىسەينىڭ ئۇيغۇر رايوندىكى ھۆكمىرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە مىللىي زىددىيەت ۋە

سىنىپىي زىددىيەت ئەسلىدىلا ناھايىتى ئۆتكۈرلەشكەن ئىدى. بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تاشقورغانغا كىرگەندىن كېيىن مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، زوراۋانلىق، ئۆكتەملىك، خىيانەتچىلىك قىلىپ تېخىمۇ چېرىكلەشكەنلىكى ئۈچۈن، تاشقورغاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھايات كەچۈرۈشى تېخىمۇ تەسلەشتى . 1944 - يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىغاندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر رايونىغا تەرەققى قىلىشىدىن قورقۇپ ، ئۆزىنىڭ ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ھۆكمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابي» تەرەپ بىلەن ھەدەپ ئۇرۇش قىلىپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنسا يەنە بىر تەرەپتىن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دىن باشقا جايلاردا تېخىمۇ يۇقىرى بېسىم سىياسىتىنى يۈرگۈزدى . ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل قوشۇنىنى تاشقورغاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆپلەپ ئېۋەتىپ، تاجىك ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن تېروورلۇق ھۆكمرانلىقى يۈرگۈزدى. ئەكسىيەتچى ساقچى ئىدارىسى ھەرقايسى جايلارغا ئىشپىيون، ئىغتىغچىلارنى ئېۋەتىپ، سەللا نارازىلىق ئىپادىسىدا بولغان كىشلەرنى سەزسىلا تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى. 1944 - يىلى قىشتىن 1945 - يىلى كۈزگىچە تاشقورغاندا تاجىك خەلقىدىن 95 نەپەر كىشىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى . 63 نەپەر بىگۇناھ كىشىنى ئۆلتۈردى. چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى جۇڭگو سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن يايلاقلارنىڭ ھەممىسىنى تاقاپ، بۇ يەردىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىچكىرى جايلارغا كۆچۈردى . نەتىجىدە يايلاق يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن چارۋا ماللار تۈركۈم تۈركۈملەپ ئۆلۈپ كېتىپ خەلق تېخىمۇ گادايلاشتى . نۇرغۇن كىشلەر خانىۋەيران بولۇپ، يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچى قوشۇن خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ تالىدى. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خەلقنىڭ 2 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ماللىرىنى بۇلىدى. كەڭ كۆلەملىك چۆپخانىلارنى تارتىۋالدى . 100 دىن ئارتۇق ئائىلىنى ئۆيىنى سۆكۈپ ئاكوپ قازدى. ئۆينىڭ ياغاچلىرىنى ئوتان قىلىپ قالدى. خەلقنىڭ تۆمۈر سايمانلىرىنى تارتىۋېلىپ ئاتلىرىغا تاقا سوقتۇردى. نۇرغۇن ئاشلىق، رەخت، ئوتان ۋە ئۆي جاھازىلىرىنى بۇلاپ كەتتى. 4- رايون 1 - يېزىسىدىكى سۇلايماننىڭ 300 تۇياق قوي تۆت تۆگىسىنى بىر قېتىمدىلا بۇلىدى . 4- رايون 4- يېزىسىدىكى بىتەي ھاجىنىڭ 100 تۇياق قويىنى بۇلاپ كەتتى . شۇ ۋاقىتلاردا ناھىيە بويىچە ئاران 200 تۇياق تۆگە ئۇلاغ بولسىمۇ قورچاق ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي ئورگانلىرى خەلقنى يىلغا 2 مىليون نەچچە يۈز مىڭ جىڭ كېلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ھەقسىز توشۇشقا مەجبۇر قىلدى. خەلقنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرى مۇنداق كۆپ ماددىي ئەشيالارنى توشۇش جەريانىدا ھەرقايسى جايلاردا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىر ئائىلىگە ھەرىيلدا ھەرقايسى جايلاردىكى

www.kitaphumar.com

پوستلارغا ئوت ـ چۆپ، ئوتان سەيسسى چۆشۈرۈپ تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمگەك كۈچى بولمىغان ياكى قول ئىلكىدە بولمىغان كەمبەغەل، نامرات كىشىلەر ئېلاجسىزلىقتىن بارلىق مال ـ مۈلكىنى سېتىپ خەجلەشكە، سەيسىنى تۆگىتىشكە مەجبۇر بولدى. نۇرغۇن چارۋىچىلار مۈشۈنداق ئات ـ ئۇلاغ، ئوت ـ سامان، ئوتان ـ ياغاچ سەيسسىنى تۆگىتىش ئۈچۈن يىل بويى ئۆيىدىن ئايرىلىپ تاغ ـ داۋانلارنى ئېشىپ مۈكچىيىپ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىنغاچقا ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مەھسۇلات زور دەرىجىدە كەملەپ كەتتى. ئەكسىيەتچى قوشۇن يەنە خالىغانچە كىشىلەرنى باغلاپ ئۇرۇپ بەزىلىرىنى مېيىپ قىلىۋەتتى . ئاياللارنى دەپسەندە قىلدى . ھەتتاكى بەزى ئاياللار ئىز دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ ماددىي ئەشيالارنى توشۇش جەريانىدا مېيىپ بولدى ياكى ئۆلۈپ كەتتى . گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇنداق زۇلمەتلىك ھۆكمرانلىقى ۋە دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسى تاشقورغاندىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغىدى «قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ» تاشقورغان رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا تاقەت قىلالماي ئارقا ـ ئارقىدىن قارشىلىق قىلىشقا باشلىدى. كىچىك كۆلەمدىكى قارشىلىق كۈرەشلەرنى باشلىۋەتتى. تاشقورغان رايونىدىكى دېموكراتىك روھقا، ئىنقىلابى كۈرەش ئىرادىسىگە ئېگە نۇرغۇن ئىلغار زاتلار كۆندىن ـ كۆنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئازاپ ـ ئوقۇبەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن قولىغا قۇرال ئېلىپ زالىم كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى بارغانسىرى ئېنىق تونۇشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن يولداش خۇجيەن ۋە شۇلياڭلار تاشقورغاندا پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ ئىنقىلابى تەشۋىقاتىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان . بىرمۇنچىلىرى شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلابى تەشكىلات «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» گە قاتناشقان . 1943 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ كىشىلەر خەلق ئاممىسىنى قوزغاپ گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلقنى ئازادلىققا، ئەركىنلىككە چىقىرىش، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئارا ئالاقە باغلاپ ئىنقىلاب تەييارلىقىنى ئىشلەشكە كىرىشتى . 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ كۈچى تېخى بۇ يەرگە يېتىپ كەلمەستىلا، رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بۇ بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر زاتلار : مەسلەن، ئىسھاقبېك، كارۋانشاھ① مادايوف② شىرىنبېك ئوبۇلقاسىم، مەمەت ئەيسا قاتارلىقلار زۇلۇمغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي «ئازادلىق تەشكىلاتى» قۇرۇپ ھازىرقى تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ۋە ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭكۆل، مۇجى، ئويتاغ، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ بوستانتېرەك، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قىزىلتاغ قاتارلىق رايونلىرىدا كەڭ پائالىيەت ئېلىپ باردى. «ئازادلىق

www.kitaphumar.com

تەشكىلاتى›› پائال ھەرىكەتكە كېلىپ بىر تەرەپتىن ھەر مىللەت خەلقىگە شىك شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش تۇغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى تەدرىجىي قانات يايدۇردى .

تاشقورغان قاتمۇقات تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ ،بەزى جايلار يىل بويى ئېرىمەيدىغان قار ــ مۇزلار بىلەن قاپلانغان ، يوللىرى خەتەرلىك ئادەملىرى شالاڭ ئىدى . گومىنداڭنىڭ قوشۇنلىرى ھەرقايسى جايلاردا ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا يەككە ــ يىگانە تۇراتتى. ‹‹ئازادلىق تەشكىلاتى›› ۋە پارتىزانلار قوشۇنى بولسا ھەرمىللەت خەلقنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشىپ تېزلىكتە زورايماقتا ئىدى . تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىدىن كارۋانشاھ، مادايوف، ئوبۇلقاسىم قاتارلىق بىرمۇنچە كىشىلەر ئىنقىلابقا پۇختا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىنقىلابقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. گومىنداڭنىڭ زۇلۇمغا چىدىماي سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنى توپلاپ، ئۇلارغا ئىنقىلابى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شىمالىي ئۇيغۇر رايونىدا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىغاندىن كېيىن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ مىلتىق ئاۋازى يىراق چەتتىكى تاشقورغانغىمۇ يېتىپ بۇ يەردىكى تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر خەلقىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. «تاشقورغان ئىنقىلابى»نىڭ يولباشچىلىرى دەرھال ئۇ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» تەرەپ بىلەن ئالاقىلەشتى ‹‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپمۇ ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ياردەم بەردى . ۋە يېتەكچىلىك قىلدى . ئۇزاق ئۆتمەي پارتىزانلار قوشۇنى ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئويتاغ رايونىدا ئىستىھكام قۇردى. بۇ جاي باراقسان ئۆسكەن ئوت ــ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئوزۇق ـتۈلۈك تەييارلاشقا، ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇشقا ، مەخپىي ھالدا كۈچ تەشكىللەشكە ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى .

1944 ـ يىل 6 ـ ئايغا كەلگەندە ئىسھاقبېك ۋە تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ يولباشچىلىرى 120 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان پارتىزانلار قوشۇنىنى تەشكىللەپ «تاشقورغان ئىنقىلابى» قوزغىلىڭىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى .

1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پارتىزانلار قوشۇنى دەسلەپدىلا شۇ جايدا تۇرۇشلۇق دۈشمەن قوشۇنىنىڭ يۈك توشۇغۇچى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىپ غەلبىگە ئېرىشىپ، 130 تۇياق تۆگىسىنى ئولجا ئالدى. دۈشمەن ئەسكىرىدىن تۆتنى تىرىك تۇتۇپ ‹‹تاشقورغان ئىنقىلابى ›› نىڭ بىرىنچى پاي ئوقىنى ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن پامىر لەرزىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلارنىڭ پائالىيىتى تاشقورغاننىڭ ھەممىلا جايلىرىدا باشلاندى. ئۇلار بىردەم ساقچى ئورۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلسا، بىردەم دۈشمەن قاراۋۇلخانىسىغا ھۇجۇم قىلدى . يەنە بىردەم دۈشمەننىڭ ھەربىي

www.kitaphumar.com

ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇغۇچى قوشۇنغا ھۇجۇم قىلدى. تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق دۈشمەن قوشۇنى گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى .

1944 - يىلى كۈزدە كارۋانشاھ، مادايوف ، مەمەت ئەيسا (قىرغىز ) قاتارلىق كىشىلەر تاشقورغاندا قالغان شىرىنبېك قاتارلىق كىشىلەرنى سوۋېت ئېتتىپاقى تەرەپتىكى توختامىش دېگەن يەرگە مەخپىي چاقىرىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ۋە قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. گېنېرال ئىسھاقبېك كېلىپ ئۇلارغا«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ھەممە ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ تاشقورغاندا ئىنقىلاب قوزغاشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپمۇ تاجىك، قىرغىز خەلقى ئىچىدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي رەھبىرى خادىملىرىنى تەربىيلىدى. تاجىك، قىرغىز خەلقىنىڭ ئىنقىلابى قوشۇنىنى تەشكىللەشكە ياردەم بەردى .

1944 - يىل 6 - ئايدا كارۋانشاھ ، ئوبۇلقاسىم ، مەمەت ئەيسا، ئەمەت تاشتۆمۈر قاتارلىق بەش كىشى ئىنقىلابنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم ئېلىش مەقسىتى بىلەن يەنە تاشكەنتكە بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ يەردىكى ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب قوزغاش ئارزۇسىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ‹‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى›› ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلەشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئىنقىلابى پائالىيەتلىرىنى قەتئىي قوللىدى ۋە ئۇلارغا ھەر تەرەپتىن ياردەم بەردى. بۇ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسەن تاشقورغاندىن قېچىپ چىققان تاجىك، قىرغىز چارۋىچىلىرى بولۇپ، ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئىنقىلابى قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلۇپ بىر تەرەپتىن ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاشقورغانغا قوراللىق رازۋېتكىچىلاردىن ئېۋەتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى، قورال ـ ياراغ تەمىناتى ۋە باشقا ئىشلارنى رازۋېتكا قىلدى. ھەممە تاشقورغاندا قالغان ئىلغار زاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ خەلق ئارىسىدا ئىنقىلابى تەشۋىقات ئېلىپ باردى. پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كۆپ قېتىملىق رازۋېتكا قىلىش ۋە تەشۋىقاتى بىلەن كىشىلەرنىڭ پارتىزانلار ئەترىتىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتا تېگىرقاپ قالغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ تەشۋىقاتى ئارقىلىق ئازادلىققا ئېرىششىنىڭ نۇرلۇق يولىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلۇپ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. پارتىزانلار ئەترىتى ئۆزىنىڭ ئاما ئارىسىدىكى تەسىرىنى

كېڭەيتىش، تېخىمۇ كۆپ خەلق ئاممىسىنى ئۆزىگە جەلىب قىلىش، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىگە زەربە بېرىپ خەلق ئاممىسىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، تاغارما، سۇباشى قاتارلىق جايلارغا بىر قانچە قېتىم ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇنلىغان كىشلەرنى پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشىۋالدى. دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىپ ئۆزىسىدىن چىقالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. پارتىزانلارنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت زەربىسىگە ئۇچرىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، جۇڭگو سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن جايلارغا بېرىپ كۆزەتچىلىك قىلالمايدىغان، كېچىلىرى بولسا پوست ـ قاراۋۇللىرىنى كۈچەيتىپ گازارمىسىدىن چىقىپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولدى . بۇ ھال پارتىزانلارنىڭ كىچىك ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىش، خەلق ئارىسىدا ئىنقىلابى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇردى .

1944 ـ 1945 ـ يىلىغىچە پارتىزانلار ئەترىتى 12 قېتىم قوراللىق رازۋېتكا ئەترىتى ئېۋەتىپ، دۈشمەننىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلدى .

1945 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى توختامىشتا سىياسىي، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىۋاتقان پارتىزانلار ئەترىتى ئىچىدىن غەرپشاھ (تاجىك) باشلىق بەش كىشى دافتارغا ئىنايىتللا (تاجىك) باشلىق توّت كىشى تاغارمىغا، مەمەت ئەيسا ( قىرغىز ) باشلىق توّت كىشى، سۇباشقا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ۋە قورال ـ ياراغ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى .

1945 ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە تاشقورغان ئەتراپىدىكى پارتىزانلارنىڭ ئادەم سانى 295 كە يەتتى. ھەممە مەلۇم ساندىكى قورال ـ ياراغقا ئىگە بولدى. پارتىزانلار ئەترىتى خېلى ئۇزاق ۋاقىت ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ھەربىي ماھارىتىمۇ خېلى ئۆستى. تاشقورغاندا ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغاشنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تاشقورغان پارتىزانلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق باش شتابى رەسمى قۇرۇلدى. باش شتاب تاشقورغاندىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا قاراپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەپسىلى پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. ھازىر ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تاشقورغاندىكى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئومۇمىي سانى 400دىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى مۇنداق بولغان .

1. تاشقورغان بازىرىدا : ھەربىي ۋە ساقچىلارنى قوشقاندا 120 دىن ئارتۇق قوراللىق كۈچ .
2. تاغارمىدا : 33 نەپەر قوراللىق كۈچ .
3. بەرچەشتە : 8 نەپەر قوراللىق كۈچ .

4. سۇباش : 50 نەپەر ھەربىي ۋە 15 نەپەر قورالىق ساقچى بولۇپ، جەمئىي 65 نەپەر قوراللىق كۈچ .
5. بۇلۇڭكۆلدە : 42 نەپەر قوراللىق كۈچ .
6. پەيىكتە : 40 نەپەر قوراللىق كۈچ .
7. دافتاردا : 16 نەپەر قوراللىق كۈچ .
8. خونجىراپتا : 20 نەپەر قوراللىق كۈچ .
9. قوشبېلدە : 16 نەپەر قوراللىق كۈچ .
10. مىڭتېكە، لوپگازدا: ھەربى ۋە ساقچى بولوپ 40 دىن ئارتۇق قوراللىق كۈچ بار ئىدى.

پارتىزانلار ئەترىتى دۈشمەن كۈچىنىڭ مۇشۇنداق ئورۇنلاشقىنىغا ئاساسەن، 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يىغىن چاقىرىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تاشقورغانغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ماقۇللىدى. پىلانىنىڭ ئاساسى مەزمۇنلىرى مۇنداق: تاشقورغانىنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن، دۈشمەننىڭ ئەسكىرى سانى پارتىزانلاردىن كۆپ بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئۇزۇن لىنىيىسىدە، يەككە ـ يەككە ئورۇنلاشقان، بىر ـ بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراق، تېز مۇددەت ئىچىدە بىر ـ بىرىگە ياردەمگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، دۈشمەننىڭ ئاساسى بازىلىرىغا بىرلا ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلارنى بىر بىرىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ بىربىرلەپ يوقاتقىلى بولىدۇ . مۇشۇ پىلانغا ئاساسەن 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئىنقىلابى قوشۇننى ئۇيۇشتۇرۇپ كارۋانشاھ، مەمەت ئەيسا، ئىمنوف، تاھىر، غولامخان قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا تۆت يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلىش قارار قىلىندى. بۇ تۆت يۆنىلىش مۇنداق بەلگىلەندى .

1 - يۆنىلىش: كارۋانشاھ لەشكەر مادايوفلار باشچىلىقىدىكى60 كىشى تاشقورغان بازىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى .

2 - يۆنىلىش: مەمەت ئەيسا، ئابدۇماللىك باشچىلىقىدىكى 30 كىشى سۇباشقا ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

3 - يۆنىلىش : تاھىر، ئوسمان باشچىلىقىدىكى 60 كىشى بۇلۇڭكۆلگە ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولدى .

4 - يۆنىلىش : غەرىپشاھ ، ئىنايىتىللا باشچىلىقىدىكى 40 كىشى تاغارمىغا ھۇجۇم قىلىشقا، ئوبۇلقاسىم، تاشتۆمۈر باشچىلىقىدىكى 20 كىشى چىچەكلىك داۋىنىغا ئۆتۈپ گومىنداڭنىڭ يېڭىسار تەرىپىدىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇنلىرىنى توسۇشقا مەسئۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ سىياسى، ئىدىيىۋى، تەشكىلى ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى تەييارلىقى پۈتتى. ئۇزاق مۇددەتلىك تەييارلىقلار نەتىجىسىدە تاشقورغان رايونىدىكى ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئازادلىق ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مىللى، دېموكراتىك ئىنقىلابى ئاخىرى پارتلىدى .

## ئىنقىلابنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمەت ئىنقىلابى قوراللىق قوشۇنىنىڭ تەشكىللىنىشى

تاشقورغان ئىنقىلابى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە غۇلغۇلا قىلىش، ئىنقىلابى قوشۇننى قوراللاندۇرۇش، تەشكىللەش ۋە تولۇق تەييارلىق كۆرۈش نەتىجىسىدە 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەتىگەنلىكى سائەت 4 دە گومىنداڭنىڭ تاشقورغان ، تاغارما، سۇباش، بۇلۇڭكۆلدىكى بازىلىرىغا بىرلا ۋاقىتتا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ كۈندە تاشقورغاندىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردىكى ئوفىتسېرلارنى يىغىپ تاشقورغاندا ئىككى كۈن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ يەپ- ئىچىپ، تازا تاماشا قىلىۋاتقان ۋاقتى بولغاچقا، پارتىزانلارنىڭ بىرلاۋاقىتتا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىشىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. ۋە قىلچىمۇ تەييارلىقى يوق ئىدى. تاشقورغان بازىرىدىكى دۈشمەن پوتىيىگە ھۇجۇم قىلغان پارتىزانلار تاشقورغان بازىرىدىكى گومىنداڭنىڭ ساقچى ئىدارىسى بىلەن ھەربىي گازارمىسىغا تەڭلا ئوت چاچتى. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن قوشۇنلىرى شىرىن ئۇيقۇغا غەرىق بولغان ۋاقىتتا بولۇپ، پارتىزانلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى بىلەن پۈتۈنلەي ساراسىمگە چۈشۈپ قالدى. دۈشمەن چېگرا مۇداپىئە دۈيىنىڭ دۈيجاڭى ئالدىراپ ـ تېنەپ پىلىموتچى ئەسكەرلىرىنى قوپۇرۇپ پىلىموت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ لېكىن ئاخىرى ئۆزىگە ئوق تېگىپ ياردار بولدى. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ۋە تەرجىمانىغا ئوق تېگىپ ئۆلدى. ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر ساراسىمە ئىچىدە ھەتتا ئۆز كىيىملىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. گەرچە دۈشمەن قوشۇنى سان ۋە قوراللىنىش جەھەتتە پارتىزانلاردىن يۇقىرى تۇرسىمۇ لېكىن ئۇلار تەييارلىقسىز بولغاچقا تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ زەربىدىن تېرپىرەن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈيجاڭى قاتتىق يارلانغانلىقى ئۈچۈن روھى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن روتا كوماندىرى گازارمىنى تاشلاپ قېچىشقا بۇيرۇق بەردى. دۈشمەن قوشۇنلىرى ئالاقزادىلىك بىلەن بەلدىر، قوغۇشلۇق ئارقىلىق تويلى بۇلۇڭغا قاچتى. دافتاردىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى پاكىستان تەرەپكە قاچتى .

تاڭ سەھەردىن كۈن چىققۇچە بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى جەڭ بىلەن پارتىزانلار تاشقورغان ناھىيە بازىرىنى پۈتۈنلەي ئازاد قىلدى. تاشقورغان ناھىيە بازىرى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن شىرىنبېك باشچىلىقىدىكى 20 نەپەر قوراللىق كۈچ دافتار تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، جۇڭگو

پاكىستان چېگرىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل قىلىندى. ئۇلار لوپگارغا بېرىپ قېچىۋاتقان دۈشمەنلەر بۇلاپ كەتكەن 300 تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا، 19 تۆگە ۋە 25 تۆگىگە ئارتقان بارلىق ماددىي ئەشيالارنى تارتىۋېلىپ تاشقورغانغا كەلتۈردى. تاغارما تەرەپتىكى دۈشمەنلەر مۇشۇ كۈنى يوقىتىلدى ياكى قېچىپ كەتتى. سۇباش تەرەپتە پارتىزانلار ئەمدىلا ھۇجۇم قوزغاشقا تەمشىلىۋاتقاندا دۈشمەن قاراۋۇلى سېزىپ قالغاچقا، دۈشمەن بىر قەدەر تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈچ سىلىشتۇرما جەھەتتە پەرىق چوڭ بولغاچقا دۈشمەن تۆت كۈنگىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمەي سۇباشنى تاشلاپ چەشتاغ تەرەپكە قاچتى. پارتىزانلار ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، دۈشمەننى سۈرۈ ــ توقاي قىلىپ،8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى شەرقى شىمالىي تەرەپتە چىل گۇمبەزگىچە، شىمالدا چەشتاغقىچە، غەربىي شىمالدا بوستان تېرەك، بۆرى توقايغىچە قوغلاپ قاچۇردى. تاشقورغاننىڭ شەرقىدا دۈشمەن ئەسكىرى كۈچى بولمىغاچقا ئانچە ئۇرۇشلار بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ تاشقورغاندىكى بارلىق بازىلىرىنى ئىگىلەپ سەركوي چېگرىسى ئىچىدىكى ( ئەينى ۋاقىتتا ھازىرقى ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بۇلۇڭكۆل، چارلۇك يېزىلىرىمۇ تاشقورغانغا قارايتتى) بىر تۇەنگە يېقىن قوشۇننىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك زىيانغا ئۇچرىتىپ تاشقورغاننى ئازاد قىلدى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە كۈنى ئىچىدىلا بىر قانچە ئون قوراللىق كۈچنى يوقاتتى ۋە يارىدار قىلدى. 200 تال مىلتىق، بىر ئېغىر پىلىموت ئۈچ يېنىك پىلىموت، 120 يىشىك ئوق ــ دورا ۋە باشقا ماددى ئەشيالارنى غەنىمەت ئالدى . پارتىزانلاردىن ئۈچ كىشى قۇربان بولدى .

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى غەلىبىسىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىنى يەتكىچە تارتقان. زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمىغان تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر خەلقى تاشقورغاننىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ ــ پۇشقاقلىرىدىن يىغىلىپ، ئىنقىلاب غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى. ئۆزىنىڭ نىجاتلىق يولىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلدى. يىغىندا تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ يولباشچىلىرى تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ پارتلاش سەۋەبلىرى، تەييارلىق قىلىش جەريانى، ئىنقىلابنىڭ مەقسىدى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز تەشەببۇسلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى . گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكمرانلىقى ئاستىدا يەتكىچە ئازاب تارتقان خەلق ئاممىسى گومىنداڭنىڭ زۇلمىدىن شىكايەت قىلىپ، ئىنقىلابنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى، ئىنقىلابى پارتىزانلار ئەترىتىگە بارلىق كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، يۈكسەك ئىنقىلابى جاسارەت ۋە مۇستەھكەم ئىنقىلابى ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى . نۇرغۇن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا پارتىزانلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، خەلقنىڭ

www.kitaphumar.com

ئەركىنلىكى، ئازاتلىقى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە بۇ يىغىن ئىنقىلاب ئوتىنى يەنىمۇ يالقۇنلىتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ،ئىنقىلاب مېۋىسىنى مۇستەھكەملەپ، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قەسەمياد قىلىش يىغىنى بولدى.

تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ غالىبە مېۋىسىنى مۇستەھكەملەش، جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىدىكى گومىنداڭ ھۆكمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابى قىزغىنلىقى ئاشۇرۇلۇپ، كۈرەش قىلىشقا يەنىمۇ سەپەرۋەر قىلىش، ئازاد قىلىنغان جايلارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىنقىلابى قوشۇننىڭ قوماندانلىقى ۋە ھەربىي ئىشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن، ئىنقىلابى ھۆكۈمەت ئورگىنى ۋە ئىنقىلابى قوشۇن قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى.

‹‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى›› ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئارقىلىق 1945-يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنى تاشقورغاندىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار ئۆزىنىڭ ئىنقىلابى ھاكىمىيىتى تاشقورغان ۋالى مەھكىمىسىنىڭ رەسمى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئاقيول بېك (تاجىك) ۋالىيلىققا، غوجام كەلدى (قىرغىز) مۇئاۋىن ۋالىيلىققا، شەمسىدىن سەخى (تاجىك) باش كاتىبلىققا تەيىنلەندى. مىللىي ئىنقىلابى قوشۇن قۇماندانلىق شتابىنىڭ ئورنى تاغارمىدا تەسىس قىلىندى. تاشقورغان ۋالى مەھكىمىسى ۋە مىللىي ئىنقىلابى قوشۇن قوماندانلىق شتابى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاشقورغان ۋالى مەھكىمىسى نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. تاشقورغان ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى. پارتىزانلار قوشۇنىمۇ زورايدى. سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىقتىن قۇتۇلۇپ، خۇشاللىقىدىن تەنتەنە قىلىپ، بىر-بىرىگە خوشخەۋەر يەتكۈزدى. غەلىبىگە تەنتەنە قىلىۋاتقان كۆڭلەردە ئىنقىلابى ھاكىمىيەت تاشقورغان ۋالى مەھكىمىسى ئاممىنى ئىنقىلابى قوشۇنغا قاتنىشىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر ياشلىرى غەلىبە ئىلھامى ئاستىدا بەس ـ بەستە ئاۋاز قوشۇپ ئەسكەرلىككە قاتنىششىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. شۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە تاشقورغاندىلا 300 نەپەردىن ئارتۇق ياش ئىنقىلابى قوشۇنغا قاتناشتى. بىر مۇنچە كىشىلەر پەرزەنتلىرىنى ئۆزى يېتىلەپ كېلىپ، ئىنقىلابى قوشۇنغا قاتناشتۇردى. تاشقورغاندىكى 60 ياشتىن ئاشقان ئۆمۈز (قىرغىز) دېگەن پېشقەدەم چارۋىچى يالغۇز ئوغلىنى باشلاپ ئىنقىلابى قوشۇنغا قاتناشتۇرماقچى بولغاندا ئىنقىلابى قوشۇن رەھبەرلىكى ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلىنى قوبۇل قىلسا، ئۇ ئىگە ـ چاقىسىز، يۆلەنچۈكسىز قالىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ بالىسىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغىلى قويىدى . ھەمىدە ‹‹سىزنىڭ ئىنقىلابقا بۇنداق قىزغىن مەدەت بېرىش پوزىتسىيىدە بولغانلىقىڭىز بەكمۇ قەدىرلىك لېكىن

www.kitaphumar.com

بالـڭىز يالغۇز ئەكەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ياشنىپ قاپسىز ، سىزنىڭ ھالـڭىزدىن خەۋەر ئېلىشقا ئادەم بولمىسا بولمايدۇ . شۇڭا يالغۇز ئوغلـڭىزنى ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلمايمىز .›› دېگەندە ئۇ پېشقەدەم ‹‹مەن قېرىدىم. مىلتىق كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا قاتنىشالمايمەن. لېكىن ھاسىدا ئېلىپ يادا باقالايمەن، ئەگەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھـۆكـمرانلىقى يوقالمىسا ئوغلـۇم يېنىمـدا بـولغىنى بىلەنمۇ بىزگە ياخشى كۈن يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە ئوغلۇم مىلتىق ئېلىپ گومىنداڭنى يوقاتسا ، مەن ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايدۇ›› دېدى. بۇنىڭدىن تاشقورغاندىكى ھەرمىللەت خەلقنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكمرانلىقىغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر، ئىنقىلابى قىزغىنلىقىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، ئەسكەرلىككە قاتنىشالمايدىغان قېرى، ئاجىز، مېيىپلار، ئاياللار، باللار چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى ئۇستىگە ئالغاندىن سىرت يەنە بەس ـ بەستە ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش سېپىگە قوشۇلۇپ، نەرسە ـ كېرەك، قوي ـ ئات ئىئانە قىلدى. ئۇلار ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۇچۇن قىممەت باھالىق بۇيۇملىرىنى ۋە كۈچىنىمۇ ئايىمىدى .

‹‹ئـۈچ ۋىـلايەت ئىنقلابـى›› ھۆكـۈمىتى مۇشـۇ پەيىتتە غۇلجىغا بىرىـپ ‹‹ئـۈچ ۋىـلايەت ئىنقلابى›› نىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشقان گېنىرال ئىسھاقبېكنىڭ يېتەكچىلىكىدە 50 نەپەردىن ئارتۇق پىدائىي جەڭچىنى تاشقورغان ئىنقلابىغا يـاردەم بـېرىش ئۇچـۈن ئەۋەتتـى. ھەمدە گېنىرال ئىسھاقبېكنى تاشقورغان ئىنقلاۋىغا قوشۇمچە يېتەكچىلىك قىلىشقا بەلگىلىدى . ئۇلار ئىلىدىن يولغا چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تاشقورغانغا كېلىپ قورال‌لىق كۈرەشكە قاتناشتى. ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشى تاشقورغان ئىنقلابىنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنى كۈچەيتتى. تاشقورغان ئىنقلابى ‹‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقلابى›› بىلەن تېخىمۇ چەمبەرچاس باغلانـدى. ‹‹ئـۈچ ۋىلايەت ئىنقلابى›› ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ زورۇيۇپ، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى . شۇنىڭ بىلەن تاشقورغان ئىنقلابى ھۆكۈمىتى ‹‹ئېزىلگۈچى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىپ، ئەركىنلىك ۋە مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرەيلى›› دېگەن ياڭراق شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويـدى. بـۇ شـۇئار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

تاشقورغان ئىنقلابى تاشقورغان رايونى تەۋەسىدە غەلىبە قىلغانـدىن كـېيىن دەسـلەپكى مەزگىلدىكى مەمۇرىي ۋە ھەربىي تەشكىللىرى مۇنداق بولغان ئىدى :

مەمـۇرىي جەھەتـتە تاشـقورغان ۋالـى مەھكـىمىسى قۇرۇلـۇپ ، ئـۇ تاشقورغان ، يەكەن ، قاغىلىق پوسكام، ئويتاغ، تاشمىلىق ۋە ئاقتۇنىڭ 3-، 4- رايونلىرى ھەم يېڭىسارنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى باشقۇردىغان بولدى .

ۋالى مەھكىمە قارىمىقىدا تۆۋەندىكى بۆلۈم ـ ئىدارىلار تەسىس قىلىندى .

www.kitaphumar.com

خەلق ئىشلار بۆلۈمى: باشلىقى بارات (تاجىك توغلانشا كەنتىدىن)
مالىيە بۆلۈمى باشلىقى: گۈلجۈن (تاجىك تاشقورغاننىڭ ۋاچا يېزىسىدىن ، كېيىن گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)
ساقچى ئىدارىسى باشلىقى ئەلفشاھ (تاجىك، تاشقورغاننىڭ داتوڭ يېزىسىدىن)
باج ئىدارىسى باشلىقى داۋۇت ساتتار (ئۇيغۇر ، تاشمىلىقتىن)
تاشقورغان ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، تاشقورغاننىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تاۋار ئالماشتۇرۇشنى جانلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىنقىلابى قوشۇننىڭ ھەربىي تەمىناتى ۋە قورال ـ ياراغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سودا شىركىتى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسىنى راۋاجلاندۇردى .
ھەربىي ئىشلار تەشكىلى :
ئىنقىلابى قوشۇننىڭ باش قوماندانلىق شتاپى تاشقورغاننىڭ تاغارما يېزىسىدا تەسىس قىلىندى. كارۋانشاھ قوماندان، قاسىم تاش، تاھىر (قىرغىز) مۇئاۋىن قوماندان ، مادايوف سىياسىي كومىسسار، قاۋۇل مىرزەك (قىرغىز) شتاب باشلىقى، غولامخان تۆرە باش مەسلىھەتچى بولدى.
ئارقا سەپ تەمىنات باشلىقى: گۈلجۈن (گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن) بولدى. باش قوماندانلىق شتابىنىڭ قارىمىقىدا يەنە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى.
ئالدىنقى سەپ قوماندانى: مادايۇف، مۇئاۋىن قوماندانى ھاكىم شىرىپ ( قىرغىز ).
شتاپ باشلىقى: شەمسىدىن سەخى بولدى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىنقىلابى قوشۇن ئۈچ پولكقا ئايرىلغان ئىدى. تاجىك 28 ئاتلىق پولكى، پولك كوماندىرى، لەشكەر ، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ئابدۇراخمان، سىياسى كومىسار ئابدۇرسۇل، شتاب باشلىقى بەگقەدەم بولدى. قىرغىز پولكى يەنى ئىسھاق غالىبىيەت پولكى، قادىر قۇل پولك كوماندىرى، ئوبۇلقاسىم مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، مەمەت ئەيسا سىياسى كومىسار بولدى.
تاشقورغان گارنىزون پولكى شىرىنبېك (تاجىك، تاشقورغان دافتار يېزىسىدىن) پولك كوماندىرى ئاقنىياز (ئۇيغۇر، ئاقسۇ ۋىلايەتتىن، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ) مۇئاۋىن پولك كوماندىرى بولدى.
تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا كەلگەندە 1946 ـ يىلى 3 ـ ئايدا جەڭ ۋەزىيىتىنى بۇراش، قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنى قايتىدىن كۆتۈرۈش ئۈچۈن «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان گېنېرال ئىسھاقبېكنى تاشقورغانغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، سەپنى بايراقنى قايتىدىن تىكلەشكە ئەۋەتتى.

ئىسھاقبېك تاشقورغان قوراللىق كۈچلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنى بىكار قىلدى. قوماندانلىق قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىق شتابىنى تاغارمىدىن چىل گۇمبەزگە يۆتكىدى. دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۇ قوماندانلىق شتاب رەھبەرلىرىنى شەخسەن ئۆزى باشلاپ ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئىنقىلابنىڭ نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ كۈرەش تاكتىكىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى خاتالىقلارنى ئەستايىدىل تۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە قوراللىق قوشۇننى مۇنتىزىملەشتۇرۇپ، مىللىي ئارمىيىنى ئىككى بىرىگادا، بىر گارنىزون پولك قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. ھەمدە ئارمىيە قوماندانلىق ئورگىنىنى ۋە ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىنى تەڭشەپ ھەربىي ئۇنۋان تۈزۈمىنى يولغا قويدى . ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى تەشكىللىنىشى مۇنداق بولدى .

1- بىرىگادا (يەكەن بىرگادىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئورنى قوشراپتا ، بۇ بىرىگادا يەكەن تەرەپتىكى تاجىك ، قىرغىز ، ئۇيغۇر پولكى ۋە يېڭىساردىكى بىر قىرغىز پولكىدىن تەشكىللەنگەن بىرىگادا كوماندىرى مادايۇف.

مۇئاۋىن بىرىگادا كوماندىرى ھاكىم شىرىپ (قىرغىز)، شتاب باشلىقى: شەمسىدىن سەخى.

بۇ بىرىگادا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قىرغىز پولكىدىن باشقا قاغىلىق ئۇيغۇر پولكى ۋە يېڭىساردىكى تاجىك، قىرغىز پولكىمۇ بار ئىدى قاغىلىق ئۇيغۇر پولكىنىڭ پولك كوماندىرى ھاشىم ئاخۇن (ئۇيغۇر، قاغىلىقتىن، كېيىن گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن) مۇئاۋىن پولك كوماندىرى تۇردى قارىبەك (ئۇيغۇر، قاغىلىقتىن كېيىن گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن) يېڭىسار ئېگىز ياردىكى قىرغىز پولكى، پولك كوماندىرى ئوسمان باتۇر ( قىرغىز، سۇ باشتىن)، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ئوسمان ×××××(قىرغىز، ئاقتوۋدىن) شتاپ باشلىقى تاشتۆمۈر (قىرغىز، سۇباشىدىن ) بۇلارنىڭ قارمىقىدا بىر تاجىك روتىسى بولغان روتا كوماندىرى ئەبىبىللا (تاجىك ، تاشقورغان يېزىسىدىن كېيىن گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ) .

2- بىرىگادا ، ئورنى: ئويتاغدا، قارمىقىدا ئىككى پولك بولغان .

بىرىگادا كوماندىرى: تاھىر ( قىرغىز ، تاشقورغاننىڭ كوكيار مىللىي يېزىسىدىن )

سىياسىي كومىسسارى بۇرغالى ( قازاق ) شتاب باشلىقى قەمبەر ( قىرغىز ، ئاقتوۋدىن ) .

ئويتاغ قىرغىز پولكى:

پولك كوماندىرى: سايىت بەگ ( قىرغىز ، ئۇلۇغچاتتىن ) مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ساتىبېك ( قىرغىز، ئۇلۇغچاتتىن )

شتاب باشلىقى سۇۋانقۇلى ( قىرغىز ، ئۇلۇغچاتتىن ) .

www.kitaphumar.com

قەشقەر ئۇيغۇر پولكى: پولك كوماندىرى ھەسەن ھاجى (ئۇيغۇر، يېڭىساردىن) مۇئاۋىن پولك كوماندىرى تۇرسۇن (ئۇيغۇر، يېڭىساردىن گومىنداڭ تەرىپىدىن تىرىك كۆمۈلگەن ) قاغىلىق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن جەنۇبى ئۇيغۇر رايونى مىللىي ئازادلىق فرونتى قۇرۇلۇپ 11 كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. مۇدىرى ساۋۇت قارى (ئۇيغۇر، يېڭىساردىن) ھەيئەتلىرى ئىسھاقبېك، كارۋانشاھ، سىيتبېك، سىدىقخان غوجام (ئۇيغۇر، ئاقتۇدىن) مەمەت ئەيسا، ئابدۇللا دوموللا، قۇتلۇغۇۋ ( دائىمىي ئىشلارنى باشقۇرغان ) قاتارلىقلار

ئەگرى ــ توقاي ۋە مۇشەققەتلىك قوراللىق كۈرەش

ئىنقىلابى قوشۇن تەرتىپكە سېلىنىپ بىر ئايلىق تەلىم ــ تەربىيىدىن كېيىن، ئىنقىلاب ۋەزىيەتنى داۋاملىق تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئازاد بولغان رايونلارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۇرۇشنى پامىردىن شەرقى شىمال تەرەپتىكى قەشقەر ۋە يەكەن تەرەپلەرگە سۈرۈپ ، ئومۇمىيۈزلۈك يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قوشۇننى ئۈچ يۆنىلىشكە ئايرىپ، جەڭگە ئورۇنلاشتۇردى. ھەربىي يۈرۈشنىڭ نىشانىسى مۇنداق بولدى.

بىرىنچى يۆنىلىش قىسمى: ئوپال، تاشمىلىق تەرەپكە بىۋاستە ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي جەنۇپ تەرەپتىن قەشقەرنى قىسىش.

ئىككىنچى يۆنىلىش قىسمى: ئاقتالا ئارقىلىق مېڭىپ يېڭىسارنى ئازاد قىلىش ۋە بۇ ئىككى قوشۇن ئىككى تەرەپتىن يەنىمۇ ئىلگىرلەپ قەشقەرنى ئازاد قىلىش، قەشقەر بىلەن يەكەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش.

ئۈچىنچى يۆنىلىش قىسمى: يەنى تاجىك پولكى زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ خەتەرلىك تاغ ــ داۋانلاردىن ئېشىپ، داتۇڭ ، كوسراپ ئارقىلىق يۈرۈش قىلىپ، قاغىلىق بىلەن پوسكامنى ئازاد قىلىپ، خوتەن بىلەن يەكەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا يەكەننى ئازاد قىلىش، ئىنقىلابى قوشۇن يۇقارقى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن ئىنقىلابى ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى يەنى قەشقەر، يەكەن ئەتراپلىرىدا جاپالىق قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىش باسقۇچى باشلاندى . ئەگەر بۇ باسقۇچتا يەنى تاشقورغاننى ئازاد قىلىش، ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەت ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىنقىلابى قوشۇن قۇرۇش باسقۇچى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق بولدى دېيىلىدىغان بولسا ئۇ ھالدا ئىنقىلابى ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى ناھايىتى مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق بولىدۇ . بۇ باسقۇچتا زور غەلىبىلەرمۇ قولغا كەلتۈرۈلدى. ۋە ئېچىنىشلىق ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ بولدى.

ئىنقىلابى قوشۇن ھەرقايسى يۆنىلىشتىكى قىسىملار بەلگىلەنگەن نىشان بويىچە ئوڭۇشلۇق ھالدا يۈرۈش باشلىدى . بۇ ۋاقىتلاردا جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەتراپىدىمۇ ‹‹ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى›› قوشۇنى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن

www.kitaphumar.com

گومنداڭ قوشۇنلىرى ھەرقايسى جايلاردا خەلق قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، گومنداڭ قوشۇنلىرى ھەرقايسى جايلاردا خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ بىرىبىرىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقورغاندا ئىنقىلابى قوشۇن بىراقلا غەلىبە قىلىپ دۈشمەننى يۈرۈكزادە قىلىۋەتكەن . دۈشمەن تېخى ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بولالمىغان ھەمدە باشقا جايلاردىكى قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. شۇڭا، بۇ باسقۇچنىڭ دەسلىپىدە مىللىي ئىنقىلابى قوشۇن ھەرقايسى سەپلەردا چاقماقتەك تېز يۈرۈش قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

تاشقورغاندىن قېچىپ چىققان دۈشمەن ئەسكەرلىرى چېچەكلىكتە ئوبۇل قاسىم رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلارنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ ئۇدۇلچىلا گۈمبەزگە قاراپ قاچتى . ئۇلار يىل بويى خەلق ئاممىسىنىڭ چارۋىسىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، خەلقنى زار قاقشاتتى . شۇڭا مىللى ئىنقىلابى قوشۇن دۈشمەننى ئىز بېسىپ قوغلاپ ماڭغاندا خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېگە بولدى. بىرمۇنچە كىشلەر يولدا ئىنقىلابى قوشۇنغا قاتناشتى. چىل گۈمبەزگە بارغاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسملىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى يوقاتتى. بۇ يەرلەردە قوشۇنغا يېڭىدىن كىرگەنلەرنى ھەرقايسى قىسملارغا بۆلۈپ، تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن ئاقتالاغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئەملىي كۈچى 223 كىشىگە يەتتى . گومنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى شىددەت بىلەن ئىلگىرلەۋاتقان ئىنقىلابى قوشۇننى توسۇپ، ئۆزىنىڭ تېرىپىرەن بولغان قوشۇننى قۇتقۇزۇپ قېلىشى ئۈچۈن قەشقەردە تۇرۇشلۇق 3 ـ پولكىدىن روتا ئەسكەرنى ياردەمگە ئېۋەتتى . دۈشمەننىڭ 3 ـ پولكى شۇ ۋاقىتلاردىكى گومنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى بولغان قىسىم ھېسابلىناتتى. ياردەمگە ئېۋەتىلگەن بۇ روتىمۇ خىللانغان بولۇپ ، دۈشمەن ئۆزىچە بۇ كۈچ بىلەن ئىنقىلابى قوشۇننىڭ ئالغا ئىلگىرلىشىنى پۈتۈنلەي توسۇۋالغىلى بولىدۇ. دەپ ھېسابلىغان ئىدى. لىكىن دۈشمەن چوتىنى خاتا سوققان ئىدى. 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىنقىلاۋى قوشۇن ئاقتالاغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ كەڭقول ئەتراپىدا دۈشمەننىڭ ئۈچ ئىستېھكامىنى ۋەيران قىلىپ، دۈشمەننىڭ شۇ قىسمىنى پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە 15 ـ، 16 ـ كۈنلىرى قاتتىق ئۇرۇش قىلىپ دۈشمەننى ئېگىز يار ۋە يېڭىسارغا قېچىشقا مەجبۇر قىلدى، مۇشۇ بىر قېتىملىق جەڭدىلا 160 دىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتتى. 20 كىشنى ياردار قىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بىر روتا كاماندىرىمۇ بار ) 120 تال مىلتىق، 18 ئېغىر ـ يىنىك پىلموت ۋە نۇرغۇن ئوق ـ دورا غەنىمەت ئېلىپ، قوزغىلاڭ باشلانغاندىن بۇيانقى ئەڭ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. شۇ قېتىملىق جەڭ غەلبىسىنىڭ ئىلھامى بىلەن دۈشمەننى ئېگىز يارغىچە قوغلاپ باردى. دۈشمەن ئېگىز يارنىمۇ تاشلاپ

www.kitaphumar.com

يېڭىسارغا قاراپ قاچتى. يول بويى يەرلىك ئامىمدىن 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ ، مەجبۇرى ھالدا ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالدى. دۈشمەن ئېگىز ياردىن يېڭىسارغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن مەجبۇرى تۇتۇپ كەتكەن ئاممىسنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋىلىپ زىيان بولغان ئەسكەر سانىنى تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېگىز يارغا يەنە قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، ئېگىز يارنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. ئىنقىلابى قوشۇن قايتارما ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەننىڭ يولىنى توسۇپ زەربە بەردى. دۈشمەننىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى 57 نەپەر ئەسكەرنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىپ تۇتۇۋالدى . قالغان دۈشمەنلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېڭىسارغا تىكىۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا يەكەن تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن 200 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئالدى . كەينىدىن ئوققا تۇتۇپ ئۇلارنىڭ 47 ئادىمىنى يوقاتتى بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە پارتىزانلاردىن فەرەنگى ئەبلىشۇ، شويىن، مەتخۇشال قاتارلىق تاجىك ۋە ھەرمىللەت جەڭچىلىرى بولۇپ، بىر نەچچە ئون كىشى ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، دۈشمەننى يوقىتىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىنقىلابى قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى . ئاقتالا ۋە ئېگىز ياردىكى جەڭدە ئىنقىلابى قوشۇن قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىپ دۈشمەننىڭ 300 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى ۋە ئەسىر ئالدى . 280 تال مىلتىق، 18 ئېغىر – يېنىك پىلىموت ۋە نۇرغۇن ئوق – دورا غەنىمەت ئالدى. دۈشمەندىن ئەسىرگە چۈشكەن ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرىنى تەربىيلەپ ئۆز سېپىگە قوشتى. شۇڭا، يېڭىسار يۆنىلىشتىكى ئىنقىلابى قوشۇننىڭ كۈچى تېزلىكتە ئۇلغىيىپ 400 كىشىدىن ئاشتى . ھەمدە يېڭىسارغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگىچە ئىلگىرلەپ باردى . ئېگىز يار خەلقى ئىنقىلابى قوشۇننى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇلارنى ئاشلىق، ئوت- چۆپ بىلەن تەمىنلىدى .

قەشقەر يۆنىلىشكە قاراپ ماڭغان قوشۇنلار دۈشمەننى سۈباش، بۇلۇڭكۆل قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ، بوستان تېرەك قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلدى. ۋە ئەتراپتىكى دۈشمەننى قوغلاپ 9- ئاينىڭ 15 - كۈنى ئوپالنى ئىگەللىدى. گومىنداڭ قوشۇنى تاشمىلىق، چەشتاغ، توققۇزاق قاتارلىق جايلارغا قاچتى. ئوپال خەلقى ئىنقىلابى قوشۇنغا 60ئات ياردەم قىلدى.

9- ئاينىڭ 16 - كۈنى بۇ قوشۇن تاشمىلىققا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تاشمىلىقنى ئالالمىدى . ئۇلار غەربىي جەنۇپ تەرەپتىن قەشقەرگە جىددىي تەھدىت سالغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەر دائىرلىرىنى خېلىلا ئالاقزادە قىلىۋەتتى. شۇڭا، دۈشمەن ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى ئاساسى كۈچىنى ئوپال، تاشمىلىققا قارىتىشقا مەجبۇر بولدى .

يەكەن يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرلىگەن تاجىك پولكىدىن قاسىم بېك رەھبەرلىك قىلغان قىسىم كوسراپقا كېلىپ ئايرىتاشتا دۈشمەنگە قاتتىق تەھدىت سالدى .

www.kitaphumar.com

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەينىدىن رەھبەرلىك قىلغان 160 كىشىمۇ چىل گۇمبەز ئارقىلىق كوسىراپقا كېلىپ قاسىم بېكنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلەشتى . ئۇلار بىرلەشكەندىن كېيىن زەرەپشان دەرياسىغا سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاپ دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى .

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پولك كوماندىرى لەشكەر باشچىلىقىدىكى ئاساسىي كۈچمۇ يېتىپ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلار قوشۇلغاندىن كېيىن ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈپ، كاچۇك ۋە تۇمشۇق سارايدىكى دۈشمەن بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. كاچۇك ۋە تۇمشۇق سارايغا ھۇجۇم قىلغان بۇ ئىككى سەپتىكى قوشۇن بىرقانچە كۈنلۈك جاپالىق جەڭ ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇنىنى ئۇ يەرلەردىن قوغلاپ چىقاردى. دۈشمەن قېچىپ پوسكامغا كىرىۋالدى. بۇ جەڭدە دۈشمەندىن 33 ئادەم يوقىتىلدى. بىر مۇنچە ئوق ـ دورا ۋە كاچۇكدىكى بىر ئاشلىق ئىسكىلاتىنى غەنىمەت ئالدى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى لەشكەر باشچىلىقىدىكى تاجىك پولكى 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن پوسكامغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ مەخپىيەتلىكى ئاشكارلىنىپ، دۈشمەن ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ ھەرىكىتىنى بالدۇر سېزىۋالغاچقا، بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. پەقەت بىرنەچچە ئاتنىلا غەنىمەت ئالالىدى. پوسكامغا قىلىنغان ھۇجۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىنقىلابىي قوشۇن پوسكامنى مۇھاسىرە قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ياقا ئېرىققا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىدى .

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياقا ئېرىققا ھۇجۇم قىلىپ مۇھاسىرە قىلدى. 19 ـ كۈنى ياقا ئېرىقنى ئازاد قىلىپ دۈشمەندىن 38 كىشىنى يوقاتتى. 24 تال مىلتىق، بىر پىلىموتنى غەنىمەت ئالدى. ياقا ئېرىقنىڭ ئازاد قىلىنىشى پوسكامدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنى قاتتىق چۆچۈتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پوسكامنى تاشلاپ قاچتى . لېكىن، ئىنقىلابىي قوشۇن دۈشمەننىڭ پوسكامنى تاشلاپ قاچقانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا، دۈشمەننىڭ پوسكامدىن قاچقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ پوسكامنى ئىشغال قىلمىدى . پوسكامدىن قاچقان دۈشمەن قوشۇنى ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە پوسكامغا قايتىپ ئورۇنلىشىۋالدى . ئىنقىلابىي قوشۇن دۈشمەن كۈچىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسەن يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق ئاساسىي بازىلىرىدا قامىلىپ قالغانلىقىنى، بۇ ئاساسىي بازىلىرىدىن باشقا جايلاردا بولسا دۈشمەنلەرنىڭ تايانچىسىز پارچىلانغان، يەككە ـ يەككە ھالدا قالغانلىقىنى ئىگەللىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئاساسەن ئىنقىلابىي قوشۇن تايانچىسى، يەككە قالغان دۈشمەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىپ، ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي بازىلىرىدىكى كۈچلىرىنى يوقىتىشقا ئوبدان تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆز كۈچلىرىنى 30 ـ، 40

www.kitaphumar.com

دىن بۆلۈپ، يەكەن، يېڭىسار ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ يوقاتتى . شۇنىڭ بىلەن ياقا ئېرىق، قىزىلتاغ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلدى. يېڭىسار، ئېگىزيار ، پوسكام ئوتتۇرىسىدىكى يولنى تۇتاشتۇردى .

1945 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يېڭىساردىكى جاڭ دۈيجاڭ، دۇسۇجاڭلار ئۆز قارىمىقىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ پوسكام ۋە قاغىلىققا كېلىپ ئورۇنلاشماقچى بولدى . كېيىن ئۇلار پوسكامنىمۇ تاشلاپ ھەممە كۈچىنى قاغىلىققا يۆتكەپ قاغىلىقنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ ياتتى. ئۇلار قاغىلىققا كەلگەندىن كېيىن خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى. بىز ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زۇلمىتىدىن زار قاقشىغان خەلق ئاممىسى مىللىي ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ تېزلىكتە كېلىپ، ئەكسىيەتچىلەرنى يوقىتىپ ، ئۆزلىرىنى زۇلۇم دەستىدىن ئازاد قىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. بەزىلىرى دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردىن قېچىپ چىقىپ ئىنقىلابى قوشۇنغا دۈشمەن ئەھۋالىنى يەتكۈزدى. بەزىلىرى دۈشمەن قوشۇنىنى ئۆز بازىلىرىدىن ئالداپ ئاچىقىپ، ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ مۆكتۈرمىسىگە ئېلىپ كەلدى. خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا بۇ ئەتراپتىكى تارقاق بازىلاردىكى دۈشمەن قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى . قاغىلىققا قاپسىلىپ قالغان دۈشمەن قوشۇنى پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە چۈشۈپ، تايانچىسىز قالدى . قاغىلىقنى ئازاد قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلدى .

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ 600 دىن ئارتۇق ئادىمى قاغىلىق ناھىيە بازىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. قىرغىز پولكى بىر روتا ئادەم دۈشمەننىڭ خوتەندىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇنىنى توسۇش ئۈچۈن خوتەن تەرىپىدىن كېلىدىغان يولدا مۆكتۈرۈلدى. يەنە بىر قىسىم قوشۇن پوسكامغا ھۇجۇم قىلدى . پوسكام تەرەپتىكى دۈشمەن ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي پوسكامنى تاشلاپ يەكەنگە قېچىپ كەتتى. تاجىك پولكى قان تۆكمەيلا پوسكامنى ئازاد قىلدى. قاغىلىق ناھىيە بازىرىدىكى دۈشمەن قوشۇنى شەھەر دەرۋازىسىنى ئېتىۋېتىپ قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. نەتىجىدە شەھەردە قاپسىلىپ قىلىپ ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقالمايدىغان ھالەتكە چۈشتى. 5 ـ 6 سائەتلىك قاتتىق جەڭدىن كېيىن دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ قېچىشقا ھەرىكەت قىلدى . لېكىن، مۇھاسىرە ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا پەقەت ئاز بىر قىسىم ئەسكەرلا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەلىدى. قالغانلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى . 2700 تۇياق ئات ئولجا ئېلىندى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق 12 ـ دىۋىزىيە قاغىلىقنىڭ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئالاقزادە بولدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن قاغىلىقتىكى قوشۇنلارنىڭ قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ

بازىنى قاتتىق ساقلىشنى بۇيرۇسا يەنە بىر تەرەپتىن 3000 كىشىلىك قوشۇننى قاغىلىققا ياردەم بېرىشكە ئېۋەتتى . دۈشمەننىڭ بۇ ياردەمچى قوشۇنى تۈمشۇق سارايغا كەلگەندە شۇ يەردە توسۇپ تۇرغان قىرغىز پولكىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى . بۇ يەردە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن دۈشمەن قوشۇنى ئالاقزادىلىكتە بىرەر پاي ئوقمۇ ئېتىشقا ئۈلگۈرمىدى. 300 دەك ئۆلۈكنى تاشلاپ بەدەر تىكىۋەتتى . ئىنقىلابىي قوشۇن ھەر يەردە يول توسۇپ ئۇلارغا زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ بۇ ياردەمچى قوشۇننى زور تالاپەتكە ئۇچراتتى. بۇ قوشۇننىڭ ئارقىدىن توشۇپ كېلىنگەن ئوزۇق ـ تۈلۈك تەمىناتىنى پۈتۈنلەي ئولجا ئېلىپ ئۇلارنى تەمىناتسىز قالدۇردى. 5 ـ 6 كۈن دۈشمەننى سۆرەپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە، دۈشمەننى ھالسىراتتى. دۈشمەننىڭ ئوزۇق- تۈلۈك تەمىناتى ئولجا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئاچلىق دەردىدە بەكمۇ روھسىزلىنىپ كەتتى. دۈشمەن قوشۇنىدىكى مىللىي ئەسكەرلەر ئىنقىلابىي قوشۇنغا تەسلىم بولماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇش غەرىزى دۈشمەن تەرىپىدىن سىزىۋېلىنغانلىقى ئۈچۈن 60 دىن ئارتۇق ئەسكەر ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. دۈشمەن قوشۇننى شۇنداق سۆرەپ يۈرۈپ يوقىتىش نەتىجىسىدە ئاخىرى قاغىلىققا ياردەم بېرىش غەرىزىدىن يېنىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. چېكىنىش جەريانىدا يەنە ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئۆزىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىدىن ئايرىلدى .

قاغىلىقنى مۇھاسىرە قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن تاجىك پولكى غەلبىلىك ھالدا ناھىيە بازىرىغا كىردى. قاغىلىقنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا مىللىي ئىنقىلابىي قوشۇن ناھايىتى زور ئىنقىلابىي قىزغىنلىق ۋە قەھرىمانلىق رولىنى جارى قىلدۇردى . بۇ جەڭدە ئەرلەرلا ئەمەس ئاياللارمۇ قالتىس شجائەت ۋە جاسارەت كۆرسەتتى . تاجىك پولكىنىڭ سانتاركىسى دىلدانە (تېرەك لەڭگەرلىك) دېگەن تاجىك قىزى ئۇرۇش جەددىيلىشىپ، دۈشمەن ھەربىي قىسىملىرى قېچىپ كەتكەن، ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر تېخى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان پەيتتە، پولك كوماندىرى لەشكەر تەرىپىدىن ئالدىنقى ئۇرۇش سېپىگە ئالاقىچىلىككە ئەۋەتىلدۇ. ئۇ ئالدىنقى سەپكە يېتىپ كەلگەندە دۈشمەن ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر تېخى قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئىكەن . ئۇ ئايلانما يول بىلەن سەپداشلىرىغا يېقىنلاشماقچى بولۇپ تام ياقىلاپ كەلگەندە، دۈشمەن بىر ئۆيدىكى ئىچىدىكى 30 نەچچە ئەسكىرىنىڭ پىلىموت بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇننى ئوققا تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ـ دە، دەرھال قولىغا گرانات ئېلىپ، ئۆگزىگە چىقىپ، تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىدىكى دۈشمەنلەرگە « دەرھال قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇش، بولمىسا ھەممىڭنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋېتىمەن» دەپ ۋارقىرايدۇ. دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇنداق تۇيۇقسىز زەربىدىن ئالاقزادە بولۇپ، قورال تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن

ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان مىللىي ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا يول ئېچىلىپ بىر «ۋورىا» ساداسى بىلەن ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلدۇ. چېۋەر، ئەقىللىق ، باتۇر تاجىك قىزىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى مىللىي ئىنقىلابى قوشۇنىدىكى بارلىق كوماندىر جەڭچىلەرنى ھەيران قالدۇردۇ. كىشىلەر بۇنداق قەھرىمانلىق جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. بۇ كوماندىر جەڭچىلەرنىڭ ئىنقىلابى كۈرەش ئىرادىسىگە غايەت زور ئىلھام بولىدۇ .

قاغىلىق بىلەن پوسكام ئازاد بولغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار ئىنقىلابى ھاكىمىيەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ تاشقورغان مەمۇرىي مەھكىمىسىگە تەۋە قىلدى. مىللى ئارمىيە ئۇيغۇر پولكى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىلدى. ئالتە كۈن ئىچىدە 1500 دىن ئارتۇق كىشى مىللىي ئارمىيىگە قاتناشتى . ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ ئومۇمى سانى 5000 دىن ئاشتى. (ئەلۋەتتە بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە تېخى قورال-ياراغ يوق ئىدى) مۇھاسىرىدىن قېچىپ چىققان دۈشمەن ئەسكەرلىرى گۇما تەرەپكە قېچىپ بېرىۋالدى، گۇمىغا بارغان گومىنداڭ قوشۇنلىرى نۇرغۇن ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ ئۆيلىرىنى سۆكۈپ 1500 مېتىردىن ئارتۇق ئاكوپ قېزىپ ئىنقىلابى قوشۇندىن قاتتىق مۇداپىئە كۆردى. ئىنقىلابى قوشۇن قاچقۇن دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش ئۈچۈن گۇمىغا قاراپ ئىلگىرلىدى تۆت كۈنلۈك كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق گۇما ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 1 ـ دىۋىزىيە ئامانلىق قوغداش قىسىملىرى 28 كىشىنىڭ جەسىتىنى قالدۇرۇپ خوتەنگە قاراپ قاچتى .

قاغىلىقنى ئازاد قىلىپ بولغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار يەكەن ۋە يېڭىسارىغا بىرلىكتە ھۇجۇم قوزغاپ، بۇ ئىككى جاينى بىراقلا ئازاد قىلىشنى پىلانلىدى . بۇ تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دولقۇنى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابى ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى، ئىنقىلابى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قوزغىشى ۋە گومىنداڭنىڭ مۇداپىئە كۆرۈش باسقۇچى ئاخىرلىشىشىدىن دېرەك بېرەتتى.

1946 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر پولكىدىن 300 دىن ئارتۇق جەڭچىلەر ئاجرىتىلىپ غەلبىلىك ھالدا يۈرۈش قىلىپ، گومىنداڭ زور كۈچ بىلەن ساقلانغان يەكەن ناھىيىسىگە قىستاپ باردى. بىر كېچە جەڭ قىلىش ئارقىلىق قوزغىلاڭچىلار يەكەن كونا بازىرىنى ئىشغال قىلىپ بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان دۈشمەننى يېڭى شەھەرگە قىستاپ كىرگۈزۈپ، قاتمۇ ـ قات مۇھاسىرىگە ئېلىپ بىر ھەپتە قورشاپ تۇردى. بۇ ۋاقىتتا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان قوشۇنلىرى چېكىنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىدىكى بارلىق قوراللىق كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ تاشقورغان ئىنقىلابى قوراللىق كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى .

يەكەننى ساقلاۋاتقان دۈشمەن بىر تەرەپتىن جاھىللىق بىلەن جىننىڭ بىرىچە قارشىلىق كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن تېلېگراممىا يوللاپ جىددىي ياردەمچى قوشۇن يۆتكەپ قۇتقۇزۇشنى مۇراجىئەت قىلدى. بۇ پەيتتە دۈشمەننىڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ تەرەپلەردىكى قوشۇنلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ياردەمگە كېلىۋاتاتتى. زور ئەسكىريي كۈچ شەھەرگە يېقىنلاشقان، ۋەزىيەت تېخىمۇ جىددىيلەشكەن پەيتتە قوزغىلاڭچىلار سېپىلگە ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، دۈشمەن ئۈچ تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقان، دۈشمەن كۈچى كۆپ، قوزغىلاڭچىلار ئاز بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سېپىلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، بىر تەرەپتىن ئېتىشىپ بىر تەرەپتىن چېكىنىدى. بايەك ئىسكادرون كوماندىرى، بايەك باشچىلىقىدىكى 60 نەپەر كىشى يەكەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا قاتتىق ئوكۇشىسىزلىققا ئۇچرىدى. ئۇلارغا «يول باشلىغۇچى» بولغان ئادەم گومىنداڭ ئىشپىيونى بولغاچقا، ئۇلارنى دۈشمەن مۇھاسىرىسى ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئۇلار دۈشمەننىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن دۈشمەن ئۇلارغا ئالدى ۋە ئارقىسىدىن شىددەتلىك ئوت ئاچتى. پەقەت شۇ چاغدىلا بايەك ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنىپ دۈشمەن مۇھاسىرىسى ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ، جەڭچىلەرگە ئىلاجىنىڭ بىرىچە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى . بىر كېچىلىك قاتتىق جەڭ نەتىجىسىدە بۇ بىرقىسىم جەڭچىلەردىن پەقەت 28 كىشىلا مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەلىدى. 31 كىشى قۇربان بولدى. بايەك دۈشمەننىڭ قاتتىق مۇھاسىرىسى ئىچىدە قىلىپ دۈشمەننىڭ قولغا ئىرىك چۈشمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈرالدى. دۈشمەن ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېلىپ خوتەن،يەكەن قاتارلىق جايلاردا سازايى قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئىنقىلابىي قوشۇندىن 150 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىم بولدى. يەكەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان ئىنقىلابى قۇربانلارنىڭ تېز پۈكمەس قەھرىمانلىق جاسارىتى ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھى جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ھازىرغىچىمۇ كىشلەر تەرىپىدىن يادلانماقتا . شۇ ۋاقىتلاردا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ راسكام دېگەن كەنتىدىن بىر موماينىڭ بىر يالغۇز ئوغلىمۇ بايەك بىلەن بىرلىكتە يەكەن ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، جەڭدە قۇربان بولغان. بۇ موماي ئوغلىنىڭ جەڭدە بايەك بىلەن بىرلىكتە قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوغلىغا ئاتاپ ئوقۇغان مەرسىيە ناخشىسىدا بىر ئانىنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان چەكسىز ھەسرەتلىك ھاياتى ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىغا بولغان غەزەپلىك شىكايىتى، خەلق قەھرىمانلىرىغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ ناخشا ھازىرغىچە كىشلەر تەرىپىدىن يادلانماقتا .

يېڭىسار چەشتانە تەرەپكە ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلارمۇ ئوخشاشلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ چېقىم تارتتى. گومىنداڭ ئۆزىنىڭ 34 ـ پولك ۋە 17 ـ پولكىدىن 1500 دىن ئارتۇق ئەسكىري كۈچنى يۆتكەپ يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئىنقىلابى قوشۇننى مۇھاسىرە قىلىپ توسۇشقا ئەۋەتتى. گومىنداڭنىڭ بىر تۈركۈم ئەسكىري كۈچى ئىنقىلابى قوشۇننىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئاز ـ ئازدىن بىرقانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، بىرقانچە يول بىلەن يېڭىسارغا كېلىۋاتقان ئىنقىلابى قوشۇننى ئەگۈش دېگەن يەردە مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى . ئىنقىلابى قوشۇن تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىشى بىلەن تەڭلا تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مۇشۇنداق پىلانسىز ھالدىكى چېكىنىش نەتىجىسىدە ئىنقىلابى قوشۇننىڭ 100 دىن ئارتۇق ئادىمى دۈشمەن قوشۇنى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىمۇ شۇنىڭ بىلەن يوققا چىقتى .

چەشتاغقا ھۇجۇم قىلىپ بارغان ئەنجانباي (ئۇيغۇر) باشچىلىقىدىكى 320 نەپەر ئىنقىلابى قوشۇنمۇ گومىنداڭنىڭ چەشتاغدىكى روتا ئەسكىري كۈچىنى مۇھاسىرە ئىلىپ ئۇلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن ياردەمچى كۈچلىرى تېزلىكتە يېتىپ كەلگەچكە، ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ بەلگۈتاغ تەرەپكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەنجەنباينىڭ ئىتتىغا ئوق تېگىپ قوشۇن بىلەن چېكىنىپ چىقىپ كېتەلمىدى. ئۆزى يالغۇز دۈشمەننىڭ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ ئۇرۇش قىلىپ بىرقانچە ئون ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئاخىرى ئۆزىمۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ يەكەنگە ئىلىپ كېتىپ كېيىن يەنە ئوپالغا ئەكېلىپ كوچىدا ئېسىپ قويۇپ سازايى قىلدى. ھەمدە خەلق ئاممىسىنى يىغىپ ‹‹ئەگەر كىمدە كىم ھۆكۈمەت بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدۇ ›› دەپ تەھدىت سالدى كىشلەرنى ئىنقىلابى قوشۇن بىلەن قىلچە ئالاقىدە بولماسلىق كېرەك دەپ مەجبۇرلىدى . ئىنقىلابى قوشۇننىڭ يەكەن، يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىشى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابى ئىرادىسى بۇنىڭ بىلەن بوشىشىپ كەتمىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بايەك، ئەنجانبايلارغا ئوخشاش ئىنقىلابى قەھرىمانلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ھەممە يەردە سازايى قىلغىنى بىلەن ئاممىنى زادىلا قورقىتالمىدى. ئەنجانباينىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئوپالدا ئاممىنى يىغىپ سازايى قىلغاندا ئايتىللا دېگەن ئۇيغۇر ئايال مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ بارلىق خەلقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنسانىيەت قىلىپىدىن چىققان بۇنداق ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقى، ئۇلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى دەھشەتلىك زۇلمىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى . خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتىنى تەقدىم

قىلغان ئەنجانبايدەك قەھرىمانلارغا چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇ «بىز بۇگۈن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ بېشىنى كۆرمەكتىمىز، ئۇ بىزنى ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قۇربان بولدى. ھۆرلۈكنى سۆيگۈچى خەلق ئۇنى ئۆمۈرۋايەت ئەسلەيدۇ . ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپ، گومىنداڭنىڭ بىر غالچىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، «ئۆزەڭگە قاراپ باق، نەرىڭ ئادەمگە ئوخشايدۇ، سېنىڭ ھاياتىڭنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بىر داچەنگىمۇ يارىمايدىغان ئەڭ پەسكەش ھايات» دەپ قاتتىق سۆكىدۇ. دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمايدىغان بۇ مەردانە ئايالنىڭ ئاخىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قانداق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغانلىقى، تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇنداق مەردانە سۆزلىرى ئىنقىلابى خەلقنىڭ ھەرقانداق زورلۇق ـ زومبۇلۇقلارغا تېز پۈكمەيدىغان قەيسەر ئىرادىسىنى نامايان قىلدى.

ئىنقىلابى قوشۇننىڭ يەكەن، يېڭىسارغا قىلغان ھۇجۇمى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندىن كېيىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىدىكى بارلىق ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تاشقورغان ئىنقىلابىنى ئۇ جۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئازاد رايونلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.

1945 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گومىنداڭ 4000 دىن ئارتۇق ھەربىي كۈچى بىلەن قاغىلىققا ھۇجۇم قوزغىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەكەن، قەشقەر، گۇما تەرەپتىكى بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا ماسلاشتى. قاغىلىقتىكى ئىنقىلابى قوشۇن گومىنداڭنىڭ بۇ قېتىمقى قورشاپ يوقىتىشىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇر ـ مىسىدىكى پەرىق ناھايىتى زور بولغاچقا، ئاخىرى قاغىلىقنى تاشلاپ كاچۇڭ تەرەپكە چېكىندى. كاچۇڭدىمۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراپ ئاندىن قوشراپقا چېكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە كۈنگىچە قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن بىلەن ئارلىق تاشلاپ جەڭ قىلىپ پارتىزان لىق ئۇرۇشتا قەتئىي چىڭ تۇردى. ئۇلار كۆپ قېتىم باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك بىلەن گومىنداڭنىڭ قوغلاپ كەلگەن قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بەردى. ئىككىلا تەرەپتە يېڭىش ۋە يېڭىلىش بولدى، شۇنداقتىمۇ ياردەمسىز قىلىپ كۈچى چەكلىك بولغاچقا، مۇتلەق ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىپ توسۇشى ئاستىدا ئۆلۈش ۋە يارىلىنىش كۆنسايىن كۆپەيدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق ئازاد رايونلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن شۇ يەرلەردىكى خەلق ئاممىسىنى دەھشەتلىك قىردى. قاغىلىقتا دەريا ـ ئېقىنلار بىگۇناھ خەلقنىڭ جەسەتلىرى بىلەن

توشۇپ كەتتى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئىنقىلابى قوشۇننىڭ ئىشپيونى دەپ بەدنام چاپلاپ، خالىغانچە چېپىپ تاشلىدى. ھەتتا كىچك باللارنىمۇ ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈردى. مىڭلىغان كىشىلەرنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ئاكۇپ كولاش ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ياساشقا مەجبۇرلىدى . نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى سۆكۈپ دەل ـ دەرەخلەرنى كېسى، قومۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئاكۇپ قېزىپ ھەربىي پوستلارنى ياسىدى . كىشلەر ئۆي ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولدى.

ئىنقلابى قوشۇن قاغلىق، پوسكام قاتارلىق ئازاد رايونلاردىن چېكىنىپ قوشراپقا كەلگەندىن كېيىن قىسملارنى دەم ئالدۇرۇپ تەرتىپكە سېلىش، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭنىڭ بىر قانچە قېتىملىق ھۇجۇمىغا ئۇنۇملۇك زەربە بېرىپ، نۇرغۇن ئوق ـ دورا ھەربىي ئەسلىھەلەرنى غەنىمەت ئېلىپ ئۆزىنى قوراللاندۇردى. گومىنداڭ ئارمىيسى تاشقورغان ئىنقلابى قوشۇننى قاغلىق، پوسكامدىن چېكىنگەندىن كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئىنقلابى قوشۇننىڭ ئاساسى بازىسى بولغان تاشقورغاننى ئىشغال قىلىش ۋە شۇ يول بىلەن بۇ ئىنقلابى قوشۇننى پۈتۈنلەي يوقىتىش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق 12 - پولكىنى ۋە ئاقسۇدىن يۆتكەپ كەلگەن يەنە بىر پولك ئەسكىرى كۈچىنى توپلاپ شىددەت بىلەن تاشقورغانغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، تاجىك پولكى قوغداۋاتقان ئارقا داۋان دېگەن يەرگە كەلدى . ئارقا داۋاندا شۇ ۋاقىتتا تاجىك پولكىدىن 15 نەپەر جەڭچى كۆزەتكە قويۇلغان بولۇپ، ئاساسى كۈچى ئايرىتاش دېگەن يەردە تەرتىپكە سېلىنىۋاتاتتى. كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان جەڭچىلەر دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال پولك شتابىغا مەلۇم قىلدى. تاجىك پولكى دەرھال يۈرۈش قىلىپ ئارقا داۋانغا ئىلگىرلىدى . ئىككى تەرەپ تار جىلغىدا ئۇچرىشىپ قىلىپ بىر ئاز ئېتىشقاندىن كېيىن دەرھال ئارقىغا يېنىپ ئىككى تەرەپتىكى تاغ چوققىلىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن تاققا ياماشتى. تاجىك پولكىنىڭ كوماندىرى لەشكەرنىڭ پۈتىنغا ئوق تېگىپ يارلانغان بولسىمۇ يەنىلا جەڭچىلەر بىلەن بىرلىكتە تاغ چوققىسىغا چىقىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدى. تاجىك پولكىدىكى كوماندىر جەڭچىلەر بىلەن تېزلىكتە جىلغىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاغ چوققىلىرىدىن ئىگەللەپ دۈشمەن قوشۇننى تار جىلغىغا قامشىلىپ قىرىشقا باشلىدى. ئۇرۇش پۈتۈن بىر كۈن داۋام قىلدى . تاجىك پولكى سان ۋە قورللىنىش جەھەتتە دۈشمەن قوشۇندىن كۆپ ئاجىز ئىدى. چۈنكى ئۇلار پوسكام، قاغلىقدىن چېكىنگەچكە ھەممە يەكەندىكى ئۇرۇشتا خېلى زور تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن نامىدا بىر پولك بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە كۈچى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. گومىنداڭ قوشۇنى تولۇق قوراللانغان ئىككى پولك بولۇپ، ئىنقلابى قوشۇندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئىنقلابى قوشۇن ئەپلىك يەر شارائىتىنى ئىگەللەپ، دۈشمەننى شىددەتلىك ھالدا

ئوقا تۇتتى. دۈشمەن ئارقىسىغىمۇ چېكىنەلمەيدىغان، ئالدىغىمۇ ئىلگىرلىيەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ، ھەر تەرەپتىن دۇمباللىنىپ ھالسىرىدى. بىر كۈنلۈك ئۇرۇش نەتىجىسىدە دۈشمەننىڭ 200 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلۈپ 300 دىن ئارتۇق ئادىمى يارلاندى . پەقەت قاراڭغۇ چۈشكەندىلا قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ قالدۇق قىسىملىرى قېچىپ كەتتى. ئارقا داۋان ئۇرۇشى ئارقىلىق ئىنقىلابى قوشۇن گەرچە قاغىلىق، پوسكام، يەكەن تەرەپلەردە تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ لېكىن جەڭگىۋارلىقى يەنىلا ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكى، ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ھەربىي ۋە سىياسى سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، كۈچىنى تولۇقلىغاندا جەنۇبى ئۇيغۇر رايونىدىكى گومىنداڭ كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بېرەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئىنقىلابى قوشۇن قوشراپ قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلىكى ۋە تەخسىمات جەھەتتە ئىنتايىن زور قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى . شۇڭا، بىر قىسىم قوشۇننى چىقىرىپ يېقىن ئەتراپتىكى دۈشمەن بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسلىسىنى ھەل قىلدى . دۈشمەن كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئىنقىلابى قوشۇن ئۆتكەنكى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ھەربىي قوشۇننى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ، ئىنتىزامنى كۈچەيتىپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمغا پىلانلىق ھالدا ئەستايىدىل تاقابىل تۇردى. دۈشمەننى ھەر قېتىمدا مۇۋەپپەقيەتلىك ھالدا مەغلۇپ قىلدى. بىرقانچە ئاي ئىچىدە 2300 تال مىلتىق 400 تال يېنىك پىلىموت، 100 تال ئېغىر پىلىموت، 400 دىن ئارتۇق گىرانات، 100 تال ئاپتۇمات غەنىمەت ئېلىپ ئۆزىنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى تولۇقلىدى. دۈشمەننىڭ نۇرغۇن جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى .

گېنېرال ئىسھاقبېك قايتا تاشقورغانغا كېلىپ ئىنقىلابى قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، ئىنقىلابى كۈچلەرنى مىسلىسىز ئىتتىپاقلاشتۇردى .مۇشۇ ئاساستا ئۇلار 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەكەن، قەشقەر خوتەن تەرەپكە قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، جەنۇبي ئۇيغۇر رايونىدا مىللىي ئىنقىلابنىڭ يەنە بىر قېتىملىق زور دولقۇننى قوزغاشنى پىلانلىدى . ھەممە جەڭگە جىددىي ھازىرلىق كۆردى. ئىنقىلاب يېڭى بۆسۈش ھالىتىدە تۇرغاچقا گومىنداڭنىڭ قەشقەر ۋە جەنۇبي ئۇيغۇر رايونىدىكى ھۆكمرانلىقىغا زور تەھدىت بولدى . تاشقورغان قورallıق ئىنقىلابى قايتىدىن جانلىنىۋاتقان پەيتتە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ تىنچلىق توغرىسىدىكى سۆھبىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى . خارابلىشىش ۋەزىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشتى . بۇ چاغدا

تىنچلىق سۆھبەتكە بولغان سەممىيلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، گېنېرال ئىسھاقبېك تاشقورغان مىللىي ئارمىيىگە ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىپ چىل گۈمبەز ، قوشراپ ، ئارقا داۋان، ئويتاغ قاتارلىق تاغلىق رايونلارغا يىغىلىپ ئارام ئېلىپ كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى .

1946- يىل 6- ئاينىڭ 6- كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى «تىنچلىق بىتىمىنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىنىڭ 2- ›› سىگە ئىمزا قويدى. بۇ ئۇيغۇر رايونى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مۇۋاپپىقىيەتلىك بولغانلىقىدىن بىشارەت بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئىسھاقبېككە جىددىي تېلېگراما يوللاپ تىنچلىق بىتىمنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئىسھاقبېك ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن ئۆزى قوشراپقا كېلىپ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن تاشقورغان ئىنقىلابى قوشۇنى تەشكىللىك ھالدا تاشقورغانغا چېكىنىشكە باشلىدى. ھەممە ئۇيغۇر رايونى بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇش ئىشىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تاشقورغان ئىنقىلابى تەرەپتىن سىدىقخان غوجام (غۇلجىدا ئۆلگەن) قۇربان دۆلەت قاتارلىقلارنى ۋەكىلى قىلىپ ئەۋۋەل ئۇرۇمچىگە كېيىن غۇلجىغا ئەۋەتتى. ئىنقىلابى قوشۇن بىر قانچە ئايلىق جاپا ــ مۇشەققەتلىك شارائىتتا كۈرەش قىلغانلىقى ، تەبىئىي شارائىتنىڭ ناچار بولۇشى تۈپەيلىدىن ياز پەسلىدە قوشۇندا كېزىك كېسىلى تارقىلىپ كەتتى . ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلابى قوشۇننىڭ قىيىن شارائىتتا قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ تىنچلىق كېلىشىمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ ئىنقىلابى قوشۇننىڭ چېكىنىش پۇرسىتىدا يەنە بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كىلىپ ئىنقىلابى قوشۇننى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى . گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇخىل نومۇسسىز ۋاپاسىزلىقى ئىنقىلابى قوشۇندىكى بارلىق كوماندىر جەڭچىلەرنىڭ چەكسىز غەزەپ ــ نەپرىتىنى قوزغىدى . تاشقورغانغا قاراپ چېكىنىۋاتقان ئىنقىلابى قوشۇندىكى بارلىق كوماندىر جەڭچىلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان قىسمىغا قايتارما زەربە بېرىپ ئۇلارنى چېكىندۈردى . بۇ جەڭدە ئىنقىلابى قوشۇندىن پولك كوماندىرى قادىر قول قۇربان بولدى . گومىنداڭنىڭ بۇنداق يۈزسىزلىكىدىن غەزەپلەنگەن كەڭ كوماندىر جەڭچىلەر چېكىنىشنى توختۇتۇپ ئەسلىدىكى پىلان بويىچە جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىدىكى ئۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى .

1946- يىلى 8- ئايدا تاشقورغان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ماديۇف، شىرىنبېك، ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار داغدۇغۇلۇق مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشقان ۋاقىتتىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نومۇسسىز ۋاپاسىزلىقىغا نىسبەتەن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە قۇرال

www.kitaphumar.com

كۆتۈرۈپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ پۈتكۈل ئۇيغۇر رايونىنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن يەنىلا تىنچلىق كېلىشىمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ چېكىنىشنى، پەقەت توۋۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن شۇ بىر قىسىم دۈشمەنلەرنىلا يوقىتىش بىلەن چەكلىنىشنى قاتتىق بۇيرۇدى . شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابى قوشۇن ئۆز بازىلىرىدىن چېكىنىپ تاشقورغانغا قايتىپ كەتتى. بارلىق قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورىلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق ئىلىغا يۆتكەپ ئاپىرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى .

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇيغۇر رايونى بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. تاشقورغان ۋالى مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئورگانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. داغدۇغۇلۇق باشلانغان تاشقورغان ئىنقىلابى ئاياغلاشتى.

تاشقورغان ئىنقىلابى ئالدىنقى تەيپارلىق باسقۇچىنى قوشقاندا ئۈچ يىل داۋام قىلىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر 7000 دىن ئارتۇق ھەرمىللەت خەلق پۇقرالىرى بۇ قوراللىق كۈرەشكە قاتناشتى. قوراللىق قوزغىلاڭچىلار تاغ - داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي قوشۇنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي ئۇيغۇر رايونى رايونىدىكى بازىسىنى قۇرۇپ، بۇ كەڭ زىمىندىكى ھەرمىللەت خەلقىنى بىر مەھەل قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ ھۆكمىرانلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەركىتىگە كۈچلۈك ماسلاشتى . ئۇلارنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئوق ئاۋازى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىنى تىترىتىپ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا نۇر چېچىپ ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاپ يولىنى يورۇتتى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولۇشقا مۇناسىپ.

1946 - يىلى 8 - ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تاشقورغانغا قايتىدىن كىردى. ئۇيغۇر رايونى تىنچلىق بىتىمى كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن تاشقورغان خەلقى تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قانلىق قىلچىنى تاشلىمىغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي تىنچلىق بىتىمىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا يىرتىپ تاشلاپ كۈرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ھەرمىللەت ئىنقىلابىي ئاممىسىغا قارىتىپ، تاشقورغان قوزغىلاڭچىلىرىغا قايتاتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى. پامىر ئېگىزلىكىدە ئىس ـ تۈتەكلەر قايتىدىن كۆتۈرۈلدى . تاشقورغان خەلقى ئاق تېررورلۇق قاپلىغان ئەڭ ئېچىنىشلىق مەزگىلگە كىرىپ قالدى. ئۇۋى ماكانلىرىغا قايتقان مىللى ئارمىيىنىڭ جەڭچىلىرى ۋە بەزى تايانچىلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى. خائىنلارنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن كۆپلىگەنلىرى قولغا

www.kitaphumar.com

ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى . ئالۋاستىلارنىڭ ئالقىنىدىن قېچىپ ئامان قالغانلار ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى ياكى تەرەپ ــ تەرەپكە قېچىپ يوشۇرۇنۇۋالدى . ئىنقىلاپ مەزگىلىدە بىر قىسىم مىللىي مۇناپىق، خائىنلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە ئەگىشىپ قەشقەر تەرەپكە قېچىپ كېتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىنقىلاپقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئىشپىيونلۇق، جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنقىلابقا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈردى. ئۈيغۇر رايونىدا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن بۇ بىر توپ مىللىي مۇناپىقلار، خائىنلار گومىنداڭغا ئەگىشىپ تاشقورغانغا كېلىشكە باشلىدى. گومىنداڭ تىنچلىق كېلىشىمىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش شەرتنامىسىغا خىلاپلىق قىلىپ، مۇشۇ خائىن، مىللىي مۇناپىقلارنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرگۈزدى. تاشقورغاندا نامدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ھوقۇق گومىنداڭچىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ بېرىلدى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ ۋەكىلى سۈپىتىدە غوجامكەلدى بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە كىرگۈزۈلۈپ، مۇئاۋىن ھاكىم بولغان بولسىمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى ۋە شىرىنبېك قاتارلىق بىر قىسمىنى كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى.

1947 ـ يىلدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇرۇن تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئاساسلىق تايانچىلارنى ۋە باراۋەر مەرتىۋىلىك زاتلارنى تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىدى . بىر قىسمىنى بولسا ھېچقانداق سوراق قىلمايلا يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈردى .

1947 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلى ئازاد بولغانغا قەدەر ئۈز ۋاقىتىدىكى تاشقورغان ناھىيە دائىرىسىدىكى ئىنقىلابى جەڭچىلەرنى ۋە بىگۇناھ خەلقتىن 400 دىن ئارتۇق كىشى قاماققا ئېلىندى ۋە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. گومىنداڭنىڭ ئىشپىيون جاسۇسلىرى ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتتى . تاشقورغاننىڭ ئۆزىدە بولسا ھەربى ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ كېچىلىرى مېڭىش چەكلەندى. گومىنداڭ سىياسى جەھەتتە خەلققە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. باج ـ سېلىقلارنىڭ خىلى 20 نەچچە خىلدىن ئاشتى. ھەر يىلى تاشقورغان خەلقىنى نەچچە مىڭ تۇياق ھارۋىسىنى باج تاپشۇرۇشقا قىستىدى .

ئەكسىيەتچىل ھەربىي قوشۇننى بېقىش ئۈچۈن نەچچە مىليۇنلىغان جىڭ ئوتان ـ ياغاچ، چۆپ ـ سامان ئالۋاڭ ئالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقنىڭ ئات ئۇلاغلىرىنى خالىغانچە ھەقسىز ئىشلەتتى. گومىنداڭنىڭ ھەربىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى باج ـ خىراجلارنى يىغقاندا ئۇلارنى خالىغانچە كۆپەيتىپ ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سالاتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇنداق دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى .

www.kitaphumar.com

1947 ـ يىلـدىن باشـلاپ جۇڭگـو سـوۋېت چېگرىسـىغا يېقىن يـايلاقلاردا چـارۋا بـېقىش مەنئـي قىلىنـدى. شـۇنىڭ بىـلەن چـارۋىچىلار كـۆپلەپ ئۆلـۈپ، چـارۋا سـانى زور مىقـداردا كېمەيدى. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلىدىكى ئومۇمى چارۋىسى 1942 ـ يىلىغا قارىغاندا يېرىمـى دېگـەنـدەك كـەمـەيـدى. ئازاتلىقـنىـڭ ھارپىسـىدا 50% دىـن ئـارتۇق ئائىلـدە باققـان چارۋىسى 20 تۇياققا يەتمەيدىغان ھالەتكە چۈشتى.20% ئائىلىنىڭ ئاساسـەن چارۋىسـى يـوق ئىدى. دېھقانچىلىقتىمۇ سايمان ـ قۇراللار يېتىشـمىگەنلىكى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تېرىلغۇ ئـۇلاغلىرى بولمىغـانلىقتىن مەھسـۇلات يىلـدىن ـيىلغا كەملەپ، كىشـلەر ئـاچ ـ يالىڭـاچلىقتـا قالـدى. شـۇ سـەۋەبتىن بەزى كىشـلەر يـۇرتنى تاشـلاپ سەرسـان ــ سـەرگەردان بولـدى. مەكتەپلەرنى ھەربىي قىسملار ئىگەللەپ ئالغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشسىز قالدى. تۇرلۇك يۇقۇملـۇق كېسـەللىكلەر ھەر يەرلەردە يـاماراپ كېتـىپ نۇرغۇنلىغـان كىشـلەر داۋالاشـقا ئـىگە بولالماي ئۆلۈپ كەتتـى. نوپۇس كېمىيـىپ كەتتـى. بەزى نـامرات كىشـلەر ئۆلگـەنـدە ھەتتـا كېپەنلىك ئۇچۇن بىرەر خاممۇ تاپالمايدىغان بولـدى. سـودا ــ سـېتىق يـولى توسـۇلغانلىقتىن كىشلەر تۇرمۇش لازىمەتلىكلەرنى تاپالمايدىغان ھالەتكە چۈشتى .

تاشـقورغان خەلقـى بـۇ بـىر دەۋردە ئەڭ زۇلمەتلىـك، ئېچىنىشـلىق كـۈنلەرنى بېشـىدىن كەچۈردى. لېكىن، بۇ زۇلمەت قاراڭغۇ، تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق ئىدى.

«زۇلمەت كېچە ئۇزۇندۇر لېكىن ئۇنىڭ چېكى بار. يىرتىپ زۇلمەت كۆكسىنى، قۇياشـى پارلاپ نۇرچاچار» جۇڭگۇ كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئېلىپ بارغان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ئارقا ــ ئارقىدىن ھەرقەددەمدە غەلبە قىلماقتا ئىدى. ئازادلىق تېڭى ئېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئـۈچ يىلـدىن كېيىن ئۇيغۇر رايونى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى غەلىبىلىك ھالدا ئۇيغۇر رايونىغا كىرىـپ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مىللىي ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى .

1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تاشقورغانغا كىلىپ ئورۇنلاشتى. بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق پامىر ئېگىزلىكىدە جەۋلان قىلدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن. 5 ـ جۇن 13 ـ دىۋىزىيەنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمىمۇ بۇ يەرگە كىلىپ ئورۇنلاشتى. شۇندىن تارتىپ تاشقورغاندىكى تاجىك، قىرغىز، ئۇيغۇر، خەنزۇ مىللەتلىرى پۈتـۈن مەملىكەتتىكـى ھەرمىللـەت خەلقـى بىـلەن بىـرلىكتە پـارلاق، بەختلىـك سوتسىيالىزىم داغدام يولىدا ماڭدى.

مەنبە : تاجىكلار توربىدىن

www.kitaphumar.com

# 1934 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەردىن ئەسلىمە

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

1934 ـ يىلى قەشقەر خەلقى ئۆچۈن ياراشمىغان بىر يىل بولدى. چۈنكى بۇ يىل كىرگەندىن تارتىپ چىقىپ كەتكىچە قەشقەر خەلقىگە ياخشىلىق بولمىدى.

بىز بۇ ئىشلارنى 50 نەچچە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئەسلەۋاتىمىز. بۇ ئەسلىمە مىللىتىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن پاجىئەلىك ھادىسىلەرنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بولۇپمۇ ياشلار ئۆسمۈرلەرنىڭ تارىخنى بىلىشىدە ئىبرەتلىك رول ئوينىسا ئەجەپ ئەمەس.

## 1 ـ بىرىنچى يىلدىكى زور ۋەقەلەر

1 ـ ۋەقە

1934 ـ يىلى كىرىش بىلەن قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ئۇرۇش تازا تىركىشىش دەۋرىگە كىردى.

1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (چارشەنبە) باشلانغان بۇ ئۇرۇش 11 ـ ئاينىڭ كىرىش بىلەن 140 ـ كۈنگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، يېڭىش ـ يېڭىلىش بولماي ئۇرۇش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋەردى. بۇ 5 ئايلىق ئۇرۇش قەشقەر خەلقىگە غايەت زور زىيانلارنى كەلتۈردى.

قىرغىز ئوسمان ئەلىنىڭ باش قوماندانلىق دەۋرى ھېسابلانغان 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان 3 ئايلىق مەزگىل ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ دەۋرى بولسىمۇ، لېكىن ئاكسىزلىق، ئىنتىپاقسىزلىق، باشباشتاقلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى بارلىق تىرىشچانلىقنى بوشقا كەتكۈزۈۋەتتى.

ئوسمان ئەلى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ياخشى ئىجرا قىلالمىغاچقا، 10 ـ ئايدا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. سابىت داموللا ھاكىمىيىتى رەھبەرلىكنى قولغا ئالدى.

يېڭى شەھەر ئۇرۇشى تېخىچە داۋام قىلماقتا ئىدى. 11 ـ، 12 ـ ئايلار قانچە ـ قانچە تىركىشىشلەر بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇرۇشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن خوجانىياز ھاجىنىڭ ئاقسۇنى تاشلاپ قەشقەرگە كېلىشى ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى.

www.kitaphumar.com

## 2 ـ ۋەقە

جەنۇبي شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانى ياكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ زۇڭتۇڭى خوجانىياز ھاجى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جەنۇبتىكى مۇھىم بازىسى ئاقسۇنى تاشلاپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇنى باش ۋەكىل سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەت ئەربابلىرى كۈتۈۋالدى. خوجانىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپلا، يېڭى شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن ماجەنساڭغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا ئاتلاندى. خوجانىياز ھاجى سابىت داموللىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن بىرلىكتە يېڭى شەھەرنى 4 تەرەپلەپ قورشاپ، 2ـ3 كۈن ئىچىدىلا ماجەنساڭ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزىۋەتتى. بۇ نۆۋەت خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسەتتى. ماجەنساڭ يېڭى شەھەرنىڭ ئېگىز سېپىللىرىنىڭ دالدىسىدا كۈن كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. ماجەنساڭنىڭ تۆۋرۈكى سانالغان ئاتاقلىق بىرىگادا كوماندىرى كامازا يېڭى شەھەر سېپىلى يېنىدىكى بىر ئۇرۇشتا ھالاك بولۇپ، ماجەنساڭنىڭ مەغلۇبىيىتى ئايدىڭلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەجەنساڭ بۇنىڭلىق بىلەن بوشىشىپ قالمىدى بەلكى يېڭى شەھەرنى جان تىكىپ قوغدىدى. نەتىجىدە خوجا نىياز ھاجىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلگەن ماجۇڭيىڭنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن 167 كۈن داۋاملاشقان يېڭى شەھەر ئۇرۇشى تۇڭگانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى.

## 3 ـ ۋەقە: مافۇيۈەنىنىڭ قەشقەرنى ئىستىلا قىلىشى

«باش قوماندان» دەپ ئاتالغان مافۇيۈەن 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇنى مارالبېشىدا خوتەن ئەسكەرلىرى، پەيزاۋاتتا ھەمدەم بەگ ھاجى، يوسۇپجان قۇربېشىلار توسقان بولسىمۇ، شەھەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئامال قىلالماي، 27 ـ چىسلا كېچىسى شەھەرنى بوشىتىپ چىقىپ كەتتى. تۇڭگانلار ھېچبىر توسالغۇسىزلا كونا شەھەرنى ئىگىلىۋالدى، يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ ئۇلار بىلەن بىرلەشتى.

خوجانىياز ھاجى يەكەنگە كەتتى، سابىت داموللا يېڭىسارغا بېرىۋالدى. مەھمۇت مۇھىتى يېڭىسار ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. سابىت داموللىغا قاراشلىق قوشۇنلار قەشقەر شەھىرىنىڭ 4 ئەتراپىغا ئورۇنلىشىۋالغانىدى، يەنى ھەربىي ئىشلار نەزىرى قىرغىز ئوراز بەگ ئۈلۈغچات تەرەپتىكى تاغ ئاغزىغا، زەيدىن كارۋان باشچىلىقىدىكى بىرىگادا ئۈستۈن ئاتۇش تاغلىرىغا، كىچىك ئاخۇن باشچىلىقىدىكى بىرىگادا ئاستىن ئاتۇش تاغ ئاغزىغا، مۇھاپىزەت قوماندانى

www.kitaphumar.com

ئۆزبېك يۈسۈپجان قۇربېشى ئوپال تاشمىلىق تەرەپكە ئورۇنلاشقانىدى. شۇڭا مافۇيۈەن، ئەمەلىيەتتە، شەھەر ئىچىگىلا «خان» بولغانىدى. شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى يېزىلارغا چىقىپ كەتكەنىدى.

مافۇيۈەن قوشۇنلىرى يېقىلغۇ، يەم-خەشەكتىن قاتتىق قىيىنىلىشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يېزىدىن كېلەتتى. مافۇيۈەننىڭ «زىۋازا (ئوغرىلار)» دەپ ئاتالغان رەقىبلىرى شەھەرنىڭ بىقىنىدىكى يېزىلارغە يوشۇرۇن كېلىپ، مافۇيۈەن قوشۇنلىرىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئالغۇزمىدى، يېزىغا بارغانلارنى ئەدەپلىدى. ھەتتا تۇمەن دەرياسىغا سۇغىرىشقا ئېلىپ چىققان ئاتلارنى بۇلاپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ ئەھۋاللار مافۇيۈەننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئارىنى پارچىلاش سۇيىقەستى پەقەت ئاستىن ئاتۇشلۇق رېشتەمنى جەلپ قىلدى. رېشتەم 40 تەك ئادىمى بىلەن كىچىك ئاخۇننىڭ سېپىدىن قېچىپ چىقىپ تەسلىم بولدى. مافۇيۈەن ئۇنىڭغا «پارتىزانلار قوماندانى» دەپ نام بەردى.

4 ـ ۋەقە: قەشقەردە قەتلىئام

مافۇيۈەن 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ ۋە 7 ـ كۈنلىرى قەشقەر خەلقىنى قاتتىق قىرغىن قىلدى. يېڭى شەھەر ۋە كونا شەھەردىكى ئەسكەرلەرمۇ شەھەر خەلقىنى قىرغىن قىلدى. دۇكان-ساراي، ئۆيلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، قىز-ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى، كىشىلەرنى ئالتۇن-كۈمۈش بېرىشكە قىستاپ دارغا ئاستى، قىينىدى، بەدەنلىرىگە تۆمۈرنى قىزىتىپ ياقتى، چاندى، ئاتتى. بۇ قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتا قەشقەر شەھەر خەلقىدىن 6000 دىن ئارتۇقراق ئادەم ئۆلدى. بۇنىڭغا ئۆزبېك پولكىدىن قوچقارباي دېگەن ئۆزبېك كىشىنىڭ مافۇيۈەننىڭ ئاتۇشقا «بېرىشى» دىن پايدىلىنىپ، 100 قۇراللىق كىشىنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشى سەۋەب بولغانىدى. بۇ كۈن ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئۇنتۇلماس قانلىق بىركۈن ھېسابلىنىدۇ.

مافۇيۈەن بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، قىرغىنغا ئۇلاپلا 15 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان شەھەر ياشلىرىدىن 300 ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى. بۇلارنى مەشىق قىلدۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئارغۇ، يېڭىسارلاردىكى سوقۇشلاردا ئۆلۈپ كەتتى. سالامەت قالغانلىرى 1937 ـ يىلدىكى ئىسياندا ئۆلۈپ كەتتى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ماخۇسەن يوقالغاندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى.

5 ـ ۋەقە: ئاتۇشتىكى پاجىئەلەر

مافۇيۈەن ئۆزبېكلەرنىڭ تەسىرىنى تازىلىغاندىن كېيىن، ئاتۇشنى «تىنچلاندۇرماقچى» بولدى-دە، قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۈچتۇرپاندىن بىللە ئېلىپ كەلگەن قىرغىز قۇلبەگنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتۇشقا يۈرۈپ كەتتى. «جۇمھۇرىيەت»نىڭ شەھەرنى قوغداش قوماندانى كىچىك ئاخۇن تاغ ئاغزىنى توسماي، بىرگادىسىنى ئېلىپ تاغقا چىقىۋالغاچقا، مافۇيۈەن ئاتۇشقا توسالغۇسىز باستۇرۇپ كىردى. رىشتەمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئازاق كەنتىگە بېرىپ، سابىت داموللىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈردى. نەرسە-كېرەكلىرىنى بۇلىدى. تېجەنگە بېرىپ، كىچىك ئاخۇننىڭ بۇندىن 2 ئاي بۇرۇن ئۇرۇشتا قۇربان بولغان پولك كوماندىرى يۈسۈپ ئاخۇن قاتارلىق بىرقانچە كىشىنىڭ ئۆيىنى بۇلىدى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى. بىرمۇنچە كىشىنى ئۇرۇنسىز ئېتىۋەتتى. ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئۈستۈن ئاتۇشقا باردى. ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەردىكى زېيدىن كارۋان بىرىگادىسى تاغقا چىقىۋالغان، قىرغىز جانىبەگ تىغ ئارىلاپ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋالغانىدى. تۇڭگانلار بۇ يەرگە كەلگەندە كەچ كىرەي دەپ قالغانلىقتىن، ئازاق، بەيساق، دىخانلار، يولچىدىن ئىبارەت 4 يولنىڭ تۇگۈنىدە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشكۈن قىلماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان نۇرغۇن كىشى ئۆي-ۋاراللىرىنى تاشلاپ كەتتى، قاچالماي قالغان 13 ئەر، 5 ئايال مۇھەممەت ئىبلى ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالدى. بۇ ئۆيگە قەشقەر شەھىرىدە ئۇزۇن يىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يۈسۈپ تۇڭگان دېگەن كىشى ئوغلى نۇر ئاخۇن بىلەن مالمانچىلىقتىن قېچىپ كېلىۋالغانىدى. ھېلىقى 13 ئەر، 5 ئايال مۇشۇ 2 تۇڭگاننىڭ سايىسىدە ئامان قېلىش ئۈمىدىدە كەلگەنىدى. يۈسۈپ تۇڭگان تىنچلىق بەلگىسى بولغان ئاق بايراقنى ئۆگزىسىگە قاداپ، ئۆزى ھەم ھەمراھلىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. لېكىن مافۇيۈەن قوشۇنى ئاق بايراقنى كۆرۈپلا «ئوغرىلار بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ ئۆيگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئوق توختىغاندىن كېيىن يۈسۈپ تۇڭگان ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، مافۇيۈەن ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، 5 نەپەر قىرى-چۆرى ئايالنى ئايرىپ قېلىپ، قالغان 13 كىشىنى ئېتىپ تاشلىدى. 2 كىشى يارىلىنىپ ساق قالدى. يۈسۈپ بىلەن نۇر ئاخۇننى تۇڭگانلار ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. تۇڭگانلار توپا دېگەن جايغىچە بېرىپ ئاتۇش خەلقىگە بىرقۇر ھەيۋە كۆرسەتكەندىن كېيىن شەھەرگە قايتتى.

## 6- ۋەقە: ئارغۇدىكى سوقۇش

2- ئاينىڭ ئاخىرلىرى مافۇيۈەن بىلەن خوجانىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا ئاتۇش ئارغۇدا توقۇنۇش يۈز بەردى. خوجانىياز ھاجى يەكەندە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن سىمخانىغا بېرىش ئۈچۈن ئاتۇشقا كەلدى. مافۇيۈەن بىلەن خوجانىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا ئارغۇدا قاتتىق

www.kitaphumar.com

سوقۇش بولۇپ، مافۇيۇەن خېلى چىقىم تارتقان بولسىمۇ، يەنىلا غەلىبە قازاندى. خجانىياز ھاجى نۇرغۇن نەرسىلىرىنى ئولجا بېرىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. تۇڭگانلار ئاتۇشنى يەنە بىر قېتىم مالىمان قىلىپ، بىرنەچچە جايغا ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، شەھەرگە قايتىپ كەتتى.

ئۈستۈن ئاتۇشقا بىستۇرۇپ بارغان زەيدىن كاۋاڭ بىلەن مافۇيۇەن ئوتتۇرىسىدا تىنىچلىقتا بىرگە ئۆتۈش ئەھدىنامىسى تۈزۈلگەچكە، زەيدىن كاۋاڭنىڭ بىرىگادىسى ساقلىنىپ قالدى.

## 7 ـ ۋەقە: يېڭىسار ئۇرۇشى

2 ـ، 3 ـ ئايلاردا مەھمۇت مۇھىتى ئەسكەرلىرى يېڭىسارنىڭ قايراق تاغلىرىدا مافۇيۇەن قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشتى. مافۇيۇەن قوشۇنى ئۇلارنى چېكىندۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭىسار ھەربىي قەلئەسىگە كىرىۋېلىشى بىلەن يەنە ئۇرۇش پارتلىدى. «ئىمىر ساھىب» دەپ ئاتالغان نۇرئەھمەتخان قەلئە ئىچىدە تۇرۇپ مافۇيۇەن بىلەن بىر يېرىم ئايدەك سوقۇشتى. مافۇيۇەن بىلەن ماجەنساڭنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى قەلئەگە كۆپ قېتىم تېگىش قىلىپ قاتتىق قامال قىلغان بولسىمۇ، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق پىداكارلىق كۆرسىتىشى بىلەن ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. قەلئەدىكىلەر سېپىلغا ياماشقان تۇڭگانلار ئۈستىدىن كىرىسىن، قىزىتقان ياغ تۆكۈش، ياغاچ، تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلاش ئارقىلىق ئۇلارنى كۆپ تالاپەتكە ئۇچراتتى.

بىراق، قۇربان ھېيت كۈنى خوتەن ئەسكەرلىرى «مۇسۇلمانلار بۇ ئۇلۇغ كۈندە ئۇرۇش قىلمايدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن بىخۇتلىشىپ، خاتىرجەم ھېيت نامىزىنى ئۆتەۋاتقاندا، تۇڭگانلار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ سېپىلنى ئىگىلىۋالدى. نەتىجىدە دەھشەتلىك كوچا ئۇرۇشىدا نۇرئەھمەتخان قۇربان بولدى. بۇنىڭغا ياردەمگە كەلگەن ئاكىسى ئەمىرشاھ مەنسۇر ئابدۇللاخان يېڭىسارغا باستۇرۇپ كېلىپ، «شۇدىنىڭ جايى» دەپ ئاتالغان جايغا كەلگەندە مۇھاسىرىدە قېلىپ، قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن قۇربان بولدى. شۇنداق قىلىپ يېڭىسار شەھىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

## 8 ـ ۋەقە

مافۇيۇەن سەرمەن، بورىخلتاي (ھازىرقى بۇلاقسۇ يېزىسى)، تاشمىلىق دېگەن جايلاردا ئۆزبېك قىسملىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم توقۇنۇشقان بولسىمۇ، نۇرغۇن چىقىم تارتىپ ھېچ

نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچى تەرەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يېتىپ كېلىشى نەتىجىسىدە يۇسۇپجان قۇر بېشى بۇ جايلارنى تاشلاپ تاشقورغانغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مافۇيۈەنىنىڭ قولى بوشاپ ھۇجۇمنى قىرغىزلارغا قاراتتى.

مافۇيۈەن دەسلەپ قىرغىزلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە شەھەر بايلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار قىرغىزلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىۋاتقان پەيتتە تۇڭگانلار ئۇشتۇمتۇت قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلىپ قىرغىزلارنى باسقىن قىلدى. قىرغىزلار توزاققا چۈشكەندىن كېيىن تېزلا ئۆزىنى ئوڭشاپ قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ، تۇڭگانلارنى چېكىندۈردى. ۋەكىللەردىن ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم قىرغىزلار قولىغا چۈشۈپ «خىيانەتچىنىڭ ۋەكىلى» دېگەن ئاتاق بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا، تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلدى.

## 9 ـ ۋەقە

«گاسلىڭ» (بالا قوماندان) دەپ ئاتالغان ماجۇڭيىڭ 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ ھاۋارايىمۇ قاتتىق بۇزۇلۇپ كەتتى. قەشقەر شەھىرىنى قاپلىغان قاتتىق تۇمان، قاراڭغۇلۇق 3 كۈنگىچە تارقالمىدى. دەسلەپكى كۈنى خۇددى تۈن ئۇزارغاندەك تاڭ يورىماي قاراڭغۇلۇق بىرنەچچە سائەت ئۇزاق داۋاملاشتى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ئالەمنى ئوتقاشتەك قىزىللىق قاپلاپ كىشىلەر كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. كىشىلەر بۇ ئىشقا قىيامەت قايىم بولدى، ماجۇڭيىڭنى قەشقەرنىڭ ئەزىزلىرى خالىمىدى، دەپ تەبىر بېرىشتى.

ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە كېلىپلا سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى، ئاساسەن، كونسۇلخانىنىڭ توپ مەيدانىدا توپ ئويناش بىلەن ئۆتتى. كونسۇلخانىنىڭ ئەتراپىنى بىرنەچچە يۈز قۇراللىق تۇڭگان مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى قالدۇرۇپ روسىيىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا تۇڭگانلار يەكەنگە باستۇرۇپ بېرىپ خوجىنىياز ھاجىنى قوغلىدى.

## 10 ـ ۋەقە: سابىت داموللىنىڭ تۇتۇلۇشى

باش ۋەكىل سابىت داموللا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق نازىرلىرى بىلەن يەكەنگە قايتىپ كەلگەنىدى. خوجانىياز ھاجى سىمخانىغا بېرىپ سوۋېت

www.kitaphumar.com

ئىتتىپاقىدىن قورال ئېلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن سابىت داموللا ھۆكۈمىتى قورال ئېلىشقا توسقۇن بولغانلىقتىن، ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىشكە توغرا كەلدى.

تۇتۇلۇش تىزىملىكىدىكى كىشىلەردىن سەھىيە نازىرى ئابدۇللاخان، ئەۋقاف نازىرى شەمسىدىن داموللا قاتارلىقلار سىزىپ قېلىپ قېچىپ كەتتى. ھەربىي تەمىنات باشلىقى سۇلتان جانىبەگ (ئۆزبېك)، ئەدلىيە نازىرى زىرىپ قارى ھاجى (ئۆزبېك) لار تۇتۇلدى، داموللىغا جاراھەت چىقىپ يېتىپ قالغانلىقتىن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ھەرەمباغدىكى جايىدىن تۇتۇپ، بۇ 3 كىشىنى كىشەنلەپ بىردىن مەيدىگە ئولتۇرغۇزۇپ، قورallıq مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ئېلىپ ماڭدى. بۇلار پوسكامدىن ئۆتۈپ، ئىككىسۇغا يېقىن بارغاندا، سۇلتانجان تاھارەت سۇندۇرۇش باھانىسى بىلەن مەيدىن چۈشۈپ ساسلىق ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بولدى. قوراللىقلار قانچە تەھدىت ۋە ئىنتىشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇنى تاپالمىدى. ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتۈردى. شۇنداق قىلىپ سۇلتانجان قۇتۇلۇپ كەتتى. قالغان ئىككەيلەننى قاغىلىق تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، يول يۈرۈش تەسلىشىپ، مەكىت تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. مەلۇم جايغا كەلگەندە تۇڭگانلار قوغلاپ كېلىپ قاتتىق توقۇنۇش بولدى. سوقۇش جەريانىدا خوجىنىياز ھاجى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. تۇڭگانلار نۇرغۇن قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىنى غەنىيمەت ئالدى. خوجانىياز ھاجى قوشۇنى ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندە، زىرىپ قارى ھاجىنى سوۋېت تەرەپ، سابىت داموللىنى شىڭ شىسەي تەرەپ ئېلىپ كەتتى.

خوجانىياز ھاجى شۇ سەپەردە مەكىت، مارالبېشى ئارىلىقىدىكى ئاياغ شاقۇر دېگەن جاينى ئايلىنىپ ئۆتكەندە يەنە بىر قېتىم تۇڭگانلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى، ئۇ تۇتۇلۇشقا ئاز قالغاندا، بىر قانچە تۆگىدىكى ئوق-دورىنى تۇڭگانلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇلار ئولجا تالىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلدى-دە، ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاقسۇ ئاۋاتقا يېتىۋالدى. ئاقسۇ ئالاقاچان ماجۇڭيىڭنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغانىدى.

## 11 ـ ۋەقە

خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانلىقىدىن ۋاز كېچىپ، قوشۇنلىرىنى مەھمۇت مۇھىتىغا قالدۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەتتى. خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسى قوروقلۇق ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋاقىتلىق 6 ـ دىۋىزىيىسى تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى. مەھمۇت مۇھىتى گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانى بىلەن

www.kitaphumar.com

دېۋىزىيە قوماندانى بولدى. قوشۇنمۇ قايتا تەشكىللەندى. ئۇلار مارالبېشىدىكى تۇڭگانلارنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، پولات تۆەنجاڭنى 1 پولك ئەسكەر بىلەن يەكەنگە يولغا سالدى. سەمەت ھاجى تۆەنجاڭنى 1 پولك ئەسكەر بىلەن يېڭىساردا قالدۇرۇپ، سالىھ لۈجاڭ، پازىل لۈجاڭ باشلىق قالغان ئەسكەرلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە كەتتى.

12 ـ ۋەقە

ماجۇڭيىڭ سوۋېتكە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاچىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەن 36 ـ دېۋىزىيىنىڭ باشلىقى بولغانىدى.

ماخۇسەن ماجۇڭيىڭدىن كېيىن قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئۇنى قەشقەرنى بوشىتىشقا مەجبۇر قىلدى. بولۇپمۇ مارالبېشىنىڭ قولدىن كېتىشى ئۇنىڭ قېچىشىغا تۈرتكە بولدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۇنىڭ قوشۇنى خوتەنگە ئاتلاندى. ئالدىنقى سەپ قوشۇنى يەكەندىن ئۆتۈپ، خوتەن ئەمىرلىرىنى قېچىشقا مەجبۇر قىلىپ، خوتەننى تارتىۋالدى.

ماخۇسەننىڭ قالدۇق قىسملىرى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېچىسى خوتەندە يەنە بىر قېتىم بۇلاڭچىلىق، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ كېتىشتى.

## 2 ـ يىرىم يىلدىكى زور ۋەقەلەر

1934 ـ يىلنىڭ 1 ـ يېرىمى ماجۇڭيىڭ ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتى بىلەن ئۆتتى. 2 ـ يېرىمى شىنجاڭدا تىكلەنگەن يېڭى ھۆكۈمەت دەۋرىگە توغرا كەلدى. بۇ مەزگىلدىكى ۋەقەلەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ۋەقە

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەردىكى تۇڭگانلار قىسمى پۈتۈنلەي كەتكەن بولۇپ، شەھەر تىنچلىقىنى ساقلاشقا رىشتەمىنىڭ ئەسكەرلىرىلا قالدۇرۇلغانىدى.

بىرنەچچە ئايدىن بېرى شەھەر قاتتىق چۆلدەرەپ كەتكەن بولۇپ، خەلق پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېزىلارغا چىقىپ كەتكەنىدى.

تۇڭگانلار كېتىشى بىلەن، ئۇستۇن ئاتۇش بىرىگادىسىدىكى ئەسكەرلەرنى بىرنەچچە يۈز كىشى پولك كوماندىرى ئابدۇغوپۇر داموللام ۋە پولك كوماندىرى ئىدرىس ئاكىلارنىڭ باشچىلىقىدا تاغدىن چۈشۈپ شەھەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ كۈنى قەشقەر شەھىرى بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى. يېزىغا چىقىپ كەتكەن كىشىلەر قايتىپ كېلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە ماكانلاشتى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قەشقەر خەلقىنىڭ يەنە بىر خۇشاللىق كۈنى بولدى. چۈنكى بۇ كۈنى مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

مەھمۇت مۇھىتى بۇرۇنقى «جۇمھۇرىيەت»نىڭ باش شتابى يەنى ئىلگىرىكى دوتەي يامۇلغا ئورۇنلاشتى. پولك كوماندىرى قۇربان نىياز گاجىدىنىڭ ئەسكەرلىرى ھېيتگاھ مەيدانى ۋە يارباغ ئەتراپىدىكى سودا دۇكان ـ سارايلىرىغا، پولك شتابى بولسا ئەنجان كوچىسىدىكى ئاخۇنبايوف ئابدۇرېھىم ۋە ئابدۇللا بايۋەچچىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتى. غوپۇر تۆەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 1 پولك ئەسكەر يۇملاق شەھەر قەلئەسىدىكى گازارمىلارغا، پولك شتابى مەرھۇم تۆمۈر سىجاڭ چۈشكەن ھىسامىدىن باينىڭ بېغىغا ئورۇنلاشتى. قۇربانىنىيازنىڭ قارىمىقىدىكى 2 ـ ليەن بىرمەزگىل شەھەر ئامانلىقىنى قوغدىدى. مەھمۇت سىجاڭ گارنىزون قوماندانلىقىنىمۇ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

مەھمۇت مۇھىتى كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، گۇڭ جىڭخەن دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقىدا 1 خەنزۇ پولك يېڭى شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. گۇڭ جىڭخەن گۆشكەن يۈسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ مەنسى «ھال سورىغۇچى» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ «تەشۋىق ئارقىلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش» ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەنىدى.

ئاز كۈندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ماشاۋۋۇ يېڭى شەھەردىن يۇملاق شەھەر قورغانچىسىدىكى دوتەي يامۇلغا كۆچۈپ كىردى. بۇ كۈنلەردە كونا شەھەرگە ياقۇپبەگ «لاۋسى» ھاكىم ئىدى.

## 2 ـ ۋەقە: ماشاۋۋۇغا قىلىنغان قەست

ماشاۋۋۇ كۈندۈزلىرى يامۇلغا كىرىپ ۋەزىپە ئۆتىسە، كەچقۇرۇن شەھەردىن بىرنەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى كاتتا بېغىغا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ چۈشكەن ئىزۋاش (پوچتا) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە 30 دەك قوراللىق مۇھاپىزەتچى ئۇنى قوغداپ ماڭاتتى.

9 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچ سائەت 5 لەر ئۆپچۆرىسىدە ئۇ ئادەت بويىچە بېغىغا چىقىپ كېتىپ باراتتى. ئالتە بازار تەۋەسىدىن ئۆتۈپ سايلىقتا كېتىۋاتقاندا، ئالدى ـ ئارقىدىن بىر گۇرۇھ ئۇزۇن چاپانلىق قوراللىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ماشاۋۋۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى

www.kitaphumar.com

ئۇلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. يالغۇز قالغان ماشاۋۇنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ، ئاران تەسلىكتە بىر پانا جايغا مۆكۈنۈۋېلىپ قۇتۇلدى. نامەلۇم قورالللىقلار بىرقانچە تال قورالنى ئولجا ئېلىپ غايىپ بولدى. ماشاۋۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىپ داۋالاندى.

3 - ۋەقە

ماشاۋۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بولغان بىرنەچچە تۇڭگان يىگىت ماشاۋۇنى تاشلاپ غايىپ بولدى. بۇلار يول ئارىلاپ يوشۇرۇنچە يەكەن دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. يەكەن دەرياسى «چېگرا جاي» بولۇپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ماخۇسەن قوشۇنى، بۇ تەرىپىدە پولات تۆەنجاڭ قوشۇنى بار ئىدى. تۇڭگان يىگىتلەر يېتىپ بارغان كېچىسى دەريانى ساقلاۋاتقان بەئىدى لىيەنجاڭ ئەسكەرلىرى بىخۇدلۇق قىلىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۇڭگانلار پوستتىكى ئەسكەرلەرنىڭ قورالللىرىنى ئېلىپ دەريادىن ئۆتۈپ ماخۇسەن تەرەپكە بەدەر تىكىۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن قاراۋۇللار قاتتىق جازالاندى، ۋەزىپىگە سۇسلۇق قىلغان بەئىدى لىيەنجاڭ قەشقەردە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىندى.

4 - ۋەقە

ماشاۋۇ قەشقەردە بىر مەزگىل دۋالانغان بولسىمۇ، ئوق بىر پۇتىنى چېقىۋەتكەچكە، چەتتە داۋالىنىشقا توغرا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلدى. ئۇ سوۋېتتا بىر مەزگىل داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولدى. 1937 - يىل 9 - ئايدا خوجانىياز ھاجى قاتارلىق 10 نەچچە كىشى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ ئىز-دېرەكسىز يوقالدى.

5 - ۋەقە

10 - ئايدا ئۈرۈمچىدىن سابىق شەرقىي شىمال پىدائىي قىسىملىرى (ئاتالمىش خاڭخوزا) نىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان لوبىن گارنىزون قوماندانى بولۇپ قەشقەرگە كەلدى. لوبىن ئەسلى گېنېرال لېيتېنات دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ، بويى پاكار، دوغۇلاق، بۇرنى پاناق، قوۋ-مەككار ئادەم ئىدى. مەھمۇت مۇھىتى مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى بولدى. گوڭ جىڭخەن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋالىي بولدى.

## 6 ـ ۋەقە: قەشقەردە تازىلاش ئىشلىرى

قەشقەر كوناشەھەرنىڭ بۇرۇنقى ھاكىمى ياقۇپ بەگ خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۇرپانلىق ھەمدۇللا ئەپەندى ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

ياقۇپ بەگ ئەسلى خەنزۇ شۆتاڭدا ئوقۇپ، كېيىن ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ بىلىملىك بولۇپ يېتىشكەن كىشى ئىدى. كېيىنچە خەنزۇچە بالا ئوقۇتۇپ «لاۋسى» (ئوقۇتقۇچى) دەپ ئاتىلىپ قالغان. خەنزۇچە ئىسمى ماخۇيۇ ئىدى. ئۇ ئىنقىلابتىن ئىلگىرى بىر مەزگىل سەمەن، سىرىغقول (تاشقورغان) ناھىيىلىرىگە ھاكىم بولغان. بىر مەزگىل قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ھەيئىتى قەشقەردە قۇيدۇرغان تەڭگە (كۇمۇش پۇل) نازارەتچىسى بولغان. 1933 ـ يىلى قىرغىزلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن قەشقەر كونا شەھەرگە ھاكىم بولغان. تۇڭگانلار دەۋرىدە يۇرتنى ئالۋان ـ ياساق بىلەن قاتتىق ھالسىراتقانىدى. شۇ سەۋەبلىك ياقۇپبەگ، ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپبەگ ۋە تۇڭگانلار ۋاقتىدا شەھەر قوغداش قوماندانى بولغان ئىبراھىم لوزۇڭلار گۇناھكار سۈپىتىدە ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى.

## 7 ـ ۋەقە: ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدىكى قىرغىز قوشۇنىنىڭ باستۇرۇلۇشى

ئوسمان ئېلى ئۇلۇغچاتلىق قىرغىز بولۇپ، 1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ماشاۋۋۇ تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەسكەرلىككە ئېلىنغان. ئۇ مارالبېشى تۇمشۇقتىكى سوقۇشتىن كېيىن قىرغىز ئەسكەرلەرنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. 1933 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەشقەرنى ماشاۋۋۇدىن تارتىۋېلىش قوماندانى دېگەن نامغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ماجەنساڭغا قارشى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا كامازا بىرىگادىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاچقا، بىرىگادىرلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان. بۇ ئىش ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، ئاقىۋەتتە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. بۇ خىزمىتى بەدىلىگە ماجەنساڭ ئۇنىڭ «سىجاڭ» لىق ئەمىلىنى بەرگەن.

ئۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ رەسمىي «سىجاڭ» لىق تونىنى كەيگەن بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە يەنە تۇڭگانلارغا ئالدىنىپ، قەشقەر يېڭى شەھەر ئۇرۇشىنىڭ 6 ـ ئايغا سوزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. 10 ـ ئايدا «ئىستىقلالىيەت تەشكىلاتى» تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، قاغىلىققا سۈرگۈن قىلىنغان. مافۇيۈەن باستۇرۇپ كەلگەندە، قاغىلىقتىن قايتىپ كېلىپ، قالدۇق قىرغىز ئەسكەرلىرىنى توپلىغان، تۇڭگانلار قەشقەر شەھىرىدە قىرغىنچىلىق

قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللانماي، ئەكسىچە رەقىبى قىرغىزمۇ ئورازغا ئوت ئاچقان. ئوراز تاغدا پەيدا بولۇپ قالغان «تۆتىنچى» لەرنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، ئوسمان ئەلىنى تاغدىن قوغلىغان. ئوسمان ئەلى تاغدىن چۈشۈپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ پاناھىغا سىغىنغان بولسىمۇ، ئۇ شەھەردە ئۆزىنى گېنېرال دەپ ئاتاپ غادىيىۋالغانلىقتىن، مەھمۇت سىجاڭ «2-تۆمۈر سىجاڭ پاجىئەسى» نىڭ تۇغۇلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى قولغا ئالدى. ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ تاغقا قايتۇردى. ئوسماننى بىرقانچە يېقىنى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە يوقالدى. ئورازبەگ گەرچە «تۆتىنچى» لەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئوسمان ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكەنكى «جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى» دە ھەربىي نازىر بولغانلىقى، تاغدا توپىلاڭ چىقىرىپ خەلق تىنچلىقىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، تاغدا جىمىتقۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تالاش-تارتىش قىلىدىغان «توپىلاڭچى»لار ھەرىكىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

## 8- ۋەقە

ئاتۇشلۇق رىشىتەم تۇڭگىنلارنىڭ «پارتىزانلار قوماندانى» بولغان بولسىمۇ، ماخۇسەندىن ئايرىلىپ مەھمۇت سىجاڭغا تەسلىم بولغانىدى. ئۇ قۇربان نىياز پولكىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، تازىلاش دائىرىسىدىكى يامان ئادەملەر قاتارىدا قورالسىزلاندۇرۇلۇپ مۇددەتلىك قاماققا ئېلىندى. ئەسكەرلىرى يۇرتىغا قايتتى. رىشىتەم جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ ئائىلىسىگە قايتقان بولسىمۇ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن چاقىرىلىپ، ئېتىزلىقتا ئېتىپ تاشلاندى.

## 9- ۋەقە

10- ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەھمۇت سىجاڭ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى كۆڭ شىن جىجاڭلار ئىشتىراكىدا شەھەردە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش توغرىلىق بىر مەجلىس ئېچىلدى. يىغىن ئورنى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىچىدە ئىدى. جامەنىڭ رىشاتكا تېشىدىكى مەدرىسە دەپ ئاتالغان قىسمىغا رەئىس سەھنىسى ياسىلىپ، سۇن جۇڭشەننىڭ رەسمى ئېسىلغانىدى. بۇ ئىشقا خەلق قاتتىق غەزەپلەندى. «ئىبادەت ئورنىغا رەسىم ئاسقانلىق مەسچىتكە بۇت تىكلىگەنلىك بولمامدۇ؟» دېيىشكەندى.

www.kitaphumar.com

مۇھەممەت رېھىمباي (ئاخۇنبايوف) كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن بۇ ئىشنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى رەھبەرلىككە يەتكۈزدى. بۇ، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش شۇئارى تۈۋلىنىۋاتقان پەيت بولغاچقا، بۇ پىكىر «قۇتراتقۇلۇقنىڭ باشلىنىشى» دەپ قارىلىپ، ئاخۇنبايوف قاماققا ئېلىنىدى. بۇ كىشى مەلۇم مۇددەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قاماقخانىسىدا ياتقان بولسىمۇ، جىنايىتى بەدىلىگە شىتەي يامۇلى بىلەن دوتەي يامۇلىنى يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېرىم ياساپ بېرىشنى ھۆددە قىلىپ قاماقتىن چىقتى.

## 10 ـ ۋەقە

بۇ قېتىمقى تازىلاشتا ئۆزبېك سېتىۋالدىجانمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنىدىكى ئۆزبېك بولكىنىڭ باشلىقى ئىدى. يېڭى شەھەر ئۇرۇشى جەريانىدا ۋەزىپىسىنى يۇسۇپجان قۇربېشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بانكا مۇدىرى، قەشقەر ھىلال ئەخمەر (قىزىل كىرست) جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق مەمۇرىي خىزمەتكە ئالمىشىۋالغانىدى. تۇڭگانلاردىن يېڭى شەھەرنى تالىشىش ئۇرۇشى كۈچەيگەن مەزگىلدە، چەتكە چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ پاسپورت ۋە يول خېتى بولمىغاچقا، چېگرىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن. تاشقورغانغا كەلگەندە تۇتۇلۇپ يېڭى شەھەرگە قاماپ قويۇلغان.

يېڭى شەھەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە خانئېرىق، يوپۇرغا پىدائىيلىرىنى تەشكىللەپ، كالتەك، چوماق كۆتۈرۈپ ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، ئۇزۇن شوتىلارنى ياساپ يېڭى شەھەر سېپىلىگە ھۇجۇم قىلغان مەشھۇر ئەيسا ھاجىممۇ قاماقتا بولۇپ، بۇ كىشى سېتىۋالدىجان بىلەن بىر كۈندە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

## 11 ـ ۋەقە: ئۆزبېك پولكىنىڭ يوقىتىلىشى

يۇسۇپجان قۇربېشى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇڭگانلار ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان مەزگىلدە، بۇ جايدا تۇرۇشقا ئىمكان تاپالماي، چەتكە كېتىش ئۈچۈن قوشۇنىنى ئېلىپ تاشقۇرغانغا كەتكەنىدى. لېكىن بۇلارنى تاشقورغاندا تەشكىللەنگەن زەمىر مۇھەممەت باشچىلىقىدىكى تاجىك ئەسكەرلەر چېگرىدىن ئۆتكۈزمىدى. سۇيۇپجان ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، پەقەت ئامال بولمىدى. شۇڭلاشقا خېلى بىر مەزگىلگىچە تاشقورغاندا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. تۇڭگانلار كېتىپ قەشقەردە يېڭى ھۆكۈمەت يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، يۇسۇپجان قۇر بېشىنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ ئەمدى باش ئېگىپ قەشقەرگە قايتىشنى خالىمايتتى. ئاخىرى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى

ۋە ئابدۇراخمان قۇر بېشى، ئارپچان قۇربېشىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشقورغاندىن قايتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن مەلۇم ساندىكى ئادەملەر يېڭىسارىدا تۇرۇشلۇق 1 ـ پولك تەركىبىگە قوشۇلدى. قالغانلىرى مارالبېشىدا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىندى. يۈسۈپجان ئۆردەكلىك دېگەن جايغا كەلگەندە، مارالبېشىغا بېرىشتىن يالتايدى. ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ تۇغرا كېسىپلا سېرىق بۇيىغا كەتتى. قالغان قۇربېشىلار مارالبېشىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق رۇس پولكىنىڭ باشلىقى چېرنىيوف ئۇلارنى ياخشى قارشى ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇدى. يۈسۈپجاننىڭ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان چېرنىيوف دەرھال ماشىنا بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىپ قوغلىدى. رۇس ئەسكەرلىرى يۈسۈپجاننى سېرىق بۇيىدا ئارام ئېلىۋاتقان جايىدىن تاپتى. يۈسۈپجان 10 ـ 12 ياشلار چامىسىدىكى ئوغلىنى ئاتقا مىنگەشتۈردى ـ دە، 2 ئادىمى بىلەن تاپانچىسىدىن ئوق ئۈگەن پېتى بۇسۇپ چىقىپ كەتتى. قايناۋاتقان قازانلار قايىنغان پېتى قېپقالدى. ئادەملىرى تەسلىم بولۇپ قورالسىزلاندۇرۇلدى. يۈسۈپجان قۇربېشىنىڭ رۇس پولكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسكەرلىرىمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، سەركەردىلىرى كېچىدە جىمىقتۇرۇلدى، «كېرەكسىز» دەپ قارالغانلىرى ئازاد قىلىندى.

يۈسۈپجان قۇر بېشى قورشاۋدىن سالامەت چىقىپ جاڭگال بويلاپ مەكىتكە كەلدى. ئۇ يەردە دوستى ئۆزبېك ئىشاننىڭ ھىمايىسىدە چوڭقۇرچاق دېگەن جايدا قۇم ئارىسىدا جان ساقلاپ، 3 يىلدىن كېيىن، ساندۇقتىكى تىللالىرى بېشىغا چىقىپ، ئۆز ئادەملىرى قولىدا ئۆلدى.

## 12 ـ ۋەقە: يېڭى شەھەردە قوزغىلاڭ

گېنېرال لوبىننىڭ قوشۇنىدىكى مەلۇم بىر پولكتا تۇڭگانلار كۆپرەك بولۇپ، بۇلار ماجۇڭيىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتكەن ئەسكەرلەر ئىدى. بۇلار يىلنىڭ ئاخىرى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ئىش لوبىننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. تۇڭگانلار لوبىننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن كېچىچە ئېتىشىپ تەڭ كېلەلمەي، تاڭ ئېتىشى بىلەن شەھەردىن چېكىنىپ يېڭىسار تەرەپكە قاچتى. لوبىن قوغلىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلىرى ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە، مەھمۇت سىجاڭدىن ياردەم تىلىدى. مەھمۇت سىجاڭ 2 ـ پولكتىن ئابدۇشۈكۈر ليەنجاڭنى 86 نەپەر ئەسكەر بىلەن قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئالدى تەرەپتىن سەمەت ھاجىنىڭ 1 ـ پولكى توستى. ئىسيانچىلار ئوتتۇرىدا قېلىپ يېڭىشەھەر بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى ئات باقىدىغان مەيدانغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار بۇ يەردە بىرەر ئايدەك قاپسىلىپ يېتىپ، ئاخىرى خوتەنگە يول بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا يول بېرىلدى ھەم يېڭىساردىن ئۆتكەندە قورشاۋغا ئېلىنىپ قورالسىزلاندۇرۇلدى.